2
2003

# تىل ۋە تەرجىمە

# LANGUAGE AND TRANSLATION

# 语言与翻译



ٴتىل جانە اۋدارما

تىل جانا قوتورمو

ISSN 1002-9036

# ئاپتونوم رايونلۇق تىل- يېزىق كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى




يىغىن مەيدانىدىن كۆرۈنۈشلەر



ش ئۇ ئا ر خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى.

ئاپتونوم رايونلۇق تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى 2003- يىل 2- ئاينىڭ 20- كۈنىدىن 21- كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، ناھىيە (شەھەر)لىرىدىن كەلگەن تىل- يېزىق خىزمىتىگە ئاساسلىق مەسئۇل رەھبەرلەر (تىل- يېزىق كومىتېتى مۇدىرلىرى) ۋە ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ ھەرقايسى بۆلۈم، باشقارمىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بولۇپ 60 تىن ئارتۇق كىشى يىغىنغا قاتناشتى.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى نۇرلان ئابىلمەجىن يىغىندا مۇھىم سۆز قىلدى ھەمدە ئاپتونوم رايونىمىزدىكى بارلىق تىل- يېزىق خىزمەتچىلىرىدىن «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى قەتئىي ئىزچىللاشتۇرۇپ، تىل- يېزىقنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇش، قوش تىل ئۆگىنىشنى پائال قانات يايدۇرۇش ۋە تىل- يېزىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.



ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد ئېلى يىغىندا دوكلات بەردى.

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى مۇھەممەد ئېلى يىغىندا دوكلات بەردى.(ئاخىرى 5- بەتتە)




ئاپتونوم رايونلۇق تىل- يېزىق كومىتېتلىرى [illegible] خاتىرە سۈرىتى

# تىل ۋە تەرجىمە

(پەسىللىك ژۇرنال)

2003 ـ يىل 2 ـ سان
(ئومۇمىي 145 ـ سان)

1982 ـ يىلدىن باشلاپ
نەشر قىلىندى

ھەر پەسىلنىڭ ئوتتۇرا
ئېيىنىڭ 20 ـ كۈنى
نەشردىن چىقىدۇ

ئۇيغۇر، خەنزۇ، قازاق،
موڭغۇل، قىرغىز تىللىرىدا
نەشر قىلىنىدۇ

باش مۇھەررىر
**مۇھەممەد ئېلى**

مەسئۇل مۇھەررىر
**ئابدۇزاھىر تاھىر**

مۇھەررىر، قوشۇمچە
جاۋابكار كوررېكتور
**مۇنىرە ئابدۇۋەلى**

مۇقاۋىنى پىلانلىغۇچى
**ئا . ت . مۇراد**

## مۇھىم ھۆججەت ـ مۇھىم ئىشلار

ئاپتونوم رايونلۇق تىل ـ يېزىق كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز.......................نۇرلان ئابىلمەجىن 1
مۇدىر مۇھەممەد ئېلى ئاپتونوم رايونىمىز تىل ـ يېزىق خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى..................... (ئا. ت. مۇراد) 6
ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش لايىھىسى.............................. 7

## تىل تەتقىقاتى

تور دەۋرى ۋە تور تىلى.......................ئۆتكۈر ئابدۇرەھمان 10
ھال بېقىندى جۈملە توغرىسىدا............. ئۆمەرجان تۇردى، دىلشات يۈسۈپ 13
جۇڭگەكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش..................... ئارزۇگۈل شېرىپ 17
قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىكى ئەمەلناملىرى..................... ئايگۈل مۇھەممەد 21
ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر ھەققىدە..... ئايشەمگۈل ئابدۇرېشىت 23
«تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە « ـ كۆل» ۋە « ـ گىل» ھەققىدە..................... چىمەنگۈل مۇزەپپەر 26
ئاغزاكى ئوتتۇقلىرىمىزدىمۇ تىلىمىزنىڭ ساپلىقىغا ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆز ـ ئاتالغۇلارغا ھۆرمەت قىلايلى..................... مەدىنە ئابدۇرۇسۇل 27
ئانا تىلىمىزغا ھۆرمەت قىلايلى ۋە ئۇنى توغرا قوللىنايلى..... مىرزات يارمۇھەممەد 29

## تەرجىمە نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتى

قانۇن ـ نىزام ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىم..................... ۋاڭ رۇڭدې 31
تاماق ـ قورۇما ناملىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا............. نائىلجان تۇرغان 34
«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» (ئىككى توملۇق)تىكى قىسمەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا....... مۇھەممەدجان سۇلايمان 37
ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا..................... خانقىز روزى 39
مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىش ھەققىدە..... ئابلېلىم ھاپىز 41
士诉检察官 ئاتالغۇسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا..... ياسىن ئىسمائىل 42
凉粉 نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە تەكلىپ.......... مەتقاسىم مەنسۇر 42

## قېلىپلاشتۇرۇش تەتقىقاتى

«مەدەنىيەت»، «مەدەنىي»، «مەدەنىيلىك» سۆزلىرىنى توغرا قوللىنايلى..................... مىجىت تۇرسۇن 43

## بىزنىڭ ئالىم ـ مۇتەخەسسىسلىرىمىز

ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ باشلامچىسى، ئاتاقلىق تەرجىمان ـــ توختى باقى..................... مۇنىرە ئابدۇۋەلى 45

## ئىملا كۆزەتچىسى

كوررېكتورلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك.. مۇھەممەتتۇرسۇن داۋۇت 47

شنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى بىلەن شنجاڭ تەرجىمانلار جەمئىيىتىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەشر قىلىندى

«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى

(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي شىنخۇا يولى 41 - قورۇ 830001)
تېلېفون: 2887942 (0991)

ئۈرۈمچى «كېخېڭ» رەڭلىك باسمىچىلىق چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى

ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى دۆلەت ئىچىدە تارقىتىدۇ
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 16 - 58
مەملىكەتنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
(بېيجىڭ 399 - نومۇرلۇق خەت ساندۇقى)

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1002-9036

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1016 / H

چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى: Q1114

**باھاسى: 5.00 يۈەن**

باسما بۇيۇملاردا ئىملا قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش كېرەك..... باھارگۈل بېسىر 51
تىلىمىزدىكى «ئۆززە» ۋە «ئۇززە» سۆزلىرىنى توغرا پەرقلەندۈرەيلى.............................. رەيھان ھامۇت 53

## خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى

خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر دائىم سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى.............................. زەينەپ ھەسەن 54
خەنزۇ تىلىدىكى ئادەت سۆزلىرى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىملىقى.............................. پاتىمە ئابلىمىت 58
خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.............................. گۈزەل ئەخمەت 60

## چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشى

چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىدا مەدەنىيەت تونۇشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە.............................. ئەنۋەر قادىر 62

## تەكلىپ ۋە تەلەپ

ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنىڭ يېگى لايىھىسى ئۈستىدە ئىزدىنىش.............................. نىجات سوپى 66
ۋىۋىسكىلاردىكى خاتا تەرجىملەر توغرىسىدا.............................. جەننەت بارات 69
ۋىۋىسكىلارنىڭ ئىملاسىغا ئەھمىيەت بېرەيلى.............................. ئاينۇر قاسىم 71

## تىل - يېزىق، تەرجىمە ، ئاخبارات - نەشرىيات ۋە ئوقۇتۇش ئورگانلىرىمىز

ئىسلاھات ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى..............................(ئا.ت.مۇراد) 72

## كىچىك لۇغەت

قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن ئاتالغۇلار .............................. 53

## قىسقا خەۋەرلەر

ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنى ئۈرۈمچىدە ئېچىلدى.............................. (ئا. ت. مۇراد) (مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە)
كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس، پروفېسسور يولداش تۇرسۇن ئايۇپ ۋاپات بولدى.............................. 75
**ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە** .............................. 76

** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** ** **

**مۇقاۋىدا :** ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ باشلامچىسى، ئاتاقلىق تەرجىمان ـــتوختى باقى ئارتىشى ئەپەندى .

# 语言与翻译

(维吾尔文) 季刊

2003 年第 2 期

总第 145 期

1982 年 创刊

季中月 20 日出版

本刊用维吾尔、汉、哈萨克、柯尔克孜、蒙古五种文版出版

主办单位

新疆维吾尔自治区

民族语言文字工作委员会

新疆翻译工作者协会

总编

**穆罕默德．艾力**

主　编

**阿不都扎伊尔·塔伊尔**

编辑兼责任校对

**穆妮拉·阿不都外力**

编缉出版《语言与翻译》杂志社

地　址：乌鲁木齐新华南路 41 号

邮政编码：830001

电　话：(0991)2887942

印　刷：新疆科恒彩印有限公司

发　行：乌鲁齐市邮局

订　阅：全国各地邮局

邮局代号：58-16　定价：5.00 元

国外发行：中国国际图书贸易总公司

(北京 399 信箱)

国际标准刊号：ISSN 1002-9036

国内统一刊号：CN65-1016/H

国外发行刊号：Q1114



**要闻要事**

在自治区语委主任会议上的讲话 ………… 努尔兰·阿不都满金　1

自治区民语委主任穆罕默德·艾力提出了自治区今后的语言文工作任务……………………A.T. 穆拉德　6

推广使用少数民族人名汉字音译转写规则实施方案……………　7

**语言研究**

网络时代与网络语言初谈 ……………吾提库尔·阿卜杜热合曼　10

浅谈状语从句 …………… 吾买尔江·土尔迪,迪力夏提·王苏甫　13

塔城市维吾尔语的主要特点 ……………… 阿尔孜古丽·夏力甫　17

哈密王所使用过的部分官职名称 ……………阿依古丽·穆罕默德　21

论维吾尔语量词 ……………… 阿依夏木古丽·阿卜杜热西提　23

论《突厥语大辞典》中的附加成分"kul"和"gil" ………齐曼古丽·穆再排尔　26

口语中也要正确使用已规范的名词术语 ………………麦迪乃·阿卜杜如苏力　27

要尊重并正确使用母语 ………………米尔扎提·亚尔穆汗木德　29

**翻译理论与实践**

浅谈法律法规文件翻译中应注意的几个问题……………王荣德　31

谈采谱名称的翻译……………………………那力江·吐尔干　34

论《汉维大词典》中部分名词术语的维译……穆汗木德江·苏来曼　37

论谚语的翻译……………………………罕柯孜·如孜　39

论汉语同义词和近义词的维译………………阿卜列力木·阿皮孜　41

"主诉检察官"的维译之我见 ………………亚森·伊斯马伊力　42

"凉粉"一词的维译之我见…………………麦提喀斯木·曼苏尔　42

**规范化研究**

要正确使用"mədiniyət""mədəniy"和"mədəniylik?"三个词 ………………………… 米吉提·土尔孙　43

**封面人物**

当代维吾尔翻译事业的带头人之一、著名翻译家一托乎提·巴克先生 ……………………… 穆妮拉·阿不都外力　45

**出版物正字面面观**

校对人员必须认真履行义务 ………穆汗木德土尔孙·达吾提　47

一切印刷品都必须尊守正字规则 …………巴哈尔古丽·贝斯尔　51

不应忽视"θzrə"和"üzrə"两个词的正字规则………热伊汗·阿木提　53

**汉语教学**

初学汉语者常犯的语句错误及其改正对策 …………再娜甫·艾山　54

论汉语惯用语及其在汉语教学中的重要性…帕提麦·阿卜力米提　58

汉语教学中要认真对待汉语成语…………古再丽·艾合麦提　60

**外语教学**

外语教学中要重视所学语言的文化特点………安尼外尔·作迪尔　62

**建议与要求**

浅谈计算机用维吾尔文字的新方案 ……………尼加提·索皮　66

应正确翻译牌匾用字 …………………………杰乃提·巴拉提　69

牌匾用字也要尊守正字规则………………阿依努尔·作斯木　71

**语言文字,翻译,新闻出版和教学机构介绍**

改革中不断前进的新疆人民出版社维吾尔编辑部…A.T. 穆拉德　72

**小词典**

规范审定的有关非典型肺炎的名词术语…………………………53

**简讯**

新疆维吾尔自治区民语委主任会议在乌市召开…A.T. 穆拉德（封二）

沉痛掉念著名语言学家吐尔逊·阿尤甫教授…………………　75


根据国家新闻出版管理部门的解释，本刊发表的所有论文在评定职称和业务考核时，可以同本社出版的汉文版《语言与翻译》杂志上发表的论文一样视为《核心期刊》对待。

Language And Translation

Vol. 145, No. 2 May. 2003

# Contents of Main Essays

The Xinjiang Autonomous Region Language Committee Leaders Speeches. . . . . . . . . . . Nurlan Abilmajin 1
The Xinjiang Autonomous Region Language Committee Leader Muhammad Eli outlines The Committe's Future tasks. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . A. T. Murad 6
The Plan for Informing people of the correct method for writing Minority Personal Names in Chinese . . 7
Internet Times and Languages. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . Otkur Abdurahman 10
The peculiarities of the Uyghur Language in Qoqak. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . Arzugul Xerip 17
The names of those in outhorities during the time of the Komul Khan . . . . . . . . . . Aygul Muhammad 21
We must use Standardized Words in oral Speech to keep our Language pure. . . . . . . . Madina Abdurusul 27
The problems of translating Chinese Government Documents into Uyghur. . . . . . . . Wang rongde 31
Using the correct Uyghur Names for Food instead of the Chinese Names. . . . . Nailjan Turghan 34
The correct use of the words "madaniyat", "madaniy" and "madaniylik" . . . . . . . . Mijit Tursun 43
A Famous Translator and Pioneer in the field of Translation—Tohti Baki. . . . . Munira Abduwali 45
The Proofreader must diligently fulfill his Responsibilities. . . . . . . . . . Muhammadtursun Dawut 47
Published Material must follow standardized guidelines. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . Bahargul Besir 51
The Common Mistakes made by students studing Chinese and several possible Solutions. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . Zaynap Hasan 54
The Importance of using and teaching Phrases in the Chinese Language . . . . . . . Patima Ablimit 58
Introducing Culture is important in Teaching Forien Languages. . . . . . . . . . . . . . . . Anwar Kadir 62
A Discussion of the new plans for a Uyghur Computer Language. . . . . . . . . . . . . . . . Nijat Sopi 66
The Progress and Dewelopment of the Uyghur Department in The Xinjiang People's Publishing Hause. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . A. T. Murad 72
The Xinjiang Autonomous Region official Language Committee Leaders meeting opened in Urumqi. . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . A. T. Murad
The Famous Linguist, Proffessor Tursun Ayup passed away . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . . 75

Sponsered by: Spoken and Written Language Committee of Xinjiang Uighur Atonomous Region
Xinjiang Translators Assosiation
Edited and Published by 《Language and Translation》 Editorial Department
No: Southern Xinhua Rd, Urumqi
Postal Code: 830001 Tel: (0991) 2887942
Printed by 《Keheng》 Colour Printing Co. Ltd
Domestic Distributor: Urumqi Municipal Post Office
International Distributor: China International Book Company
Mailbox: 399 #

# ئاپتونوم رايونلۇق تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىدا سۆزلەنگەن سۆز

(2003 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 20 ـ كۈنى)

نۇرلان ئابلىمەجىن

(شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى)

يولداشلار:

بۈگۈن ئاپتونوم رايون بويىچە تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلار يىغىنىنى ئېچىۋاتىمىز. مەن يولداشلار بىلەن كۆرۈشكەنلىكىمدىن ئىنتايىن خۇشالمەن. بۇ قېتىمقى يىغىن پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تىل- يېزىق خىزمەتچىلىرىنىڭ 16 ـ قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك پارتكوم 4 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىرىنچى يىغىنىنىڭ روھىنى ئورۇنلاشتۇرۇشى بويىچە تىل- يېزىقنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى ئالغا سىلجىتىشتا ئىنتايىن مۇھىم ئەھمەيەتكە ئىگە. بۇ يەردە مەن ئالدى بىلەن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىگە ۋاكالىتەن تىل- يېزىق خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاپالىق ئىشلەۋاتقان تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى مۇدىرلىرىدىن ۋە ھەر مىللەت تىل- يېزىق خىزمىتى خادىملىرىدىن سەممىي ھال سورايمەن!

تۆۋەندە مەن بىرنەچچە تۈرلۈك پىكرىمنى ئېيتىپ ئۆتمەكچىمەن:

**بىرىنچى، ئىدىيىنى بىرلىككە كەلتۈرۈپ، تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، يېڭى دەۋردىكى تىل- يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش لازىم.**

ئاپتونوم رايونلۇق 6 ـ نۆۋەتلىك پارتكوم 4 ـ ئومۇمىي (كېڭەيتىلگەن) يىغىنى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق 10 ـ نۆۋەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى بىرىنچى يىغىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى بېكىتىپ، «2020 ـ يىلغا بارغۇچە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنى 2000 ـ يىلدىكىدىن ئىككى ھەسسە ئاشۇرۇش، ئېشىش نىسبىتىنى يىلىغا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 9.2 كە يەتكۈزۈش، بۇنىڭ ئىچىدە بۇنىڭدىن كېيىنكى 5 يىلدا ئىچكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئوتتۇرا ھېساب بىلەن % 10 تىن ئېشىشىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش كېرەك» دەپ ئېنىق ئوتتۇرىغا قويدى. بۇنداق ئېشىش نىسبىتى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ يېقىنقى يىللاردىكى ئىقتىسادىنىڭ ئېشىش نىسبىتىدىن يۇقىرى بولۇپ، ۋەزىپە ئىنتايىن جاپالىق دېيىشكە بولىدۇ. ئاخىرقى كۈرەش نەشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش ئۈچۈن، جايلار، تارماقلار، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە، پۈتۈن ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر مىللەت خەلقىنىڭ بىردەك ئىتتىپاقلىشىپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى پۇختا ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ.

16 ـ قۇرۇلتايدا، ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇشتا ئىلغار مەدەنىيەتنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇش، ساغلام، پايدىلىق مەدەنىيەتنى قوللاش، قالاق مەدەنىيەتنى تىرىشىپ ئۆزگەرتىش، چىرىك مەدەنىيەتنى قەتئىي توسۇش

ئوتتۇرىغا قويۇلدى. تىل - يېزىق خىزمىتى ئىلغار مەدەنىيەتنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ئاساسلىرىدىن بىرى، شىنجاڭدا تېخىمۇ شۇنداق. يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەر دەرىجىلىك تىل - يېزىق خىزمىتى تارماقلىرى تىل - يېزىق قانۇن - تۈزۈم قۇرۇلۇشى ۋە باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، قوش تىل ئۆگىنىشنى قانات يايدۇرۇش ۋە تىل - يېزىقنى ئۆلچەملەشتۈرۈش، قېلىپلاشتۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە نۇرغۇن خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك ئۈنۈملەرگە ئېرىشتى. ئەمما، بىز شۇنى كۆرۈشىمىز كېرەككى، تىل - يېزىق خىزمىتى ئۇزۇن مۇددەتلىك خىزمەت، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش شىنجاڭدىكى مىللەتلەرنىڭ ئىتتىپاقلىقى ۋە پىكىر ئالماشتۇرۇشنى قوزغىلاشتۇرۇش، مىللەتلەرنىڭ سالاپىتىنى ئۆستۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە چېگرا رايوننىڭ مۇقىملىقىنى قوغداش ئىشلىرىغا پايدىلىق. شۇنىڭ ئۈچۈن، ھەر دەرىجىلىك تىل - يېزىق خىزمەتچىلىرى چوقۇم ۋەزىيەتنى ئېنىق تونۇپ، زىممىسىدىكى مەسئۇلىيەتنىڭ ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىشى، ھەر مىللەت خەلقىگە يۈكسەك دەرىجىدە مەسئۇل بولۇش مەيدانىدا تۇرۇپ، 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەش، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەش تەلىپى بويىچە، يېڭى تەرەققىيات يولى، يېڭى ئۇسۇل بىلەن ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئالغا بېسىشىغا تۈرتكە بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزدا ئومۇمىيۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇش نىشانىنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا ياخشى ئاساس سېلىشى لازىم.

**ئىككىنچى، قوش تىل ئۆگىنىش خىزمىتىنى پۇختا قەدەم بىلەن ئىلگىرى سۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇش كېرەك.**

ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل - يېزىقى كۆپ تىل، كۆپ يېزىقلىق بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشىدە تىلنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. تىل بىلەن ئالاقىلەشكەندە ئاندىن پىكىر ئالماشتۇرغىلى بولىدۇ، پىكىر ئالماشتۇرغاندا ئاندىن ئۆزئارا چۈشىنىش ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ. مىللەتلەر ئۆزئارا پىكىر ئالماشتۇرغاندا، ئۆزئارا چۈشەنگەندە ئاندىن مىللەتلەر بۈيۈك ئىتتىپاقلىقىنى قولغا كەلتۈرگىلى بولىدۇ. يولداش جياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كەچۈرگەندە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق دېگەن: «زامانىۋى پەن - تېخنىكا ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئۆگىنىشتە تىلنىڭ رولى ئىنتايىن مۇھىم. تىل ئۇقۇشمىسا پىكىر ئالماشتۇرغىلى بولمايدۇ. ئۆگىنىش ۋە ئالاقىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن مىللەتلەر ئۆزئارا تىل توسالغۇسىنى تۈگىتىشى كېرەك. خەنزۇلار ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى ئۆگىنىشى، ئاز سانلىق مىللەتلەرمۇ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشى، شارائىتى يار بەرگەنلەر يەنە چەت ئەل تىلىنىمۇ ئۆگىنىشى لازىم، شۇنداق قىلغاندىلا دەۋرنىڭ تەلىپىگە ماسلىشالايدۇ.»

ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشىگە ئىزچىل ئەھمىيەت بېرىپ، جايلار ۋە تارماقلاردىن قوش تىل ئۆگىنىش خىزمىتىنى ھەقىقىي قانات يايدۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تۈرلۈك خىزمەتلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشنى تەلەپ قىلىپ كەلدى. نەچچە كۈن ئاۋۋال، شۈجى ۋاڭ لېچۈەن ئاپتونوم رايونلۇق تەشكىلىي خىزمەت يىغىنىدا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: «بۈگۈنكى دەۋردە پەن - تېخنىكا كۈنسېرى يېڭىلانماقتا، خەلقئارا ۋە ئىچكى بازارلاردىكى ئۆزگىرىش ئىنتايىن تېز ۋە چوڭ بولماقتا، تۈرلۈك يېڭى بىلىملەر ياكى ئۆلچۈملەرنىڭ ھەممىسىنى ھەرقايسى ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ تىل - يېزىقىغا ۋاقتىدا تەرجىمە قىلىپ بولۇش مۇمكىن ئەمەس، تىل - يېزىق توسالغۇسى تۈپەيلىدىن، ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى ئۆز ۋاقتىدا بۇ ئۆلچۈملەردىن خەۋەردار بولالمايدۇ، زامانىۋى ئىگىلىك، پەن - تېخنىكا، باشقۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى يېڭى بىلىملەرنى دېگەندەك ئىگىلىيەلمەيدۇ، بۇ مەيلى ئۆز سالاپىتىنى ئۆستۈرۈشكە بولسۇن، مەيلى رەھبەرلىك خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشكە بولسۇن زور تەسىر يەتكۈزىدۇ»، ئۇ مۇنۇلارنى تەلەپ قىلدى: «ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرى، بولۇپمۇ ئاساسىي قاتلاملاردىكى ئاز سانلىق مىللەت كادىرلىرىنىڭ خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشى ۋە پۇختا بىلىشى ئىنتايىن تە-

خىرىسىز ۋەزىپە، بۇ خىزمەتنى چوقۇم چىڭ تۇتۇپ، ئۇزۇن مۇددەت ياخشى ئىشلەش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇ كادىرلارمۇ ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى تىرىشىپ ئۆگىنىشى لازىم، ناھىيىدىن تۆۋەن بولغان، ئاز سانلىق مىللەتلەر توپلىشىپ ئولتۇراقلاشقان رايونلاردا خىزمەت قىلىدىغان خەنزۇ كادىرلار چوقۇم ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلىنى ئىگىلىشى ھەمدە پۇختا بىلىشكە تىرىشىشى كېرەك. تۈرلۈك ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، پۈتۈن جەمئىيەتتە قوش تىل ئۆگىنىدىغان، زامانىۋى پەن- تېخنىكا بىلىملىرىنى ئىگىلەيدىغان مۇھىت بەرپا قىلىش لازىم»، بۇ بىز تىل- يېزىق خىزمەتچىلىرىگە قويۇلغان يېڭى، تېخىمۇ يۇقىرى تەلەپ. مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىشى مىللەتلەرنىڭ تۈپ مەنپەئىتى ۋە كەلگۈسى مەنپەئىتىنى گەۋدىلەندۈرگەن بولۇپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىگە ئۇيغۇن. بىز مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشىنىڭ مۇھىملىقىنى مىللەتلەرنىڭ ساپاسىغا، شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتىغا، جەمئىيەتنىڭ ئالغا بېسىشىغا باغلاپ ئۇزۇن مۇددەت ئامان بولۇش ئىستراتېگىيىسى يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ھۆكۈمەتنىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىلىرىنى ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش تەشۋىقات سالمىقىنى كۈچەيتىپ، ئۆزئارا تىل ئۆگىنىش پائالىيەتلىرىنى پۇختا، ئۈنۈملۈك، چوڭقۇر، ئۇزۇن مۇددەت قانات يايدۇرۇشىمىز ھەمدە قېلىپلاشقان، تۈزۈملەشكەن دائىملىق ئىزىغا سېلىپ، ئاپتونوم رايونىمىز خەلق ئىگىلىكىنىڭ سىجىل، ساغلام، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلىشىغا ياخشى ئاساس يارىتىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىق ئومۇمىيىتى ئۈچۈن ياخشى خىزمەت قىلىشىمىز لازىم.

**ئۈچىنچى، تىل- يېزىق خىزمىتىنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ ، تىل- يېزىق خىزمىتىنىڭ يېڭى ساھەسى ھەققىدە ئۈزلۈكسىز ئىزدىنىشىمىز لازىم .**

دۆلەتنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش بىزنىڭ ئاساسىي دۆلەت سىياسىتىمىز، قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش بولسا ھۆكۈمەت فۇنكسىيىسىنى ئۆزگەرتىشنىڭ مۇھىم يۆنىلىشى. تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ سىياسەتچانلىقى كۈچلۈك، ۋەزىپىسى ئېغىر بولۇپ، نۇرغۇن جەھەتلەردە قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنى كۈچەيتىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

بۇ يىل 1 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ، تۈزىتىش كىرگۈزۈلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل- يېزىق خىزمىتى نىزامى» رەسمىي يولغا قويۇلدى. بۇ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل- يېزىق خىزمىتىنى قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇشنىڭ يېڭى بىر تارىخىي باسقۇچقا قەدەم قويغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. «نىزام»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىل يولغا قويۇش ھەر دەرىجىلىك تىل- يېزىق خىزمىتى تارماقلىرىنىڭ بۈگۈندىن كېيىنكى مۇھىم خىزمىتى. ھەر دەرىجىلىك تىل- يېزىق خىزمىتى تارماقلىرى «نىزام»نىڭ مۇھىم ئەھمىيىتىنى سىياسىيغا ئەھمىيەت بېرىش يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ تونۇپ «نىزام»نىڭ كەسكىنلىكىنى قوغدىشى لازىم. «نىزام»نى ئىزچىل يولغا قويۇشنىڭ تەشكىلىي رەھبەرلىك خىزمىتىنى ھەقىقىي ياخشى ئىشلەپ، ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ، تەدبىر بەلگىلەپ، تەلەپلەرنى ئېنىق قىلىپ، «نىزام»دىكى تۈرلۈك بەلگىلىمىلەرنى تىرىشىپ ئەمەلىيلەشتۈرۈش لازىم. ھەر دەرىجىلىك تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ مۇدىرلىرى «نىزام»نى ئۆگىنىش، تەشۋىق قىلىش ۋە ئىزچىل يولغا قويۇشتا باشلامچى بولۇشى، «نىزام»نى ئۆگىنىش، «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنىڭ نەمۇنىچىلىرىدىن بولۇشى لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ھەرقايسى ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ «نىزام»نى يېقىنقى مەزگىللىك تەشۋىقات خىزمىتىنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرىدىن قىلىشىغا تەشەببۇسكارلىق بىلەن ماسلىشىشى، «قانۇن تەشۋىقات كۈنى»، «پۇتۇگخۇا تەشۋىقات ھەپتىلىكى» قاتارلىق پائالىيەتلەردىن پايدىلىنىپ، «نىزام»نى پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تەشۋىق قىلىشى لازىم. «نىزام»نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش بىلەن بىللە، ئاپتونوم رايون ۋە ھەرقايسى ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەر ۋە ناھىيىلەر تىل- يېزىقنىڭ قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى، زۆرۈر بولغان قانۇن ئىجرا قىلغۇچى خادىملارنى سەپلىشى ھەمدە قانۇن ئىجرا قىلغۇچىلارنى تەربىيىلەپ، ئۇلارنىڭ قانۇن، سىياسەتلەرنى ئىگىلەش ۋە قوللىنىش

ئىقتىدارىنى ۋە قانۇن ئىجرا قىلىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ، تىل - يېزىقنى ھەقىقىي تۈردە قانۇن ئارقىلىق باشقۇرۇش لازىم. ئۇنىڭدىن باشقا، ھەر دەرىجىلىك تىل - يېزىق خىزمىتى تارماقلىرى «نىزام»نى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ئاچقۇچ قىلىپ، تىل - يېزىقنىڭ ئىلمىي تەتقىقاتىنى كۈچەيتىپ، تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش، ئۆلچەملەشتۈرۈشنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەپلا قالماستىن، پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە سەۋىيە سىناش، بىرىنچى، ئىككىنچى تۈردىكى شەھەرلەرنىڭ تىل - يېزىق باھالاش خىزمىتىنىمۇ ياخشى ئىشلەپ، دۆلەت تاپشۇرغان ۋەزىپىنى تولۇق ئورۇنداش ئۈچۈن كۈچ چىقىرىشى لازىم. بولۇپمۇ بۇ يىل زېھنىي كۈچنى يىغىپ بىرىنچى تۈردىكى شەھەر ئۈرۈمچىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى باھالاشنى ياخشى ئىشلەپ، دۆلەتنىڭ باھالاپ ئۆتكۈزۈۋېلىشىدا لاياقەتلىك بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش لازىم. باشقۇرۇش يوللىرىنى يەنىمۇ راۋانلاشتۇرۇپ، ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنى قوللىنىپ، جەمئىيەتتە قوللىنىلىدىغان تىل - يېزىقلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ، قېلىپلاشقان تىل - يېزىق قوللىنىش مۇھىتى يارىتىش كېرەك.

يېقىندا، ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى»، «ئاپتونوم رايونلۇق ئاز سانلىق مىللەتلەر تىلى بويىچە ئىملا، تەلەپپۇز سەۋىيىسىدىن سىناق ئېلىشنى يولغا قويۇش چارىسى (سىناق تەرىقىسىدە يولغا قويۇلىدۇ)» ۋە ئۇنى يولغا قويۇش تەپسىلىي پىرىنسىپىنى تۈزۈپ چىقتى، ئۇنى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى بەنگۈڭتىڭى تەستىقلاپ يولغا قويۇش ئۈچۈن تارقاتتى. نۆۋەتتە باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى ۋە فامىلە لايىھىسىنى يولغا قويۇش خىزمىتى نوقتىلىق ئىشلەنمەكتە. مېنىڭچە، بۇ ناھايىتى ياخشى ئىش، مانا بۇ يېڭى تەپەككۇر، شۇنداقلا «ئۇچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنىڭ ئەمەلىيەتتە قوللىنىلىشى بولۇپ، ھەر مىللەت خەلقىگە ئەمەلىي ئىش قىلىپ بېرىشتىكى يېڭى تەدبىر. مەن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ۋە جايلاردىكى تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ داۋاملىق تىرىشىپ، ئامما ئارىسىغا چۆكۈپ، تەكشۈرۈپ تەتقىق قىلىشنى كۈچەيتىپ، جايلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا ئاساسەن، تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ يېڭى ساھەسى ئۈستىدە ئىزدىنىپ، تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ شىنجاڭچە يېڭى يولىنى تېپىپ چىقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**تۆتىنچى ، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ ، ئورتاق كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىپ ، تىل - يېزىق خىزمىتىنى بىرلىكتە ياخشى ئىشلەش كېرەك .**

تىل - يېزىق خىزمىتى ئىجتىمائىي. تۇرمۇشنىڭ ھەممە تەرىپىگە چېتىلىدۇ، جايلار ۋە تارماقلار تىل - يېزىق خىزمىتىگە ئەھمىيەت بېرىشى ۋە ئۇنى قوللىشى، تىل - يېزىق خىزمىتىنى كۈندىلىك خىزمەتلەر كۈنتەرتىپىگە كىرگۈزۈشى، رەھبەرلىكنى كۈچەيتىپ، ئاپپاراتلارنى تولۇقلاپ، خادىملارنى تەيىنلىشى ھەمدە كېرەكلىك خىزمەت خىراجىتىنى ھەل قىلىپ بېرىشى لازىم. تىل - يېزىق خىزمەتلىرى، ئائىلىلى، «نىزام»نى تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش خىزمىتى، شەھەرلەر تىل - يېزىقنى باھالاش خىزمىتى، ئاز سانلىق مىللەت تىل - يېزىقىدا ئۇچۇرلارنى بىر تەرەپ قىلىش خىزمىتى، يولغا قويۇلۇش ئالدىدا تۇرغان ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى قاتارلىقلار ئاخبارات - تەشۋىقات، مائارىپ - سەھىيە، جامائەت خەۋپسىزلىكى، خەلق ئىشلىرى، سودا - سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش قاتارلىق نۇرغۇن تارماق ۋە ئورۇنلارغا چېتىلىدۇ. بۇ خىزمەتلەرنى پەقەت تىل - يېزىق خىزمىتى تارماقلىرىغىلا تايىنىپ ئىشلەپ كەتكىلى بولمايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ زىچ ماسلىشىشى، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىشىغا تايىنىش كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ھەر دەرىجىلىك پارتكوم، ھۆكۈمەتلەرنىڭ ئەھمىيەت بېرىشى ۋە قوللىشى تىل - يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشنىڭ مۇھىم ھالقىسى؛ ھەر دەرىجىلىك تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرىنىڭ پائال تەشەببۇسكار، تىرىشىپ ئىشلىق يارىتىدىغان بولۇشى تىل - يېزىق خىزمىتىنى ياخشى

ـىشلەشنىڭ ئاساسى؛ مۇناسىۋەتلىك تارماقلارنىڭ زىچ ماسلىشىشى، بىرلىكتە كۈچ چىقىرىپ هەمكارلىشىشى تىل-يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەشنىڭ مۇهىم شەرتى.

ئاپتونوم رايونلۇق 10 - نۆۋەتلىك خەلق هۆكۈمىتى 1 - ئومۇمىي يىغىنى جايلار ۋە تارماقلاردىن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق هۆكۈمىتى قارار قىلغان ئىشلارنى تولۇق ئىجرا قىلىشنى، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق هۆكۈمىتىنىڭ ئابرۇيىنى قەتئىي قوغداپ، قىل دېگەننى قىلىش، قىلما دېگەننى قىلماسلىقنى تەلەپ قىلدى. جايلار ۋە تارماقلار «نىزام» ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتىنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتىگە ئالاقىدار هۆججەتلىرىنىڭ روهىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئومۇملۇقنى مۇهىم بىلىپ، ئۆزئارا ياردەملىشىپ، ئۆزئارا چۈشىنىپ، بىر نىيەتتە كۈچ چىقىرىپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىشى لازىم. بۇمۇ سىياسىيغا، توغرا كەيپىياتقا ئەهمىيەت بەرگەنلىكنىڭ كونكرېت ئىپادىسى. تىل-يېزىق خىزمىتى تارماقلىرىمۇ تەشەببۇسكارلىق بىلەن باشقا تارماق ۋە ئورۇنلار بىلەن كۆپرەك ئالاقىلىشىپ، كۆپرەك ماسلىشىپ، ئۇلارنىڭ چۈشىنىشى ۋە قوللىشىنى قولغا كەلتۈرۈشى لازىم. يولداشلارنىڭ زىچ ئۇيۇشۇپ، بىر نىيەت بىر مەقسەتتە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل-يېزىق ئىشلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشتا يېڭى تۆهپە يارىتىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

يولداشلار، تىل-يېزىق خىزمىتى ئىنتايىن مۇهىم خىزمەت. بۇ يەردە ئولتۇرغان تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى ئۇزۇندىن بۇيان تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ بىرىنچى سېپىدە جاپالىق كۈرەش قىلىپ، ئاساسىي قاتلام ئۈچۈن، ئامما ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدى. ۋەزىپە ئېغىر، مەنزىل يىراق، يولداشلار پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيى روهىنى يېتەكچى قىلىپ، ئۈزلۈكسىز يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، خىزمەتلەرنى پۇختا ئىشلىشى، بۇرچىنى ئادا قىلىپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم ۋە ئاپتونوم رايونلۇق خەلق هۆكۈمىتى تاپشۇرغان بۇ شەرەپلىك ۋەزىپىنى تىرىشىپ ئورۇندىشى لازىم.

چاغان بىلەن هېيتنى ئەمدىلا ئۆتكۈزۈپ بولدۇق، كېچىككەن بولسامۇ يولداشلارنىڭ چاغان ۋە هېيتلىرىنى مۇبارەكلەيمەن. ئەڭ ئاخىرىدا يولداشلارنىڭ تېنىنىڭ سالامەت، خىزمەتلىرىنىڭ ئوڭۇشلۇق بولۇشىنى، هەممە ئىشلىرىنىڭ كۆڭۈلدىكىدەك بولۇشىنى تىلەيمەن!

كۆپچىلىككە رەهمەت!

(بېشى مۇقاۋىنىڭ 2 - بېتىدە )

مۇدىر مۇهەممەد ئېلى دوكلاتىدا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 1997 - يىلدىن بۇيانقى تىل-يېزىق خىزمىتىدە قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى خۇلاسىلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، بۇنىڭدىن كېيىنكى خىزمەتلەر ئۈستىدە توختالدى ۋە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ 2003 - يىللىق تىل-يېزىق خىزمىتىگە قارىتا 11 تۈرلۈك تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى.

يىغىنغا قاتناشقان ۋەكىللەر ئۆگىنىش ۋە مۇزاكىرە جەريانىدا تىل-يېزىق خىزمىتىنىڭ ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي مۇقىملىقى ۋە ئومۇميۈزلۈك گۈللەپ ياشنىشىغا مۇناسىۋەتلىك مۇهىم خىزمەت ئىكەنلىكىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈش بىلەن بىللە ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتى هەققىدە كۆپلىگەن پىكىر - تەكلىپلەرنى بەردى هەمدە ئۆزلىرىنىڭ ئۆز ئورۇنلىرىغا قايتىپ بارغاندىن كېيىن، بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روهىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئۆز جايىنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيدىغانلىقلىرىنى بىلدۈرۈشتى.

يىغىن ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل-يېزىق خىزمىتى كومىتېتى پارتگورۇپپىسىنىڭ شۇجىسى ۋۇجىڭشۇ خۇلاسە سۆزى قىلدى هەمدە بارلىق يىغىن قاتناشچىلىرىنىڭ بۇ قېتىمقى يىغىننىڭ روهىنى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل-يېزىق خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشقا تۆهپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

(ئا. ت. مۇراد خەۋىرى)

# مۇدىر مۇھەممەد ئېلى ئاپتونوم رايونىمىز تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى ۋەزىپىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى

ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ مۇدىرى يولداش مۇھەممەد ئېلى 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 20 - كۈندىن 21 - كۈنىگىچە ئۈرۈمچىدە ئېچىلغان ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرى مۇدىرلىرى يىغىنىدا بەرگەن دوكلاتىدا، ئاپتونوم رايونىمىز مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ 1997 - يىلدىن بۇيانقى نەتىجىلىرىنى ئەتراپلىق خۇلاسىلەش بىلەن بىرگە، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ بۇنىڭدىن كېيىنكى تىل - يېزىق خىزمەت ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە تەپسىلىي توختالدى.

مۇدىر مۇھەممەد ئېلى ئاپتونوم رايونىمىز تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى ئۈستىدە توختىلىپ مۇنداق دېدى: ئاپتونوم رايونىمىز تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى: دېڭ شياۋپىڭ نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى يېتەكچى قىلىپ، پارتىيە 16 - قۇرۇلتىيىنىڭ روھىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ۋە ئىزچىللاشتۇرۇپ، «دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى» ئاساسىدا، دۆلەتنىڭ تىل - يېزىققا ئائىت فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، ئىدىيىنى ئازاد قىلىپ، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەپ، دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلەپ، يول ئېچىپ يېڭىلىق يارىتىپ، تىل - يېزىق خىزمىتىنى ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئىسلاھاتى، مۇقىملىقى ۋە تەرەققىياتى، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت بەرپا قىلىشى ئۈچۈن تېخىمۇ ياخشى خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت.

مۇدىر مۇھەممەد ئېلى ئاپتونوم رايونىمىز تىل - يېزىق خىزمىتىنىڭ 2003 - يىللىق ئاساسلىق ۋەزىپىلىرى ئۈستىدە توختىلىپ، تۆۋەندىكىدەك 11 تۈرلۈك كونكرېت تەلەپنى ئوتتۇرىغا قويدى:

1. «جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى قانۇنى» ۋە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى»نى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىش، ئىزچىللاشتۇرۇش كېرەك؛

2. تىل - يېزىق باشقۇرۇشنى قانۇن بويىچە كۈچەيتىش، جەمئىيەتتە قوللىنىلىدىغان يېزىقلارنى قېلىپلاشتۇرۇش كېرەك؛

3. ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى تۈزۈش ۋە يولغا قويۇش ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل - يېزىقنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتىدىكى مۇھىم بىر قۇرۇلۇش. بۇ خىزمەتنى چىڭ تۇتۇپ ئورۇنداش كېرەك؛

4. ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىدا تۇراقلىق فامىلە قوللىنىش تېمىسى تەتقىقاتىنى ئەستايىدىل چوڭقۇرلاشتۇرۇش كېرەك؛

5. پۇتۇڭخۇانى ئومۇملاشتۇرۇش ۋە تەربىيىلەش، سىناش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك؛

6. ئاز سانلىق مىللەتلەر تىللىرى بويىچە ئىملا - تەلەپپۇز سەۋىيىسىدىن سىناق ئالغۇچىلارنى تەربىيىلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەش كېرەك؛

7. مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش كېرەك؛

8. تىل - يېزىقنى ئۇچۇرلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش كېرەك؛

9. مىللەتلەر ئارا ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەپ، قوش تىل ئۆگىنىشتە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش لازىم؛

10. تەرجىمە خىزمىتىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ، تەرجىمانلارنى تەربىيىلەش، تەرجىمە كەسپىي تېخنىكا خادىملىرىنىڭ ئۇنۋانىنى باھالاش خىزمەتلىرىنى ياخشى ئىشلەش لازىم؛

11. خودۇم موڭغۇل يېزىقىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنى داۋاملىق ياخشى ئىشلەش لازىم.

مۇدىر مۇھەممەد ئېلى ئاخىرىدا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى تىل - يېزىق خادىملىرىدىن زىچ ھەمكارلىشىپ، چوڭ ۋەزىيەت ئېڭى، مۇقىملىق ئېڭى ۋە ئىستېھكام ئېڭىنى مۇستەھكەم تۇرغۇزۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش ئۈچۈن تېگىشلىك تۆھپە قوشۇشنى تەلەپ قىلدى.

(ئا. ت. مۇراد خەۋىرى)

# «ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى»نى ئومۇملاشتۇرۇش لايىھىسى

**ئاپتونوم رايونلۇق تىل - يېزىق كومىتېتىنىڭ «‹ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى›نى ئومۇملاشتۇرۇش لايىھىسى»نى تارقىتىش توغرىسىدا ئۇقتۇرۇش**

ئىلى قازاق ئاپتونوم ئوبلاستلىق خەلق ھۆكۈمىتى، ئوبلاستلىق، شەھەرلىك، ناھىيىلىك (شەھەرلىك) خەلق ھۆكۈمەتلىرى، مەمۇرىي مەھكىمىلەر، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ تارماقلىرى ۋە بىۋاسىتە قاراشلىق ئاپپاراتلىرى:

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل - يېزىق خىزمىتى كومىتېتىنىڭ «‹ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى› نى ئومۇملاشتۇرۇش لايىھىسى»گە قوشۇلدى. ئۇنى سىلەرگە تارقاتتۇق. ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇشۇڭلارنى سورايمىز.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى ئىشخانىسى

2002 - يىل 12 - ئاينىڭ 25 - كۈنى

ئىسىم — كىشىلەرنىڭ خاس بەلگىسى بولۇپ، ئۇ ئۇزاق مۇددەتلىك ئىجتىمائىي ئالاقە جەريانىدا كىشىلەرنى بىر - بىرىدىن پەرقلەندۈرۈش ئېھتىياجىدىن بارلىققا كەلگەن. ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى مۇئەييەن قائىدە بويىچە توغرا يېزىش ياكى باشقا مىللەت كىشى ئىسىملىرىنى ئۆز مىللىتىنىڭ يېزىقىدا توغرا ئىپادىلەش مىللەتنىڭ ئالغا بېسىشى ۋە جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى، شۇنداقلا بۈگۈنكى تىل - يېزىق تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجى.

بۈگۈنكى جەمئىيەت تېز تەرەققىي قىلىۋاتقان ئۇچۇر جەمئىيىتى. يېڭى دەۋر، يېڭى ۋەزىيەت ھەربىر ئادەمنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ ھەرقانداق شارائىتتا بىر خىل يېزىلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. خەنزۇ تىل - يېزىقى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى. ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى خېلى ئومۇملاشقان بولۇپ، ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا دائىم قوللىنىلىدۇ. يېڭى جۇڭگو قۇرۇلغاندىن بۇيان كىشىلەر ئارىسىدىكى ئىجتىمائىي ئالاقە بارغانسېرى قويۇقلاشتى. بولۇپمۇ، ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشتىن كېيىن شىنجاڭنىڭ دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادىكى بېرىش - كېلىشلىرى بارغانسېرى كۆپەيدى. ئەمما، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىدا بىردەك ئۆلچەم بولمىغاچقا، پەقەت ئاز ساندىكى ئەرباپلارنىڭ ئىسىملىرىنىڭ مۇقىم خەنزۇچە يېزىلىشى بار بولغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا، مۇتلەق كۆپ ساندىكى كىشىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسى نەچچە خىل يېزىلىدىغان ئەھۋال دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەسىلەن: بەزى ئىسىملار سەلبىي مەنىدىكى خەنزۇچە خەت بىلەن يېزىلىپ، بەزى ئۇقۇشماسلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى؛ بەزى ئىسىملارنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى نوپۇستا بىر خىل، كىملىكتە بىر خىل، پاسپورتتا بىر خىل، ئايروپىلان بېلىتى، پېرېۋوت چېكى قاتارلىقلاردا يەنە بىر خىل بولۇپ، كىشىلەرنىڭ خۇسۇسىي تۇرمۇشىغا نۇرغۇن قىيىنچىلىق ۋە ئاۋارىچىلىكلەرنى كەلتۈرۈپلا قالماستىن، ئىجتىمائىي ئالاقە ۋە ئۇچۇرلاشتۇرۇش خىزمەتلىرىگىمۇ زور قولايسىزلىقلارنى كەلتۈرۈپ چىقاردى. بۇ خىل ئەھۋال نوپۇس باشقۇرۇش،

ئارخىپ باشقۇرۇش، ئەدلىيە ئورۇنلىرىدىكى دېلو بېجىرىش قاتارلىق خىزمەتلەرگىمۇ مەلۇم قىيىنچىلىق ئېلىپ كەلدى. شۇنىڭ ئۈچۈن، «ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى»نى تېزرەك تۈزۈپ چىقىپ، ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇشنى ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى كۆپ قېتىم ئوتتۇرىغا قويغانىدى. جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى ساھەلەرمۇ تەرەپ- تەرەپتىن مۇراجىئەت قىلغانىدى. مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، ئىسىم - فامىلە يېزىلىشىنىڭ قېلىپلىشىشىمۇ سوتسىيالىستىك مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى بىر تۇتاش قېلىپلاشتۇرۇش ئىنتايىن زۆرۈر.

يولداش جياڭ زېمىننىڭ «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسى پارتىيىمىزنىڭ پارتىيە قۇرۇش ئاساسى، ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسى، كۈچ - قۇدرىتىنىڭ مەنبەسى بولۇپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلەشتىمۇ مۇھىم يېتەكچى ئەھمىيەتكە ئىگە. ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇرۇش خىزمىتى مىليونلىغان ئائىلىگە چېتىلىدىغان ھەر مىللەت خەلق ئاممىسىنىڭ مەنپەئىتى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك خىزمەت. شۇڭا، تېگى- تەكتىدىن ئېيتقاندا، بۇ خىزمەتنى ياخشى ئىشلەش 16 - قۇرۇلتاي روھىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، «ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» مۇھىم ئىدىيىسىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈشنىڭ كونكرېت ئىپادىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت ئورتاق تىل - يېزىقى قانۇنى»نىڭ 25 - ماددىسىدا: «چەت ئەل كىشى ئىسىملىرى، جاي ناملىرى قاتارلىق خاس ئىسىملارنى دۆلەت ئورتاق تىل- يېزىقىغا تەرجىمە قىلىپ بېكىتىشنى گوۋۇيۈەن تىل- يېزىق خىزمىتى تارمىقى ياكى باشقا مۇناسىۋەتلىك تارماقلار تەشكىللەيدۇ» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرى، جاي ناملىرى قاتارلىق خاس ئىسىملارنى دۆلەت ئورتاق تىل- يېزىقىغا تەرجىمە قىلىش خىزمىتىنى دۆلەت مائارىپ مىنىستىرلىقى ۋە دۆلەت تىل - يېزىق كومىتېتى مەخسۇس تېما سۈپىتىدە ھەرقايسى ئاپتونومىيىلىك ئورۇنلارنىڭ تىل - يېزىق كومىتېتلىرىدىن مەسئۇل بولۇپ ئىشلەشنى ئېنىق تەلەپ قىلدى. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل- يېزىق خىزمىتى نىزامى»نىڭ 28 - ماددىسىنىڭ 2 - تارمىقىدا: «ئاز سانلىق مىللەت تىلىدىكى ئادەم ئىسمى، يەر نامىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشى ئاپتونوم رايوننىڭ ئالاقىدار بەلگىلىمىسى بويىچە بولىدۇ» دەپ بەلگىلەنگەن. كومىتېتىمىز دۆلەتنىڭ تەلىپى ۋە ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ يوليورۇقىنىڭ روھى بويىچە، شىنجاڭدىكى ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى تەتقىق قىلىش خىزمىتىنى چىڭ تۇتۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئالدى بىلەن «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى» (تۆۋەندە «قائىدە» دەپ قىسقارتىلدى)نى تۈزۈپ چىقتۇق، ئەمدى باشقا ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى كەينى- كەينىدىن ئىشلىمەكچى.

«ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى»نى كومىتېتىمىز ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتى بىلەن شۇغۇللانغان مۇتەخەسسىس، ئالىم ۋە تەرجىمانلارنى تەشكىللەپ قايتا- قايتا تەتقىق قىلىپ مۇزاكىرىلىشىش، ھەر تەرەپتىن پىكىر ئېلىش ئارقىلىق تۈزۈپ چىققان. بىز بۇ «قائىدە»گە ئاساسەن «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش تاۋۇش سېلىشتۇرما جەدۋىلى» (تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «تاۋۇش سېلىشتۇرما جەدۋىلى» دەپ ئېلىندى)نى تۈزۈپ چىقتۇق ھەمدە ئۆلگە قىلىپ ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنى توپلاپ، «قائىدە» بويىچە تەرجىمە قىلىپ، «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى، قوللانمىسى» (يۇمشاق دېتالىمۇ بار، تۆۋەندە قىسقارتىلىپ «قوللانما» دەپ ئېلىندى)نى تۈزۈپ نەشر قىلدۇردۇق.

ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى قوللىنىشنى ئۇتۇقلۇق يولغا قويۇش ئۈچۈن، نۆۋەتتە «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى»نى ئومۇملاشتۇرۇشقا تۆۋەندىكىچە تەكلىپ بېرىمىز:

1. ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش ھەمدە ئۇنىڭ ئەمەلىيلىشىشىگە ھەيدەكچىلىك قىلىش ۋە تەكشۈرۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. جايلارنىڭ مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتلىرى ۋە ھۆكۈمەت ئىشخانىلىرى ئۆز رايونىنىڭ ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىگە مەسئۇل بولىدۇ. ھەر دەرىجىلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى، مائارىپ، سەھىيە تارماقلىرى ئاكتىپ ماسلىشىشى، تەڭ كۈچ چىقىرىپ ھەمكارلىشىشى، ئەستايىدىل ئەمەلىيلەشتۈرۈشى لازىم.

2. ھەر دەرىجىلىك خەلق ھۆكۈمەتلىرى ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسىنى ئومۇملاشتۇرۇش خىزمىتىنىڭ مۇھىملىقى ۋە زۆرۈرلۈكىنى زور كۈچ بىلەن تەشۋىق قىلىپ، ھەممە ئادەمنى خەۋەردار قىلىشى لازىم. ئاخبارات ئورۇنلىرى ئاكتىپ ماسلىشىپ، تەشۋىقات خىزمىتىنى ئوبدان ئىشلىشى لازىم.

3. پارتىيە، ھۆكۈمەت ئورگانلىرى، سوت، تەپتىش مەھكىمىلىرى، جامائەت خەۋپسىزلىكى، ئەدلىيە، مەدەنىيەت، مائارىپ، سەھىيە، ئەمگەك، كادىرلار ئىشلىرى، ئاخبارات، نەشرىيات، ئاۋىئاتسىيە، پوچتا، خەلق ئىشلىرى، پۇل مۇئامىلە قاتارلىق تارماقلاردىكى كىشى ئىسىملىرىنى تىزىملاش بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولغانلىكى خادىملارنىڭ ھەممىسى ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى بويىچە تەربىيىلىنىشى كېرەك. «ئۇيغۇر كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى»نى قوللىنىشنى يولغا قويۇشتا تايانچىلارنى تەربىيىلەپ، بۇ خىزمەتنىڭ ئوڭۇشلۇق ئېلىپ بېرىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى 2003 - يىلى 1 - ئايدىن باشلاپ كەينى - كەينىدىن تەربىيىلەش كۇرسى ئاچىدۇ.

4. ئۇيغۇرلار 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنى سائەت 0 دىن كېيىن تۇغۇلغان بوۋاقلارنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنى نوپۇسقا تىزىملاتقاندا، چوقۇم «قوللانما» ۋە «تاۋۇش سېلىشتۇرما جەدۋىلى» بويىچە تەرجىمە قىلىپ يېزىشى كېرەك؛ ئۇيغۇر ئاتا- ئانىلار 2003 - يىلى 9 - ئايدىن بۇرۇن ئۆزلىرى قاراشلىق ساقچىخانىغا نوپۇس دەپتىرىنى ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇش يېشىغا يەتمىگەن بالىلىرىنىڭ ئىسمىنى قېلىپلاشقىنى بويىچە توغرىلاش ئىشىنى بېجىرىشى لازىم. 2003 - يىلى 9 - ئايدىن باشلاپ باشلانغۇچ مەكتەپكە كىرگەن ئوقۇغۇچىلارنى تىزىمغا ئالغاندا، مەكتەپ ئۇلارنىڭ ئىسىم- فامىلىسىنىڭ بىردەك «قوللانما» بويىچە «قائىدە»گە مۇۋاپىق بولغان- بولمىغانلىقىنى تەكشۈرۈشى، «قائىدە»گە مۇۋاپىق بولمىغانلىرىنى ئاتا- ئانىلاردىن شۇ جايدىكى ساقچىخانىلارغا بېرىپ توغرىلاپ كېلىشنى تەلەپ قىلىشى لازىم. 2003 - يىل 6 - ئاينىڭ 1 - كۈنىدىن باشلاپ 16 ياشقا توشۇپ كىملىك بېجىرگۈچىلەرنىڭ ئىسىم - فامىلىسىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى كىملىك تارقاتقۇچى ئورگان «قوللانما» ۋە «تاۋۇش سېلىشتۇرما جەدۋىلى» بويىچە قېلىپلاشتۇرۇپ يېزىشقا مەسئۇل بولىدۇ. يۇقىرىقىدىن باشقىلار ئىسىملىرىنى ئىختىيارلىق پىرىنسىپىغا ئاساسەن نۆۋەتتىكى ئادەتلەنگەن خەنزۇچە يېزىلىشى بويىچە قوللىنىۋەرسىمۇ، كىملىك يەڭگۈشلىگەندە «قوللانما» ۋە «تاۋۇش سېلىشتۇرما جەدۋىلى» بويىچە ئۆزگەرتىۋالسىمۇ بولىدۇ. بۇ خىزمەتنى ھەقىقىي ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن، دوختۇرخانا، مەكتەپ، جامائەت خەۋپسىزلىكى ساقچىخانىلىرى ۋە نوپۇس باشقۇرۇش تارماقلىرى ئەستايىدىل ئىشلىشى لازىم.

5. ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئىسمى ئۇيغۇر يېزىقى بىلەن يېزىلىدىغان باشقا ئاز سانلىق مىللەتلەر مۇشۇ «قائىدە» ۋە «تاۋۇش سېلىشتۇرما جەدۋىلى» بويىچە ئۆز ئىسمىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىشىنى قېلىپلاشتۇرسا بولىدۇ.

6. بۇنىڭدىن كېيىن قازاق، قىرغىز قاتارلىق ئاز سانلىق مىللەت كىشى ئىسىملىرىنىڭ خەنزۇچە يېزىلىش قائىدىسى توغرىسىدىكى «قوللانما» ۋە «تاۋۇش سېلىشتۇرما جەدۋىلى» كەينى- كەينىدىن تۈزۈلۈپ نەشر قىلىنىدۇ ۋە بۇ چارىدىن پايدىلىنىپ ئىجرا قىلىنىدۇ، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ھۆكۈمىتى قايتا بەلگىلىمە چىقارمايدۇ.

**(ئۇيغۇرچە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2003 - يىل 2 - ئاينىڭ 12 - كۈندىكى سانىنىڭ 8 - بېتىدىن ئېلىندى.)**



# تور دەۋرى ۋە تور تىلى



ئۆتكۈر ئابدۇرەھمان
(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى، قەشقەر 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** مەزكۇر ماقالىدە «تور دەۋرى»نىڭ شەكىللىنىشى، تەرەققىياتى، جۈملىدىن «تور تىلى»نىڭ بارلىققا كېلىشى، ھازىرقى تەرەققىيات ئەھۋالى ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر دەسلەپكى قەدەمدە قىسقىچە تەھلىل قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** كومپيۇتېر تورى؛ تور دەۋرى؛ تور تىلى؛ تور تىل تۈپى.

كومپيۇتېر تورىنىڭ بارغانسېرى ئومۇملىشىشى نۆۋەتتە دېيىلىۋاتقان تور دەۋرىنى شەكىللەندۈردى. تور دەۋرىدىكى تور ئالاقىسى ئۆزگىچە ئالاھىدىلىككە ئىگە بولغان «تور تىلى» نى بارلىققا كەلتۈردى. تۆۋەندە مەن تور دەۋرى ۋە تور تىلى ھەققىدە دەسلەپكى ھېس قىلغانلىرىمنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويىمەن. قاراشلىرىم بۇ ھەقتىكى تەتقىقاتلارغا تۈرتكە بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس.

## 1. تور ۋە تور دەۋرى

تور (كومپيۇتېر تورى ياكى ئىنتېرنېت) — بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر ئارىسىدا تېز ئومۇملىشىۋاتقان، كەڭ تارقىلىۋاتقان، كۆپلىگەن كىشىلەر ئىشلىتىۋاتقان ئالاقە شەكلىدۇر. ئۇ ئالاھىدە بىر دەۋردىكى كىشىلەرنىڭ پەۋقۇلئاددە ئىجتىمائىي ھالىتىنى ئىپادىلەيدۇ، شۇنداقلا مۇشۇ دەۋر كىشىلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تۇرمۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنىنى تەشكىل قىلىدۇ. توردىن ئىبارەت بۇنداق يېڭى ئىلغار، يېڭى زامانىۋى ئۇچۇر ـ ئالاقە شەكلىنىڭ بارلىققا كېلىشى بىلەن ئىنسانلار تور دەۋرىگە قەدەم قويدى. تور دەۋرى ياراتقان زامانىۋى مەدەنىيەت ھادىسىلىرى ئىچىدە «تور تىلى»نىڭ تۇتقان ئورنى بىرقەدەر مۇھىم بولۇپ، ئۇ بارلىق پەن ـ تەتقىقات، ئىجتىمائىي ئالاقە، مائارىپ، كومپيۇتېر تېخنىكىسىنى ئىگىلەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش قاتارلىق ساھەلەرنىڭ ھەممىسىگە كەڭ ھەم چوڭقۇر تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا، ئالدى بىلەن «تور تىلى»نى بارلىققا كەلتۈرگەن تور دەۋرى ھەققىدە قىسقىچە چۈشەنچە ھاسىل قىلىش زۆرۈر.

20 ـ ئەسىرنى كىشىلەر «ئۇچۇر دەۋرى»، «ئېلېكترون مېڭە دەۋرى»، «سىپىرلاشقان دەۋر»، «تور دەۋرى» دېگەندەك ھەر خىل ناملار بىلەن ئاتاشتى. لېكىن «تور»نى يەنىلا مۇشۇ دەۋرنىڭ ھەقىقىي بەلگىسى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى، «تور» پۈتكۈل يەر شارىنى كىچىك بىر كەنتكە ئايلاندۇردى، شۇنداقلا ئۇ كىشىلەرنى يېڭى بىر دەۋرگە باشلاپ كىردى، يېڭىچە تۇرمۇش شەكلىگە ئىگە قىلدى. بۈگۈنكى كۈندە كىشىلەر تور ئارقىلىق ناھايىتى تېزلا دۇنيانى بىلەلەيدۇ ۋە ئۇچۇر قوبۇل قىلالايدۇ. قىسقىسى، ئۇنىڭ پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ تۇرمۇش شەكلى ۋە ياشاش ئۇسۇلىغا كۆرسەتكەن تەسىرى مۆلچەرلىگۈسىزدۇر.

كومپيۇتېرنى ۋاسىتە قىلغان ئالاقە تورى 1982 ـ يىلى رەسمىي بارلىققا كەلگەن. ھازىر ئۇنىڭغا ئارانلا 20 يىل بولغان بولسىمۇ، لېكىن تورنىڭ ئومۇملىشىش سۈرئىتى ئىشەنگۈسىز دەرىجىدە تېز بولۇپ، ھازىر ئۇ پۈتكۈل يەر شارىنى قاپلىدى. شىنخۇا ئاگېنتلىقىنىڭ بىر خەۋىرىدە كۆرسىتىلىشىچە، يەرشارىدا ھەر كۈنى توردا يوللىنىدىغان ئېلېكترون يوللانمىلىرى تۆت مىليونغا يېتىدىكەن، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر مىنۇتتا 970 مىڭ ئېلېكترون يوللانمىسى يوللىنىدىكەن. يەنى، مۇنداقچە ئېيتقاندا، دۇنيادا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بەش ئادەمنىڭ بىرى ئالاقە توردا يوللانما يوللايدىكەن ياكى قوبۇل قىلىدىكەن. 1999 ـ يىلى 7 ـ ئايدىن 2000 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە يەرشارى بويىچە ئىنتېرنېت تورى

ئىشلەتكۈچىلەرنىڭ سانى 94.2% كۆپەيگەن. ئەگەر مۇشۇ سۈرئەتتە كۆپەيسە 2001 ـ يىلى 7 ـ ئايغىچە بولغان بىر يىلدا پۈتۈن يەرشارىدىكى تورداشلارنىڭ سانى 699 مىليونغا يېتىدىغانلىقى، تور بەتلىرىنىڭ سانى بولسا 2001 ـ يىلنىڭ دەسلەپىدىلا تۆت مىلياردقا يېتىدىغانلىقى مۆلچەرلەنگەن. پۈتۈن دۇنيادا ئىنتېرنېت تورى بىلەن ئۇلانغان كومپيۇتېرنىڭ سانى 1993 ـ يىلى پەقەت بىر مىليون 310 مىڭ بولغان بولسا، 2000 ـ يىلنىڭ بېشىدا كۆپىيىپ 72 مىليون 400 مىڭغا يەتكەن.

جۇڭگونى ئېلىپ ئېيتساق، ئىنتېرنېت تورى جۇڭگوغا 1994 ـ يىلى رەسمىي كىرىشكە باشلىغان. 1999 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 31 ـ كۈنىگە كەلگەندە، تورغا كىرگەن كومپيۇتېر ئۈچ مىليون 500 مىڭ بولغان، تور پونكىتلىرىنىڭ سانى 15153 بولغان. 2000 ـ يىلى 6 ـ ئايدىكى ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، جۇڭگودا تورغا كىرگۈچىلەرنىڭ سانى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر يېرىم يىلدا بىر قاتلانغان. ئەر ـ ئاياللارنىڭ تورغا كىرىش نىسبىتى ئاساسەن يېقىنلاشقان.

يۇقىرىدىكى سانلىق مەلۇماتلاردىن كۆرۈشكە بولىدۇكى، بۈگۈنكى دەۋرنى ھەقىقەتەن «تور دەۋرى» دېيىشكە بولىدۇ. بۇنداق «تور دەۋرى» نىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، «تور» جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىنى قاپلىغان بولىدۇ. مەسىلەن، مۇتەخەسسىسلەر توردا ئۆز تەتقىقاتىنى قانات يايدۇرسا، سودا ساھەسىدىكىلەر تور پونكىتلىرىنى قۇرۇپ سودا يوللىرىنى كېڭەيتىدۇ ۋە ئاسانلاشتۇرىدۇ؛ ئاخبارات ـ ئۇچۇر ساھەسىدىكىلەر تور ئارقىلىق دۇنيادىكى ھەرقانداق بىر ئۇچۇرنى تېز، ۋاقتىدا يەتكۈزۈش، قوبۇل قىلىش مەقسىتىگە يەتسە، كىشىلەر توردا كەڭ ـ كۈشادە پاراڭلىشىدۇ. شۇڭا، ئالىملار ئوخشىمىغان نۇقتىدىن «ئىنتېرنېت تورى ۋە ھازىرقى زامان مەدەنىيىتى» تېمىسىدا كەڭ ۋە چوڭقۇر مۇلاھىزە ئېلىپ بارماقتا. ئۇلار «ئىنتېرنېت تورى بىلەن جەمئىيەتنىڭ مۇناسىۋىتى»، «تور سىياسىتى»، «تور ئىقتىسادى»، «تور مەدەنىيىتى»، «تور ماتارىيى»، «تور سەنئىتى» قاتارلىقلار بىلەن بىرقاتاردا «تور تىلى» دىن ئىبارەت جەمئىيەتكە چوڭقۇر تەسىر قىلىۋاتقان يېڭى مەدەنىيەت ھادىسىسىگىمۇ يېقىندىن دىققەت قىلماقتا.

## 2. تور تىلى

تور تىلى — كومپيۇتېر توردا قوللىنىلىۋاتقان، بىرقەدەر خاسلىققا ئىگە بولغان تىلنى كۆرسىتىدۇ. ئۇ تور تىلى توپى، تور كەسپى ئاتالغۇلىرى، توردا پاراڭلاشقاندا ئىشلىتىلىدىغان تىل ۋە تور ناملىرى ئۈچۈن ئىشلەتكەن تىل ھەممە تور بىلەن مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئاتالغۇلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

«تور دەۋرى» نىڭ ئېھتىياجى بىلەن مەيدانغا كەلگەن «تورتىلى» نى مۇنداق ئۈچ چوڭ تۈرگە بۆلۈشكە بولىدۇ: 1) تور تىلى توپى؛ 2) تور كەسپىي ئاتالغۇلىرى؛ 3) تورغا مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئاتالغۇلار.

1) تور تىلى توپى — بۇ بىر خىل ئالاھىدە تىل بىرلىكى بولۇپ، ئوخشىمىغان تىل بىرلىكلىرىنىڭ ئايرىم ـ ئايرىم قوشۇلۇشى نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن بىرقاتار سۆز ياكى سۆز بىرىكمىلىرىنى كۆرسىتىدۇ. تور تىلى توپى تۆۋەندىكىدەك ئالاھىدىلىككە ئىگە:

(1) ئايرىم ـ ئايرىم قوشۇلۇش شەكلى بىلەن مەۋجۇت بولۇپ، ئوخشاش بىر تىل توپى ئىچىدە ئوخشاش بىر مەنىنى بىلدۈرۈپ، مۇشۇ خىل تىل توپىنىڭ سىرتقى ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرىدۇ.

(2) ئورتاق تىل بىرلىكىدىن سىرت بولغان مورفېما ياكى سۆز بۇ خىل تىل توپى ئىچىدىكى ئايرىم بىرلىكنىڭ پەرقلىق ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەيدۇ.

(3) ئوخشاش تىل توپىدىكى سۆزلەرنىڭ بىرىكىش شەكلى ئادەتتە ئوخشاش بولىدۇ.

(4) بىرىكىش شەكلى ئەركىن بولۇپ، پۈتكۈل بىرىكىش ئېچىۋېتىلگەن ھالەتتە بولىدۇ.

ئومۇمەن «تور تىلى توپى»، «تور»، «تورغا چىقىش»، «تەقلىدىي»، «ئېلېكترون» ياكى «e» قاتارلىق تورغا ئائىت بىر يۈرۈش سۆزلەر، ئوخشاش ئالامەتلەرنى ئاساس قىلىپ كەڭ قوللىنىلىۋاتقان بىرقىسىم سۆزلەرنى بىرىكتۈرىدۇ. ئۇلارنى ئوخشىمىغان تىل بىرلىكى بويىچە، ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئوخشىمىغان مورفېما ياكى سۆزلەر بىلەن بىرىكتۈرۈش ئارقىلىق يەنە بىرقاتار «تور تىلى توپى» نى ياساپ چىققىلى ھەمدە ئۇلار بىلەن تورغا ئائىت ھەرخىل شەيئى ـ ھادىسىلەرنى، ئۇقۇملارنى ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە شەيئى ـ ھادىسىلەرنىڭ شەكلى ۋە ئۇقۇمىدىكى ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى پەرقلەندۈرگىلى بولىدۇ.

«تور تىلى توپى»نىڭ گەۋدىلىك ئالاھىدىلىكى شۇكى، يېڭى سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ، ئىپادىلىگەن مەنە دائىرىسى كەڭ، قۇرۇلمىسى بىردەك بولۇپ، ھەممىسى دىگۇدەك ئىنقىلىغۇچى مۇناسىۋەتتە ياسىلىدۇ. مەسىلەن، تور دۇنياسى، تور بانكىسى، تور تەپەككۇرى، تور ئىقتىسادى، تور مۇزىكىسى، تور رايونى، تور پەلسەپىسى،

تور مۇھىتى، تور ماتارىيى، تور بازىرى قاتارلىقلارغا

يۇقىرىدىكى بىرىكمە ياكى ياسالما سۆزلەرنىڭ ھەممىسىدە «تور» سۆزى «تور تىلى توپى»نىڭ مەركىزى ھېسابلىنىدۇ. دېمەك، «تور» سۆزى كۈچلۈك ھاياتىي كۈچكە تولغان بولۇپ، ئۇ كىشىلەر ئىشلىتىۋاتقان تورغا ئائىت سۆزلەرنىڭ مەركىزىدە تۇرۇپ، سان ـ ساناقسىز يېڭى سۆزلەرنىڭ ياسىلىشىغا زېمىن ھازىرلاپ بەرگەن.

«تور تىلى توپى» دىكى يەنە بىر توپ ئۇقۇمنى بىلدۈرىدىغان «تەقلىدىي» سۆزى بىلەن بىرىكىپ ياسالغان سۆزلەردىن تەقلىدىي جەمئىيەت، تەقلىدىي كارخانا، تەقلىدىي بوشلۇق، تەقلىدىي مەكتەپ، تەقلىدىي دۇنيا، تەقلىدىي رايون، تەقلىدىي بانكا، تەقلىدىي رېئاللىق، تەقلىدىي دوستلۇق، تەقلىدىي ئادەم قاتارلىق كۆپلىگەن سۆزلەر بار.

يەنە بىر توپ ئۇقۇمدىكى «ئېلېكترون» سۆزى بىلەن بىرىكىپ ياسالغان سۆزلەردىن ئېلېكترون مېگە خەرىتىسى، ئېلېكترون مېگە پۇلى، ئېلېكترون مېگە ژۇرنىلى، ئېلېكترون مېگە ئالدامچىلىقى قاتارلىق كۆپلىگەن سۆزلەر بار.

«e» ھەرپىنى ئالساق، ئۇ Electronic سۆزىنىڭ باش ھەرپى بولۇپ، تور ئالاقىلىرىدە مۇشۇ ساھەگە مۇناسىۋەتلىك تىل توپىنى مەيدانغا كەلتۈرىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| «e» ئېلېكتر دەۋرى | «e» ئېلېكتر رايونى |
| «e» ئېلېكتر كۈچى | «e» ئېلېكتر تەتقىقاتى |
| «e» ئېلېكتر بازىرى | «e» ئېلېكتر ئادەم |
| «e» ئېلېكتر ئىقتىسادى | «e» ئېلېكتر دۆلىتى |

دىگەنلەرگە ئوخشاش.

يۇقىرىدا مىسال قىلىپ كۆرسىتىلگەن تور تىلى توپىغا دائىر سۆزلەر تور دەۋرىدە بارلىققا كەلگەن يېڭى ئۇقۇم ۋە يېڭى تەپەككۇر شەكىللىرىنىڭ ئومۇمى يۈزلىنىشىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇكى، ئىنسانىيەت تۇرمۇشى ئومۇميۈزلۈك ھالدا «تور دەۋرى»گە كىردى. تورلىشىشنىڭ پۇتكۈل جەمئىيەتكە بولغان تەسىرى غايەت زور بولۇپ، بۇ خىل چوڭ ئۆزگىرىش تىلدا ئەكس ئەتمەي قالمايدۇ.

ھەرقانداق تىل قانۇنىيەتلىك بولىدۇ، ئەلۋەتتە. تور تىلىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ھەرقايسى مىللەتلەرنىڭ تور تىلىمۇ ئۆز مىللىتىنىڭ تىلى ئاساسىدا بارلىققا كېلىدۇ. ئۇيغۇر تىلى سۆز ياساش ۋە تۈرلەش جەھەتتە بىر قاتار ئەۋزەل خۇسۇسىيەتلەرگە ئىگە بولۇپ، بۇ بىزنىڭ ئۆزىمىزگە خاس تور تىلى سىستېمىسىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشىمىزگە ياردەم بېرىدۇ.

2) تور كەسپىي ئاتالغۇلىرى — تورلىشىش بارلىققا كەلگەن 20 يىلدىن ئارتۇقراق ۋاقىت ئىچىدە، ئۇچۇر ۋە ئالاقىلىشىش تېخنىكىسى ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىپ، پۈتكۈل يەر شارى خاراكتېرىنى ئالغان نۇرغۇن تور كەسپىي ئاتالغۇلىرى مەيدانغا كەلدى. بۇنداق تور كەسپىي ئاتالغۇلىرىنى بىلىش ۋە تەتقىق قىلىش تور دۇنياسىغا كىرىش ۋە تور دەۋرىنى چۈشىنىشنىڭ ئاچقۇچى.

تور كەسپىي ئاتالغۇلىرى ئىنگلىز تىلىدىكى Internet، Computer دېگەن سۆزلەرنىڭ ئەسلىدىكى لۇغەت مەنىسى، ئاھاڭ تەرجىمىسى ۋە باش ھەرپىنى قىسقارتىپ يېزىش شەكىللىرىدىن پايدىلىنىپ تورغا دائىر سۆزلەرنى ياساش ۋە ئۇنى خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ئاتالغۇغا ئايلاندۇرۇش يوللىرى بىلەن مەيدانغا كەلتۈرۈلگەن ۋە كەڭ ئومۇملاشقان. مەسىلەن، كومپيۇتېر، ئىنتېرنېت، خەلقئارا تور دىگەندەك.

بىز ئۇقۇتۇش جەريانىدا مۇشۇ پرىنسىپ بويىچە ئانا تىلىمىزدا كۆپلىگەن ئاتالغۇلارنى ياساپ ئىشلەتتۇق. كۆپرەك ئاھاڭ تەرجىمىسىدىن پايدىلاندۇق. مەسىلەن:

پېنتيوم، ئۆزەك، ئىچكى ساقلىغۇچ، ئانا تاختا، چاستوتا، تىزىملىك، ئاساسىي ماشىنا، قاتلاملىق باغلىنىش، ئىزدەش تەرتىپى، سۇپا، يۇمشاق ماتېرىيال (دېتال)، قاتتىق دىسكا، يۇمشاق دىسكا، ھۆججەت، تېكىست، بىخەتەرلىك ئۇسكۇنىسى، ئورتاق دائىرە، بۇزۇق سېكتور، ماگنېتلىق دولقۇن، چايخانا، ئېلان تاختىسى، ئورتاق بەلگە، ئېلېكترون يوللانما، يىراقتىن تىزىملاش، تۈگۈن، ئالاقە زەنجىرى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئىنگلىز تىلىدىكى قىسقارتىلغان سۆزلەر ئاساسلىقى كومپيۇتېر ۋە تور كەسپىي ئاتالغۇلىرىدىن ئىبارەت. مەسىلەن:

BASIC (بېيسىك تىلى — بىر خىل تەرتىپ تۈزۈش تىلى)، IT (ئۇچۇر تېخنىكىسى)، PPP (چەپ — مۇلازىمەتچى ماشىنا ئۇچۇر لايىھىلەنگەن تىل)، CHAP (جۇڭگو، ياپونىيە، كورىيە ئۈچ دۆلەت نامىنىڭ توردا قىسقارتىپ يېزىلىشى)، CJK (ئىختىيارىي ساقلىغۇچتا تىنچ ھالەتتىكى ساقلىغۇچتىن ھاسىل بولغان ھەرىكەتچان ساقلىغۇچ)، EDORAM (تور كېلىشىمى)، IP (رەقەملەشتۈرۈلگەن مۇزىكا)، MP (بىخەتەر ئېلېكترون ئالاقىسى)، SET (دولقۇننى بۆلۈپ كۆپەيتىپ ئىشلىتىش)، WDM (توك ئۈزمەيدىغان سىستېما)، UPS (دەرىجىدىن تاشقىرى تېكىست ئۆلچەملىك تىلى) HTML قاتارلىقلارغا ئوخشاش. (ئاخىرى 16ـ بەتتە)

# ھال بېقىندى جۈملە توغرىسىدا

ئۆمەرجان تۇردى نەۋقىران ، دىلشات يۈسۈپ

(خوتەن مائارىپ ئىنستىتۇتى تىل- ئەدەبىيات كافېدراسى، خوتەن 848000؛
خوتەن شەھەرلىك 3 ـ ئوتتۇرا مەكتەپ، خوتەن 848000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان ھال بېقىندى جۈملىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە باشقا تۈردىكى بېقىندى جۈملىلەر بىلەن بولغان پەرقى ئەمەلىي مىساللار بىلەن قىسقىچە مۇھاكىمە قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ھال بېقىندى جۈملە؛ باش جۈملە؛ بېقىنىش؛ پەرق.

قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەر مەنە جەھەتتىن ئۆزئارا باغلانغان بولىدۇ. بۇلارنىڭ مەنە جەھەتتىكى مۇناسىۋىتى ۋە باغلىنىش ئۇسۇللىرى ھەر دائىم بىر خىل بولۇۋەرمەيدۇ. قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى بىر - بىرى بىلەن ئۆزئارا تەڭ دەرىجىدە مۇستەقىل باغلىنىدۇ، بەزىلىرى ئۆزئارا بېقىنىپ، بىرى- بىرىنى ئېنىقلاپ ياكى تولۇقلاپ كېلىدۇ. شۇڭا، قوشما جۈملىلەر تەركىبىدىكى ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشىغا قاراپ، ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملىلەرنى تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە ۋە بېقىندىلىق قوشما جۈملە دەپ ئىككىگە بۆلىمىز. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى تەڭداش باغلانغان قوشما جۈملە بىلەن بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ پەيدا بولۇش تارىخىغا نەزەر سالىدىغان بولساق، بەزىبىر بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ قوللىنىلىش تارىخى قوشما جۈملىلەرنىڭ قوللىنىلىش تارىخىغا قارىغاندا ئۇزۇن، ئۇنىڭ ئۈستىگە جەمئىيەتنىڭ، پەن - مەدەنىيەتنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە كىشىلەر تەپەككۇرىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، بېقىندىلىق مۇناسىۋەتتە باغلانغان قوشما جۈملىلەرنىڭ مەزمۇن دائىرىسى كۈندىن- كۈنگە تەرەققىي قىلىپ ۋە بېيىپ، تىلىمىزنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇپ كەلمەكتە. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى قوشما جۈملىلەرنى تەتقىق قىلىشتا كىشىنى خۇشال قىلىدىغان نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلگەن بولسىمۇ، لېكىن بۇ ساھەدىكى تەتقىقات تېخى چوڭقۇرلاشمىغان نۇرغۇن تېمىلار بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا. تۆۋەندە بىز ئۇزۇن يىللىق ئوقۇش- ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتىمىزدە ھېس قىلغان ھەم توپلىغان ماتېرىياللىرىمىزغا ئاساسەن، بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرنىڭ بىر تۈرى بولغان ھال بېقىندى جۈملە توغرىسىدا بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمىز.

ھال بېقىندىلىق قوشما جۈملە مەنە جەھەتتىن جۈملىنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرىگە ئوخشاپ كېتىدۇ. چۈنكى، ئەگەشمە بۆلەكلەر باش بۆلەكلەرگە ئەگىشىپ كېلىپ، باش بۆلەكلەرنى ياكى جۈملىدىكى ئوي- پىكىرنى ئېنىقلاش، تولۇقلاش، كېڭەيتىش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ھال بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرمۇ باش جۈملىدىكى ئوي- پىكىرنى ئېنىقلاش، تولۇقلاش رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن:

سەن قانداق ئوقۇساڭ ، مەن شۇنداق ئوقۇيمەن.
(ھال بېقىندى جۈملە) (باش جۈملە)

ئۇ كۈلۈپ سۆزلىدى. (ئاددىي جۈملە)

ئۇ خەتنى چىرايلىق يازىدۇ. (ئاددىي جۈملە)

يۇقىرىدىكى 1 ـ مىسالدا بېقىندى جۈملە ئاۋۋال باش جۈملىدىكى «شۇنداق» دېگەن سۆزگە باغلىنىپ، «قانداق» دېگەن بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ،

باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. 2-، 3- مىسالدىكى «كۈلۈپ، چىرايلىق» دېگەن ئەگەشمە بۆلەكلەر «قانداق» دېگەن بىرلا سوئالغا جاۋاب بولۇپ كېلىپ، «سۆزلىدى، يازىدۇ» دېگەن خەۋەردىن ئاڭلانغان ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى ئېنىقلاپ كەلگەن. بۇنىڭدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، بېقىندى جۈملە بولسۇن ياكى ئەگەشمە بۆلەكلەر بولسۇن، جۈملىدە ئۆتەيدىغان ۋەزىپىسى ئوخشاش بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بېقىندى جۈملىلەر ئادەتتە ئەگەشمە بۆلەكلەرگە بېرىلىدىغان سوئاللارغا جاۋاب بولۇپ كېلىدۇ. ئەمما، بۇنىڭدىن ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى بىلەن بېقىندى جۈملىلەرنىڭ تۈزۈلۈش شەكلى ئوخشاش دېگەن مەنە چىقمايدۇ. ئەگەشمە بۆلەكلەرنىڭ شەكلى بىلەن بېقىندى جۈملىلەرنىڭ شەكلى بىر- بىرىگە ئوخشىمايدۇ. ئاددىي جۈملىلەرنىڭ ئەگەشمە بۆلەكلىرى جۈملە ھېسابلانمايدۇ. قوشما جۈملىلەردىكى بېقىندى جۈملە بىر پۈتۈن جۈملە بولۇپ، ئۇنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگە، خەۋەر ۋە باشقا بۆلەكلىرى بولىدۇ. بېقىندى جۈملىلەر باش جۈملىنىڭ مەلۇم بىر بۆلىكىگە باغلىنىپ كېلىپ، شۇ بۆلەكلەرنى ئېنىقلاش، تولدۇرۇش رولىنى ئۆتەپ، ئوي- پىكىرنىڭ راۋان، توغرا بولۇشىغا شەرت ھازىرلىغان بولىدۇ.

ھال بېقىندىلىق قوشما جۈملە بەزىدە باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ قانداق بولغانلىقىنى توغرىدىن- توغرا بىلدۈرۈپ كەلمەستىن، بەلكى باش جۈملىدىكى ھالەتكە باغلىنىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سەن يىڭى كىيىملەردىن قانچىلىك ئالساڭ، مەنمۇ شۇنچىلىك ئالىمەن.

(ھال بېقىندى جۈملە) (باش جۈملە)

بۇ مىسالدا بېقىندى جۈملە ئاۋۋال باش جۈملىدىكى «شۇنچىلىك» دېگەن ھەرىكەت ھالىتىگە باغلىنىپ، شۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

ھال بېقىندى جۈملە ھەر دائىم باش جۈملىدىن بۇرۇن كېلىدۇ ۋە باش جۈملە بىلەن تۆۋەندىكى يوللار ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ:

1. ھال بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى رەۋىشداشتىن كېلىش يولى بىلەن باش جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىز مۇئەللىم تاپشۇرغان ۋەزىپىلەرنى ئورۇنداپ، مەكتەپنى رازى قىلدۇق.

ئۇ قىزىق ھېكايىلەرنى ئېيتىپ بېرىپ، ئوقۇغۇچىلارنى ئۆزىگە جەلپ قىلدى.

2. ھال بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا «سا، سە» قوشۇمچىلىرىنىڭ ئۇلىنىشى ئارقىلىق بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

مۇئەللىم مېنىڭ ئۆيۈمگە قانچە قېتىم بارغان بولسا، مەنمۇ شۇنچە قېتىم باردىم.

ئۇلار قانداق مەسلىھەت بەرگەن بولسا، مەن شۇنداق قىلدىم.

3. ھال بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بۇيرۇق رايىدىكى پېئىللاردىن كېلىپ، ئۇنىڭغا «سا، سە» قوشۇمچىسى ئۇلانغاندىن كېيىن شەخس، سان قوشۇمچىلىرى بىلەن تۈرلىنىش ئارقىلىق بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

سەن ئالمىدىن قانچىلىك ئالساڭ، مەنمۇ شۇنچىلىك ئالىمەن.

سەن خەنزۇ تىلى ئىمتىھانىدا قانچە ئالساڭ، مەنمۇ شۇنچىلىك ئالىمەن.

4. ھال بېقىندى جۈملىنىڭ خەۋىرى بولۇشسىز شەكلىدىكى رەۋىشداشتىن كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

ئۇ قاپىقىنى ئاچماي، يىغىن زالىدىن چىقىپ كەتتى.

ئۇ ھېچنىمە يېمەي، ئەمگەككە كەتتى.

ھال بېقىندى جۈملىلەرنىڭ باش جۈملىلەرگە باغلىنىپ كېلىش يوللىرى ۋاقىت بېقىندىلىق قوشما جۈملە، سەۋەب بېقىندىلىق قوشما جۈملە، شەرت بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. تۆۋەندە بىز مۇھاكىمىمىزنى تېخىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ھال بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ يۇقىرىدا كۆرسىتىپ ئۆتكەن بېقىندى جۈملە تۈرلىرىدىن پەرقلىنىپ تۇرىدىغان تەرەپلىرى ئۈستىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈپ باقايلى.

ئالدى بىلەن ھال بېقىندىلىق قوشما جۈملە بىلەن ۋاقىت بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ پەرقى ئۈستىدە توختىلايلى:

ھال بېقىندى جۈملىلەرنىڭ بەزىلىرى باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ قانداق بولغانلىقىنى توغ-

رىدىن- توغرا بىلدۈرۈپ كەلسە، بەزىلىرى ئاۋۋال باش جۈملىدىكى ھالەتكە باغلىنىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ قانداق ھالدا بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كېلىدۇ. ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ باش جۈملىنى ئېنىقلاش، تولۇقلاش رولىمۇ ھال بېقىندى جۈملە بىلەن ئوخشاش. بۇ ئىككى خىل جۈملىنىڭ بۇ خىل رولىغا قاراپ ئايرىش ناھايىتى تەس. ئۇلارنىڭ پەرقىنى تېپىش ئۈچۈن ھال بېقىندى جۈملىنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى بىلەن ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشىنى تەكشۈرۈشىمىز كېرەك. بۇ جەھەتتە ئۇلار روشەن پەرقلىنىدۇ. ھال بېقىندى جۈملە بولۇش ئۈچۈن قوشما جۈملە تەركىبىدىكى باش جۈملىنىڭ تەركىبىدە «شۇنداق، شۇنچىلىك، شۇقەدەر، شۇنچە قېتىم» قاتارلىق سۆزلەر كېلىپ، سۈپەت- ھەرىكەت ھالىتىنى بىلدۈرسە، بېقىندى جۈملىنىڭ تەركىبىدە باش جۈملىدىكى سۆزلەرگە ماس ھالدا «قانداق، قانچە، قانچىلىك، قانچە قېتىم» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر كېلىشى لازىم. ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ باش جۈملىسىنىڭ تەركىبىدە «شۇ چاغدا» دېگەنگە ئوخشاش ۋاقىتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەر كېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭغا ماس ھالدا ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ تەركىبىدە «قاچان» دېگەندەك سۆزلەر كېلىدۇ. ھال بېقىندى جۈملە بىلەن ۋاقىت بېقىندى جۈملىنىڭ تەركىبىي تۈزۈلۈشى ئوخشاش بولمىسىمۇ، لېكىن جۈملىنىڭ خەۋىرى ئۆزىنىڭ شەرت پېئىلىدىن كەلگەن شەكلى ئارقىلىق باش جۈملىلەرگە باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ باغلىنىش يولىغا ئەمەس، بەلكى تەركىبىي تۈزۈلۈشىگە قاراپ پەرقلەندۈرۈش كېرەك.

ئۇلار سوئالغا قانداق جاۋاب بەرگەن بولسا، مەنمۇ شۇنداق جاۋاب بېرىمەن.

(ھال بېقىندى جۈملە) (باش جۈملە)

قاچان ئوقۇش باشلانسا، شۇ چاغدا بىزنىڭ ئارزۇيىمىز ئەمەلگە ئاشىدۇ.

(ۋاقىت بېقىندى جۈملە) (باش جۈملە)

بەزى چاغلاردا ھال بېقىندى جۈملە بىلەن ۋاقىت بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى خەۋەرگە توغرىدىن- توغرا باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇنداق چاغدا ھال بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ سۈپەت- ھەرىكەت ھالىتىنى بىلدۈرۈشى، ۋاقىت بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ ۋاقىت ھالىتىنى ئېنىقلاپ، تولۇقلاپ كېلىشى كېرەك. مەسىلەن:

ئۇ دادىسىغا قىلچىمۇ پەرۋا قىلماي، سەھنىدىن چۈشۈپ كەتتى.

(ھال بېقىندى جۈملە) (باش جۈملە)

كۈن چىققاندا، بىز يېزىغا بارىمىز.

(ۋاقىت بېقىندى جۈملە) (باش جۈملە)

ھال بېقىندى جۈملىنىڭ باش جۈملىلەرگە باغلىنىپ كېلىش يوللىرى سەۋەب بېقىندى جۈملىلەرگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ ئىككى خىل بېقىندى جۈملە باش جۈملىگە ئۆزىنىڭ رەۋىشداشتىن كەلگەن خەۋىرى ئارقىلىق باغلىنىپ كېلىدۇ. شۇڭا، بۇ خىل جۈملىلەرنى پەرقلەندۈرۈشتە، ئۇلارنىڭ ئىچكى مەزمۇنىغا (ئىپادىلەنگەن ئوي- پىكىرگە) قاراش كېرەك. مەسىلەن:

ھېسام ئاكام قىزىق چاقچاقلارنى ئېيتىپ بېرىپ،

(ھال بېقىندى جۈملە)

تىل- ئەدەبىيات كافېدراسىدىكى ئوقۇتقۇچىلارنى كۈلدۈرۈۋەتتى.

(باش جۈملە)

ئۇنىڭ بېشى ئاغرىپ قېلىپ، دەرسكە قاتناشمىدى.

(سەۋەب بېقىندى جۈملە) (باش جۈملە)

ئالدىنقى مىسالدا ھال بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى «كۈلدۈرۈۋەتتى» دېگەن خەۋەرگە بىۋاسىتە باغلىنىپ، باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ ھالىتىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. كېيىنكى مىسالدا سەۋەب بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى «قاتناشمىدى» دېگەن خەۋەرگە توغرىدىن- توغرا باغلىنىپ، باش جۈملىدىكى ئىش- ھەرىكەتنىڭ سەۋەبىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن.

ھال بېقىندى جۈملە بىلەن شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ باش جۈملە بىلەن باغلىنىش يوللىرى بىر- بىرىگە ئوخشىشىپ قالىدۇ، يەنى بۇ ئىككى خىل بېقىندى جۈملە ئۆزىنىڭ رەۋىشداشتىن كەلگەن خەۋىرى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىپ كېلىدۇ. بۇلارنى پەرقلەندۈرۈشتە ئۇلارنىڭ تۈزۈلۈش ئالاھىدىلىكىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈشىمىز كېرەك. ھال بېقىندىلىق قوشما جۈملىنىڭ باش جۈملىسىنىڭ تەركىبىدە «شۇنداق، شۇنچىلىك، شۇ قەدەر، قانچە قېتىم» قاتارلىق سۆزلەر كەلسە، ھال بېقىندى جۈملىسىنىڭ تەركىبىدە شۇنىڭغا ماس ھالدا «قانداق، قانچە، قانچىلىك، قانچە قېتىم» دېگەندەك سۆزلەر كېلىشى كېرەك. شەرت بېقىندى جۈملىنىڭ تەركىبىدە شەرت مەنىسىنى كۈچەيتىدىغان «ئەگەر، ئەگەردە، ناۋادا، مۇبادا» دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلار كېلىشى كېرەك. شەرت پېئىلى ئارقىلىق باغلىنىدىغان بېقىندى جۈملىلەر تىلىمىزدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئۇلارنىڭ ھەممىسى شەرت بېقىندى

جۈملە بولىۋەرمەيدۇ. شەرت بېقىندى جۈملە بولۇش ئۈچۈن شەرت مەنىسىنى كۈچەيتىدىغان «ئەگەر، مۇبادا، ناۋادا» دېگەنگە ئوخشاش باغلىغۇچىلارنى (شەرت باغلىغۇچىلىرىنى) بېقىندى جۈملىنىڭ ئالدىغا قويىمىز، ئەگەر بۇ باغلىغۇچىلارنى قوبۇل قىلالىسا، شەرت بېقىندى جۈملە بولالايدۇ. يەنە بىر تەرەپتىن، شەرت بېقىندى جۈملىدە ئىپادىلەنگەن ئوي ـ پىكىرگە قارايمىز. مۇشۇ شەرتلەر هازىرلانسا، شەرت بېقىندى جۈملە بولالايدۇ. مەسىلەن:

سەن تاماقنى قانچە قېتىم يېسەڭ، مەنمۇ شۇنچە قېتىم يەيمەن.

(هال بېقىندى جۈملە)　　(باش جۈملە)

مۇبادا جوڭگودىكى ئەڭ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ تۈپكى مەنپەئىتىگە ۋەكىللىك قىلالىسا،

(شەرت بېقىندى جۈملە)

«ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش» قا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلالىدىم دېسەڭ بولىدۇ.

(باش جۈملە)

ئالدىنقى مىسالدا هال بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى «شۇنچە قېتىم» دېگەن هالەتكە باغلىنىپ، ئۇنىڭ ۋاستىسى ئارقىلىق باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق بولغانلىقىنى بىلدۈرگەن. كېيىنكى مىسالدا، شەرت بېقىندى جۈملە باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئورۇندىلىشى ئۈچۈن زۆرۈر بولغان شەرت مەنىسىنى ئىپادىلەپ، باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ئەمەلگە ئېشىش ـ ئاشماسلىقىنى جەزملەشتۈرۈپ كەلگەن.

هال بېقىندى جۈملە بىلەن قارشىلىق بېقىندى جۈملىلەرنىڭ خەۋىرى بولۇشسىز شەكىلدىكى رەۋىشداشتىن كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىلەر بىلەن باغلىنىش جەھەتتە ئۆزئارا ئوخشاپ قالىدۇ. بۇ ئىككى خىل جۈملىنى پەرقلەندۈرۈشتە، بۇ ئىككى خىل بېقىندىلىق قوشما جۈملىلەر ئىپادىلىگەن ئىچكى مەزمۇنغا قارايمىز. مەسىلەن:

ئۇ بىر يۇتۇم سۇمۇ ئىچمەي، دۈشمەنلەرگە باتۇرلارچە ئېتىلدى.

(هال بېقىندى جۈملە)　　(باش جۈملە)

بىز يامغۇر يېغىۋاتقىنىغا قارىماي، يولىمىزنى داۋاملاشتۇردۇق.

(قارشىلىق بېقىندى جۈملە)　　(باش جۈملە)

ئالدىنقى مىسالدا هال بېقىندى جۈملە خەۋىرى بولۇشسىز شەكىلدىكى رەۋىشداشتىن كېلىش ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىپ، باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ قانداق هالدا بولغانلىقىنى بىلدۈرۈپ كەلگەن. كېيىنكى مىسالدا قارشىلىق بېقىندى جۈملە ئۆزىنىڭ بولۇشسىز شەكىلدىكى رەۋىشداشتىن كەلگەن خەۋىرى ئارقىلىق باش جۈملىگە باغلىنىپ، باش جۈملىدىكى ئىش ـ ھەرىكەتكە قارشى قويۇلغان ئوي ـ پىكىرنى بىلدۈرۈپ، قارشىلىق مەنىسىنى ئىپادىلەپ كەلگەن.

يۇقىرىدا هال بېقىندى جۈملىنىڭ باش جۈملىلەر بىلەن بولغان باغلىنىش يوللىرى ۋە هال بېقىندى جۈملىلەرنىڭ ۋاقىت، سەۋەب، شەرت، قارشىلىق بېقىندى جۈملىلەر بىلەن بولغان پەرقى ئۈستىدىكى بەزى قاراشلىرىمىزنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۇق. كەسىپداشلارنىڭ بۇ ساھەدە يەنىمۇ ئىزدىنىپ كۆرۈشىنى تەۋسىيە قىلىمىز.

(بېشى 12 ـ بەتتە)

3) تورغا مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئاتالغۇلار—— تور دەۋرىدە تورغا مۇناسىۋەتلىك سۆز ـ ئاتالغۇلار جەمئىيەتنىڭ ھەممە ساھەلىرىگىچە كەڭ تارقالغان بولۇپ، ئادەم، ئىش، شەيئى، ھەرىكەت قاتارلىقلارنىڭ ھەممىسىگە چېتىلىدۇ. مەسىلەن، تۈگۈن، نۇقتا، ئۆزئارا تەسىر، تەقلىدىي، يوللاش، ئۇلاش، نۆۋەتتە ئۇلاش، ئاخىرقى نۇقتا، يەر شارىلاشتۇرۇش، يەرشارى كەنتى، قايچىلاشتۇرۇش، يۇقىرى سۈرئەتلىك ئۇچۇر يولى، ئۇچۇر ئورتاق گەۋدىسى، رەقەملەشكەن مەۋجۇتلۇق، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەت تورى قاتارلىقلارغا ئوخشاش.

ئىقتىساد ۋە مەدەنىيەتنىڭ يەر شارىلىشىشى كۈنسېرى تېزلىشىۋاتقان بۈگۈنكى دەۋردە، تورنىڭ رولى ئالاھىدە چوڭ بولماقتا. شۇڭا، تور دەۋرى ۋە تور تىلى، شۇنداقلا تورغا مۇناسىۋەتلىك مەسىلىلەر ھەققىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈش رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە.

**پايدىلانمىلار:**

[1] جۇرئەت مەمتىمىن قاتارلىقلار: «كومپيۇتېر ئىمتىھان يېتەكچىسى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000.

[2] هوشۇر ئىسلام قاتارلىقلار: «كومپيۇتېر مەدەنىيەت ئاساسلىرى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000.

[3] ۋاڭ كۈنلۈن، ۋاڭ يەن قاتارلىقلار: «كومپيۇتېر مەدەنىيىتىدىن ئاساس» (مىرشات لېتىپ، ۋېنىرا مۇساجانلار تەرجىمە قىلغان). ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2000.

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 - سان)
第 22 卷 ( 总第 145 期 )
Volume 22 ( General No. 145 )

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译 ( 维吾尔文 )
Language and Translation ( Uighur )

2003 - يىل 2 - سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

# چۆچەكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە دەسلەپكى ئىزدىنىش

**ئارزۇگۈل شېرىپ**

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى جۇڭگو تىللىرى فاكۇلتېتى، ئۈرۈمچى 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇزاق ۋاقىتلاردىن بېرى چۆچەك شەھىرىدە ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇرلارنىڭ تىل ئالاھىدىلىكى ئۈستىدە قىسقىچە تەھلىل يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** چۆچەك ئۇيغۇرلىرى؛ تىل؛ فونېتىكا؛ لېكسىكا؛ گراماتىكا؛ ئالاھىدىلىك.

چۆچەك شەھىرى تارباغاتاي ۋىلايىتىنىڭ مەركىزى بولۇپ، ئىلى ئوبلاستى تەۋەسىدە سىرتقا ئېچىۋېتىلگەن ۋە چېگرا ئىقتىسادىي ھەمكارلىق رايونى قىلىپ بېكىتىلگەن ئىككىنچى شەھەر، شۇنداقلا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى دۆلەت چېگرىسىغا ئەڭ يېقىن شەھەر. ئۇ چۆچەك ئويمانلىقىنىڭ شىمالىغا، تارباغاتاي تېغىنىڭ جەنۇبىي ئېتىكىگە جايلاشقان. چۆچەك شەھىرىنىڭ 1996 - يىلىنىڭ ئاخىرىدىكى ئومۇمىي نوپۇسى 128 مىڭ 323 (بىڭتۇەنىنىڭ شەھەردە تۇرۇشلۇق نوپۇسىنى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). بۇنىڭ ئىچىدە قازاقلارنىڭ نوپۇس سانى خەنزۇلارنىڭ نوپۇس سانىدىن قالسىلا ئىككىنچى ئورۇندا بولۇپ، نوپۇسى 21 مىڭ 835، شەھەر ئومۇمىي نوپۇسىنىڭ 15.22% ىنى ئىگىلەيدۇ. ئۇيغۇرلارنىڭ بولسا 4 مىڭ 852 بولۇپ % 39 . 3ىنى ئىگىلەيدۇ. مىللەت تەركىبىنى ئېلىپ ئېيتقاندا، چۆچەك شەھىرى قازاقلارنى ئاساس قىلغان كۆپ مىللەت ئولتۇراقلاشقان جاي. ئەينى زاماندىكى چۆچەك ئاھالىسىنىڭ كۆپ قىسمى شىنجاڭنىڭ جەنۇبىدىن ۋە چارروسىيە ئۆكتەبىر ئىنقىلابىدىن كېيىن، سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىدىن ھەر خىل سەۋەبلەر بىلەن كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ قالغان ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، خۇيزۇ، رۇس، داغۇردىن ئىبارەت ھەر مىللەتتىن تەركىب تاپقان تەرمە خەلقلەر بولۇپ، ئاھالە نوپۇسى 30 نەچچە مىڭ ئىدى. يەرلىك خەلق ئانچە كۆپ ئەمەس ئىدى. بۇلارنىڭ كۆپىنچىسى سودا - تىجارەتچىلەر، زىيالىيلار، مائارىپچىلار، دوختۇرلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق تېخنىكىسىدىن خەۋىرى بار كىشىلەر، قول ھۆنەرۋەنلەر ۋە باشقا ئىختىساسلىق كىشىلەر بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيىسى ئۆز زامانىغا نىسبەتەن خېلى يۇقىرى ئىدى. بۇ كىشىلەر چۆچەككە كەلگەندە، ئۆز جايلىرىنىڭ بەزى ئىلغار نەرسىلىرىنى، مەسىلەن، ئىلغار مەدەنىيىتىنى، ئىقتىسادىي ساھەدىكى بەزى يېڭىلىقلارنى ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىپ كەلگەن. دېمەك، ئۇيغۇر، قازاق، ئۆزبېك، تاتار، خەنزۇ، خۇيزۇ، رۇس مىللەتلىرى چۆچەك شەھىرىدە ئۇزاق مۇددەت ئورتاق ياشاش جەريانىدا، چۆچەك شەھىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش تەرەققىياتى، مائارىپ تەرەققىياتى قاتارلىقلارغا ئوخشىمىغان دەرىجىدە تۆھپىلەرنى قوشقان. ھەرقايسى مىللەتلەر ئورتاق ياشاش جەريانىدا، بۇ مىللەتلەرنىڭ تىللىرىمۇ بىر - بىرىگە ئوخشىمىغان دەرىجىدە تەسىر كۆرسىتىشكەن. ئالايلۇق، چۆچەك شەھىرىدە ئۇزاق مۇددەتتىن بېرى ياشاپ كېلىۋاتقان ئۇيغۇر خەلقى قازاق، خەنزۇ، رۇس، تاتار مىللەتلىرى بىلەن بىللە ياشاش جەريانىدا، ئوخشىمىغان دەرىجىدە بۇ مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان. ئەستايىدىل كۆزىتىدىغان بولساق، چۆچەكتىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىدا قازاقچە تەلەپپۇز پۇرىقىنىڭ بارلىقىنى، لېكسىكا جەھەتتە ئەتراپىدىكى ئوخشىمىغان تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلىنغانلىقىنى، گراماتىكا جەھەتتىمۇ ئۆزىگە خاس بەزى ئالاھىدىلىكلەرنى شەكىللەندۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. تۆۋەندە چۆچەك ئۇيغۇرلىرى تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا، گراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكلىرى توغرىسىدا دەسلەپكى ھېس قىلغانلىرىمنى

قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ، كەسىپداشلارنىڭ مۇلاھەزىسىگە سۇنىمەن.

**1. فونېتىكا جەھەتتە:**

ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم تاۋۇشلار چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا ئوخشاش تەلەپپۇز قىلىنمايدۇ.

(1) ئۇيغۇر تىلىدىكى «ئە» تاۋۇشى، چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا بەزى ۋاقىتتا «ئې» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | چۆچەك ئۇيغۇر تىلدا |
|---|---|
| مەن | مېن |
| سەن | سېن |

(2) ئەدەبىي تىلدىكى «ب» تاۋۇشى، چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا «م» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ. مەسىلەن:

| ئەدەبىي تىلدا | چۆچەك ئۇيغۇر تىلدا |
|---|---|
| بۇرۇن | مۇرۇن |
| بويۇن | مويۇن |

(3) ئەدەبىي تىلدىكى «ھ» تاۋۇشى، چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا «خ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

| ئەدەبىي تىلدا | چۆچەك ئۇيغۇر تىلدا |
|---|---|
| گۆھەر | گۆخەر |
| زەھەر | زەخەر |

(4) ئەدەبىي تىلدىكى «خ» تاۋۇشى بەزىدە «غ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

| ئەدەبىي تىلدا | چۆچەك ئۇيغۇر تىلدا |
|---|---|
| خەجلە | غەجلە |
| خوراز | غوراز |

(5) ئەدەبىي تىلدىكى «ش» تاۋۇشى بەزىدە «چ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

| ئەدەبىي تىلدا | چۆچەك ئۇيغۇر تىلدا |
|---|---|
| شاپىلاق | چاپىلاق |

(6) بۇلاردىن باشقا ئەدەبىي تىلدىكى«كونسېرت »، «توپ» قاتارلىق سۆزلەر چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا «كەنسېرت»، «دوپ» دەپ تەلەپپۇز قىلىنىدۇ.

دېمەك، چۆچەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا قىسمىدىكى ئۆزگىرىشنى ئېلىپ ئېيتقاندا، مەيلى ئۇلار ئەدەبىي تىل بىلەن پەرقلىنىپ تۇرسۇن، يا مەيلى قازاق تىلىنىڭ تاۋۇشلىرىنى ئۆزگەرتىپ قوبۇل قىلغان بولسۇن، تاۋۇشلارنىڭ تەلەپپۇز قىلىنىشىدا ئەدەبىي تىل بىلەن پەرق ھاسىل بولغان. قازاقچە تەلەپپۇزغا ئېغىپ كەتكەن. يەنى قازاقچىغىمۇ پۈتۈنلەي ئوخشاپ كەتمەيدىغان، ساپ ئۇيغۇر تىلىمۇ بولمىغان بىر خىل ھالەتنى شەكىللەندۇرگەن.

**2. لېكسىكا جەھەتتە:**

بىر تىلنىڭ ئۆزگىرىشى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ لېكسىكا قىسمىدا كۆرۈلىدۇ. چۆچەك ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ، قازاق، رۇس، تاتار، ئۆزبېك تىللىرىدىن نۇرغۇن سۆزلەر سىڭىپ كىرىپ، چۆچەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئالاھىدە سۆزلۈك تەركىبىنى شەكىللەندۇرگەن. مەسىلەن:

(1) قازاق تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر:

| چۆچەك ئۇيغۇر تىلدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئولتۇراق | پېتەك |
| قاشقىر | بۆرە |
| كىرپىش | خىش |
| ئورىمال | لۆڭگە |
| كۆرچە | قوشنا |

(2) رۇس تىلىدىن قوبۇل قىلىنغان سۆزلەر:

| چۆچەك ئۇيغۇر تىلدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| پاشكا | قاپ |
| كىلاس | سىنىپ |
| ناسكىي | پايپاق |
| كومسومول | ئىتتىپاق ئەزاسى |

(3) بۇلاردىن باشقا يەنە ئايال مۇئەللىم، ھەدە، ئاچا ۋە ياكى باشقا چوڭ ئاياللارنى ئاتىغاندا «ئاپپاي»، ئەر مۇئەللىملەرنى ئاتىغاندا «ئەۋزى» دېگەندەك سۆزلەرنى ئومۇميۈزلۈك ئىشلىتىدۇ. بۇنى تاتار تىلىدىن قوبۇل قىلغان.

دېمەك، چۆچەك شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلار ئۇزۇن مەزگىل ھەر خىل مىللەتلەر بىلەن ئورتاق ياشاش، ئورتاق ئىشلەش جەريانىدا تەبىئىي ھالدا بۇ مىللەتلەرنىڭ تىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، شۇنداقلا بۇ تىللاردىكى سۆزلەر ئوخشىمىغان شەكىل ۋە ئۇسۇللاردا چۆچەك شەھىرىدىكى ئۇيغۇرلارنىڭ تىلىغا سىڭىپ كىرگەن. شۇنىڭ بىلەن بىللە، قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم سۆزلەر چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا ساقلىنىپ قالغان. تۆۋەندە باشقا تىللاردىن چۆچەك ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرگەن ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان بىر قىسىم سۆزلەرنى ئەدەبىي تىلدىكى سۆزلەر بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرىمىز.

(1) ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ نامىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن ئەدەبىي تىلدىكى بىلەن ئوخشىمايدىغانلىرى تۆۋەندىكىچە:

| چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| قۇمغان | قول چۆگۈن |
| قۇمۇرا | بوتۇلكا |
| سارسۇ | ئاچچىقسۇ |
| چەلپەك | پوشكال |
| چارۋاق | سۇۋەت |
| توپراق | توپا |
| قايراق | بىلەي |
| مالىقاي | قۇلاقچا |
| چوگكا | كۇرۇشكا |
| شالۋار // شىم | ئىشتان |
| چىگە | مىق |
| قۇمۇسقا | ئۈمۈچۈك |
| كىلىت | ئاچقۇچ |
| كىلىت | ئامبار |
| داۋال | تام |
| چاقاي | ئاياغ |
| مىسكىي | كورا |
| ئىزبوش | هاك |
| تىگىنە | داس |
| بوپ | غىچ (كورتىكى بىر خىل شەكىل) |
| قىزىلتايىر | تاپان (كورتىكى بىر خىل شەكىل) |
| قولپاق | پەلەي |
| پەتەر | ئىجارە |
| تۆل | شال |

(2) ئادەم ۋە نەرسىلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى، خاراكتېرى قاتارلىقلارنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن:

| چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| سوپاق | سوزۇنچاق |
| بىتىسىز | يۈزسىز |
| كىتىك | پۇچۇق |
| تومپاق | سىمىز |
| سالاق | بولۇمسىز |
| چورت | كەسكىن |
| سۈيكۈمسىز | يېقىمسىز |
| تېرەن | چوڭقۇر |

(3) ئىش ـ هەرىكەتنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشىمايدىغانلىرى:

| چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| توساپ تۇرماق | ساقلاپ تۇرماق |
| تېلېفون سوقماق | تېلېفون ئۇرماق |
| قۇلىماق | ئۆرۈلۈپ چۈشمەك |
| بىلىقتۇرماق | قالايمىقان قىلماق |
| ساپىرماق | (سۇتنى) سورۇماق |
| كۆكۈل سورىماق | يوقلىماق |
| قايتىش بولماق | تۈگەپ كەتمەك |
| قايىرىماق | كەلتۈرمەك (قىز يىگىتنى) |
| چۆلدىمەك | ئۇسسىماق |
| ئىپتىمەك | ئاگلىماق |
| جايغاپ كەتمەك | ئوغۇرلاپ كەتمەك |
| جۆندىمەك | رەتلىمەك |
| قىدىرماق | قاتىرماق |
| ئۆپكىلىمەك | رەنجىمەك |
| ئەگمە سوقماق | قۇرۇق گەپ ساتماق |

(4) ئىش ـ هەرىكەتنىڭ ۋاقتى، هالىتىنى بىلدۈرىدىغان سۆزلەردىن ئەدەبىي تىل بىلەن ئوخشىمايدىغانلىرى:

| چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا | ئەدەبىي تىلدا |
|---|---|
| ئاياغ ـ ئاستىدىن | تۇيۇقسىز |
| پېشىن | چۈش |
| هەيۋەت ياكى ئەيۋەت | ئوبدان |
| ئەلپ | تېخى |
| پەلە | ئۇستا |
| ئەبدەن | تازا، بەك |

يىغىنچاقلىغاندا، باشقا تىللاردىن چۆچەك ئۇيغۇر تىلىغا سىڭىپ كىرىپ ئومۇملىشىپ قالغان ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر تىلىدىن ساقلىنىپ قالغان سۆزلەر چۆچەك ئۇيغۇرلىرىنىڭ تىلىدا خېلى سالماقنى ئىگىلەيدۇ. ئەمما، بۇ سۆزلەر ئەدەبىي تىل بىلەن پەرقلىنىپ تۇرىدۇ.

### 3. گراماتىكا جەھەتتە:

گراماتىكا جەھەتتە ئەدەبىي تىل بىلەن چۆچەك ئۇيغۇر تىلى پەرقلەنمەيدۇ، ئەلۋەتتە. لېكىن، ئوخشىمىغان تىللارنىڭ ئۇزاق مۇددەتلىك ئۇچرىشىشى جەريانىدا، چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا ئازراق ئوخشىماسلىق شەكىللەنگەن. ئالايلۇق، ئەدەبىي تىلدىكى سوئال مەنىسىنى بىلدۈرىدىغان يۈكلىمە «دۇ» چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا «چىقا» شەكلىدە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئايگۈل كەلگەنچىقا؟

چاي قاينىغانچىقا؟
ئۇ بارغانچىقا؟

بۇ جۈملىلەردىكى «چىقا» ئەدەبىي تىلىمىزدىكى «دۇ» سوئال يۈكلىمىسىنىڭ رولىنى ئۆتەيدۇ.

بۇنىڭدىن باشقا، چۆچەك ئۇيغۇر تىلىدا يەنە بىر ئالاھىدە تۈس ياردەمچى پېئىلى «سالا» بار بولۇپ، بۇ ياردەمچى پېئىل بۇيرۇق پېئىلىنىڭ ئىككىنچى شەخس ئاددىي تۈرىگە ئۇلىنىپ كېلىپ، ئۆتۈنۈش، يالۋۇرۇش، ئىلتىماس قىلىش مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مەسىلەن:

ماقۇل دەپ، بارا سالا.
ئىشكنى ئېتە سالا.
بۇنى مەن ئۈچۈن كۆرە سالا.

ئومۇمەن، چۆچەك ئۇيغۇر تىلى ئۇزاق تارىخىي تەرەققىيات جەريانىدا، تۈرلۈك سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن ئۆزگىچە خاس شېۋە ئالاھىدىلىكىنى شەكىللەندۈرگەن. بولۇپمۇ، چۆچەكتە قازاق مىللىتىنىڭ كۆپ بولۇشى، شۇنداقلا قازاق تىلى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ قېرىنداش تىللاردىن بولۇشى تۈپەيلىدىن، چۆچەك ئۇيغۇر تىلى قازاق تىلىنىڭ تەسىرىگە كۆپرەك ئۇچراش نەتىجىسىدە، قازاق تىلىنىڭ تەلەپپۇزى ۋە سۆزلۈكلىرىنى قوبۇل قىلىپ، ئالاھىدە بىر خىل تىل ھالىتىنى شەكىللەندۈرگەن. نۆۋەتتىكى ئۇيغۇر تىلى تەتقىقاتىدا، چۆچەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ فونېتىكا، لېكسىكا جەھەتتىكى ئۆزگىرىشلىرى، شۇنداقلا قازاق تىلىنىڭ چۆچەك ئۇيغۇر تىلىغا بولغان تەسىرى ئۈستىدە يەنىمۇ چوڭقۇر تەھلىل يۈرگۈزۈش بەلگىلىك ئەھمىيەتكە ئىگە.

**پايدىلانمىلار:**

[1] «شىنجاڭ تارىخىي ماتېرىياللىرى» (23).
[2] مۇھەممەدجان ئوسمان: «گۆھەر زېمىن شىنجاڭ». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى.

(بېشى 28- بەتتە)

ھەممىمىزگە مەلۇم، بىزنىڭ جانلىق تىلىمىز ئىخچاملىقى، ئاممىباباپلىقى ۋە راۋان - يېپيېشقاقلىقى بىلەن يېزىق تىلىمىزغا قارىغاندا ئاممىباب ئىدى ھەم تەرجىمە تىلىنىڭ تەسىرىدىن مۇستەسنا ئىدى. بىراق، يېقىندىن بۇيانقى كۆزىتىشىمىزدىن قارىغاندا، نۆۋەتتە بىزنىڭ جانلىق تىلىمىزمۇ بارا - بارا تەرجىمە تىلىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراۋاتامدۇ ياكى ئايرىم ئانا تىل ئاساسى ئاجىز بولغان يولداشلارنىڭ چالا ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشلىرىنىڭ پاسسىپ تەسىرىگە ئۇچراۋاتامدۇ، ئەيتاۋۇر، ھازىر بىزنىڭ ئەسلىدىكى جانلىق تىل ئۇسلۇبىمىزغا يات بولغان غەلىتە ئىپادىلەش شەكىللىرى پەيدا بولۇۋاتىدۇ.

مىسالغا ئالساق، تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىكى زىيارەت قىلىنغۇچىلار ئىچىدە ھازىر «... ئۆگىنىش ئېلىپ بېرىپ، ئاممىنىڭ تونۇشىنى يۇقىرى كۆتۈردۇق...»، «... دېھقانلارنى بېيىشقا يېتەكلەش بويىچە خىزمەتلەرنى ئونۇملۇك قانات يايدۇرۇپ، كەنتىمىزنىڭ ھاللىق سەۋىيىگە يېتىش قەدىمىنى تېزلەتتۇق...» دېگەندەك خۇددى باشقا بىر تىلدىن ئۇدۇلمۇئۇدۇل تەرجىمە قىلىنىۋاتقاندەك سۆزلەيدىغانلار ۋە «... ئاممىلار بىلەن ئالاقە باغلاپ ...»، «... كۆپچىلىكلەر بىلەن ھەمكارلىشىپ ...» دېگەندەك ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ فورمىدىكى ئىبارىلەرنى ئىشلىتىپ سۆزلەيدىغانلار پات - پات كۆرۈلىدىغان بولۇپ قالدى. ئەسلىي ئۇيغۇر جانلىق تىلىنىڭ ئالاھىدىلىكىدىن ئالغاندا، ئالدىنقى ئىككى جۈملىنى «... ئۆگىنىشنى كۈچەيتىپ (ياكى: ئۆگىنىش قىلىپ، ئۆگىنىش ئارقىلىق) ئاممىنىڭ تونۇشىنى ئۆستۈردۇق»، «دېھقانلارنى بېيىشقا يېتەكلەپ، كەنتىمىزنىڭ كىرىمىنى ئاشۇردۇق...» دېگەندەك شەكىلدە ئېيتقان بولسا بولاتتى. شۇ چاغدا كىشىگە ساپ ئۇيغۇر تىلىدەك تۇيغۇ بېرەتتى ھەم ئىخچام، يېپيېشقاقلىقى بىلەن كىشىنى سۆيۈندۈرەتتى. كېيىنكى ئىككى مىسالنى ئالساق، ئۆز - ئۆزىدىن كۆپلۈكنى ئىپادىلەپ كېلىۋاتقان «ئامما، كۆپچىلىك» دېگەن سۆزلەرگە يەنە تىلىمىزدىكى كۆپلۈك قوشۇمچىسى « - لار // - لەر»نى قوشۇش ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولۇپ، ئاڭلىغان كىشىگىمۇ سۆزلىگۈچى ئۇيغۇر ئەمەستەك، ئۇيغۇر بولسىمۇ تۈزۈك ساۋاتى يوق ئادەمدەك تەسىر بېرىدۇ.

ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ئاغزاكى بايانلاردىمۇ ئۇيغۇر تىلىنىڭ ساپلىقىغا، تىلىمىزدا قېلىپلاشتۇرۇلۇۋاتقان سۆز - ئاتالغۇلارنى توغرا قوللىنىشقا دىققەت قىلىش ۋە گەپ - سۆزلىرىمىزنىڭ ئىخچام، راۋان بولۇشىغا، ئۇيغۇر تىلىنىڭ قانۇنىيەتلىرىگە ئۇيغۇن بولۇشىغا ئەھمىيەت بېرىش ئۆزىمىزنىڭ ئادەمىيلىك ئوبرازىمىزغا مۇناسىۋەتلىك بولۇپلا قالماستىن، بەلكى پۈتكۈل مىللىتىمىزنىڭ ئانا تىلغا تۇتقان پوزىتسىيىسىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. شۇڭا، يۇقىرىقى جەھەتلەردىن ھەممىمىز ئۆزىمىزگە قاتتىق تەلەپ قويساق دېگەن ئۈمىدتىمەن.

2003 ـ يىل 2 ـ سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation (Uighur)

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 ـ سان)
第 22 卷(总第 145 期)
Volume 22 (General No. 145)

# قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىكى ئەمەل ناملىرى

ئايگۈل مۇھەممەت

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك تىل ـ يېزىق، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، قۇمۇل 839000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە قۇمۇل ۋاڭلىرى تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىدىكى ئەمەل ناملىرىنىڭ كېلىپ چىقىشى ۋە قۇمۇل ۋاڭلىرى تەشكىلىي ئاپپاراتلىرىدىكى ئەمەل ناملىرىنىڭ مەزمۇنى، يەنى شۇ ئەمەلگە ئېرىشكۈچىلەرنىڭ خىزمەت دائىرىسى قىسقىچە چۈشەندۈرۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قۇمۇل ۋاڭلىرى؛ تەشكىلىي ئاپپارات؛ ئەمەل نامى.

ئۈچ ئەسىردىن كۆپرەك ھۆكۈم سۈرگەن قۇمۇل ۋاڭلىرى سىياسىي جەھەتتە چىڭ سۇلالىسىنى ئارقا تىرەك قىلغان، مەمۇرىيەت بىلەن دىن بىرلەشكەن بېقىنما ھالەتتىكى يەرلىك فېئوداللىق خاراكتېردىكى ھاكىمىيەت. قۇمۇل ۋاڭلىرى ھاكىمىيەت باشقۇرۇش جەريانىدا شۇ چاغدىكى ھۆكۈمرانلىق ئەنئەنىلىرىگە خاس بىر قاتار ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرىنى قۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، بۇ ئاپپاراتلارغا لايىقىدا ئەمەلدار تەيىنلەپ ھۆكۈمرانلىقنى يۈرگۈزۈپ كەلگەن. قۇمۇل ۋاڭلىرى ھاكىمىيەت تەشكىللەشتە تۈركىي خەلقلەر ۋە مانجۇ، خەنزۇ، پارس، ئەرەب، موڭغۇل قاتارلىق مىللەتلەرنىڭ ھاكىمىيەت باشقۇرۇش ئەندىزىسىدىن پايدىلىنىپ، بىر قىسىم ئەمەل ـ مەنسەپلەرنى تەسىس قىلىپ ئۆز ھاكىمىيەت ئاپپاراتلىرى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرغان. قۇمۇل ۋاڭلىرى ھاكىمىيىتىدىكى ئەمەل ناملىرى ئاساسەن مەمۇرىي، ھەربىي ۋە دىنىي جەھەتتىن ئىبارەت ئۈچ چوڭ قىسىمدىن تەركىب تاپقان. دەرىجە جەھەتتىن ئوردا ئىچى ۋە ئوردا سىرتى دەپ ئىككى چوڭ دەرىجىگە ئايرىلغان. قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىكى ئەمەلدارلار ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا ئەدلىيە، ئامانلىقنى ساقلاش، باج، ھەربىي ئىشلار، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق، سۇ ئىشلىرى، دىنىي ئىشلار، كاتىباتلىق قاتارلىق ساھەلەرگە چېتىلىدۇ. ئۇلار پۈتۈنلەي قۇمۇل ۋاڭىنىڭ بۇيرۇقى ئاستىدا، پەقەت ۋاڭلىقنىڭ ھاكىمىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلغان.

تۆۋەندە مەن قۇمۇل ۋاڭلىرى دەۋرىدىكى ئەمەل ناملىرىنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

ئەبەيدۇللا تارخان بەگ دەۋرىدىن تارتىپ مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭ دەۋرىگىچە تۆۋەندىكى ئەمەل ناملىرى تەسىس قىلىنغان:

1. بىرىنچى دەرىجىلىك جاساق — خوشۇن باشلىقى، يەنى ۋاڭ (ۋاڭنى چىڭ سۇلالىسى خانى بەلگىلەيدۇ.)

2. تۇسراقچى تەيجى — ئوردىدا ئادەتتە ئىككى نەپەر كىشى بولۇپ، چوڭ تەيجى، كىچىك تەيجى دەپ ئاتىلىدۇ. جاساقنىڭ (ۋاڭنىڭ) پۈتۈن ئىشلىرىنى باشقۇرۇشقا ياردەملىشىدۇ.

3. تۇغچى خوشۇن زەڭگى (قوماندان) — جاساق ۋە تۇسراقچى تەيجىنىڭ قوماندانلىقىدا پۈتۈن ۋاڭلىقنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ۋە ھەربىي ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

4. مېيلى زەڭگى (مۇئاۋىن قوماندان) — پۈتۈن ۋاڭلىقنىڭ مەمۇرىي، ئەدلىيە ۋە ھەربىي ئىشلىرىغا ياردەمچى سۈپىتىدە قوماندانلىق قىلىدۇ.

يۇقىرىدىكى ئەمەلدارلارنى قۇمۇل ۋاڭى قۇمۇلدىكى ئامبال ئارقىلىق ۋاسالار مەھكىمىسىگە مەلۇم قىلىپ تەستىقلىتىدۇ.

5. زالەن زەڭگى — ئادەتتە ئوردىدا ئىككى كىشى تەيىنلىنىدۇ. بۇلار سومۇن زەڭگىلەرنى باشقۇرىدۇ.

6. سومۇن زەڭگى — سومۇن زەڭگىلەر 13 كىشى بولۇپ، بۇلار ئاھالە، نوپۇس، يەر، تۇرالغۇ جاي، ئەسكەرلەرنىڭ تەۋەلىكى قاتارلىقلارنى باشقۇرىدۇ.

7. جەۋەندار چېرىكچى — بۇلار 13 كىشى بولۇپ، سومۇن زەڭگىلەرنىڭ ياردەمچىلىرى.

ئۇنىڭدىن باشقا، بىرىنچى دەرىجىلىك قوغدىغۇچى بەش كىشى، ئىككىنچى دەرىجىلىك قوغدىغۇچى ئۈچ كىشى، بەشىنچى دەرىجىلىك قائىدە ـ يوسۇنچى بىر

كىشى، ئالتىنچى دەرىجىلىك قائىدە. يوسۇنچى بىر كىشى بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قومۇل ۋاڭى بىۋاسىتە ئۆزى تەيىنلەيدۇ.

مۇھەممەت بىشىر چىڭۋاڭدىن كېيىن، ھەمدە ئايالى مېھرىبانۇ ۋاڭ دەۋرىلىرىدىن باشلاپ يۇقىرىدىكى ئاپپاراتلار ئىسلاھات قىلىنىشقا باشلىغان. بولۇپمۇ، شامەخسۇت ۋاڭ دەۋرىگە كەلگەندە پۈتكۈل مەمۇرىي، ھەربىي، دىنىي ئورگانلار ئىسلاھ قىلىنىپ تۆۋەندىكىدەك ئاپپاراتلار ۋە ئەمەل ناملىرى تەسىس قىلىنغان:

### 1. مەمۇرىي ئەمەل ناملىرى

1) ۋاڭ — قومۇلنىڭ ئالىي ھۆكۈمرانى.

2) تەيجى — ۋاڭغا ياردەملىشىپ، ۋاڭنىڭ قول ئاستىدىكى ئورگانلارنىڭ يۇقىرى دەرىجىلىك ئەمەلدارلىرىنى باشقۇرىدۇ.

3) چوڭ مىرزا — خەنزۇ تىلىدا خانغا يوللىنىدىغان مەلۇمات، ئىلتىماس، مەكتۇپلارنى تەييارلايدۇ ۋە خەنزۇ ئەمەلدارلار بىلەن ئالاقە قىلىشقا مەسئۇل بولىدۇ، بۇ خىزمەتكە خەنزۇلار تەيىنلىنىدۇ.

4) مەلۇمچىبەگ — ۋاڭنىڭ ئەمىر- بۇيرۇقلىرىنى يەتكۈزگۈچى.

5) چوڭ تۇڭچى — چوڭ تىلماچ (تەرجىمان).

6) ئىشىك ئاغىسى — ۋاڭ ئوردىسىدىكى ئەمەلدارلارنى ۋەزىپىگە قويۇش، ۋەزىپىسىدىن قالدۇرۇشقا مەسئۇل.

7) كىچىك مىرزا — ۋاڭغا ھۆججەت، بۇيرۇقلارنى يېزىپ بېرىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا ئوردىنىڭ مۇقىم مۈلۈكلىرىنى ۋە كىرىم- چىقىم ھېساباتلىرىنى خاتىرىلەيدۇ. بۇ ۋەزىپىگە خەنزۇلاردىن تەيىنلىنىدۇ.

8) مىراپبەگ — ۋاڭلىققا قاراشلىق سۇ ئىشلىرىنى باشقۇرىدۇ.

9) خەزىنىچىبەگ — ۋاڭ جەمەتىنىڭ خەزىنىسىنى باشقۇرىدۇ.

10) بازاربېگى — شەھەر بازارلاردىكى كاسىپلار بىلەن سودىگەرلەرنى باشقۇرىدىغان ئەمەلدار.

11) بۆكۈل — ۋاڭ تاماق يېگەندە داستىخان سالغۇچى بەگ.

12. غوپچىچى — ۋاڭ تاماق يەپ بولغاندا داستىخان يىغقۇچى بەگ.

13) مىراقۇل — ۋاڭلىقنىڭ ئاتلىرىنى باشقۇرغۇچى بەگ.

14) مەتەربەگ — ۋاڭنىڭ تۆگە كارۋانلىرىنى باشقۇرغۇچى بەگ.

15) توغچى — ئوردىنىڭ مەدەنىيەت، سەنئەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بەگ.

16) قۇشبېگى — ۋاڭ ئوردىسىدىكى قۇش ۋە ھايۋانلارنى باشقۇرغۇچى ئەمەلدار.

17) قوۋۇقبېگى — دەرۋازا ساقلىغۇچىلارغا مەسئۇل بەگ.

18) بۆرەبېگى — ئوۋ، شىكار ئىشلىرىنى باشقۇرغۇچى بەگ.

19) كىچىك تۇڭچى — ئاۋامنىڭ ھەر خىل خەتچەكلىرىنى يېزىپ بېرىشكە مەسئۇل بولىدۇ.

20) كاتىۋال — ۋاڭلىقنىڭ قورۇلۇش ئىشلىرىغا مەسئۇل.

21) بوسۇق — ئوردا ئىچىدىكى ئۇششاق- چۈشەك ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرغۇچى ئەمەلدار.

22) مۆھۈربېگى — ۋاڭلىقنىڭ تامغىسىنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل بەگ.

### 2. دىنىي ئەمەل ناملىرى

1) ئەلەم ئاخۇنۇم — دىنىي ئىشلارنى باشقۇرغۇچى ئۆلىما.

2) قازى — دىنىي ئەدلىيە ئىشلىرىغا مەسئۇل كىشى.

3) مىرغەزەپ — دىنىي سوتچى ھەم جازا ھۆكۈم قىلىش، تۈرمىلەرنى باشقۇرۇشقا مەسئۇل.

4) مۆھتەسىپ — دىنىي مۇپەتتىش بېگى.

5) نەقىپ — ۋاڭ ئوردىسىدىكى ناماز ئوقۇيدىغانلارغا تاھارەت سۈيى تەييارلاش، جايناماز سېلىش قاتارلىق ئىشلارغا مەسئۇل.

6) خەتىپ — ۋاڭ ئوردىسىدا نىكاھ ئوقۇغۇچى بەگ.

7) پىيادە قازى — قازىلىق خىزمىتى قىلىدىغان، لېكىن ۋەزىپىسى قازىدىن تۆۋەنرەك تۇرىدىغان ئەمەلدار.

### 3. ھەربىي ۋە ساقچى ئەمەل ناملىرى

1) پاششاپبەگ — ساقچى ئەمەلدارى بولۇپ، جەمئىيەت ئامانلىقىغا مەسئۇل.

2) ئۈچبېگى — ئالدىنقى سەپ قوشۇنىنىڭ قوماندانى.

3) تۇغبېگى — ھەربىي قىسىمدا بايراق باشقۇرغۇچى ئەمەلدار، يەنە قوشۇمچە ئوردىنى مۇھاپىزەت قىلىشقىمۇ مەسئۇل.

4) چەپبېگى — ۋاڭ سىرتقا چىققاندا ئوڭ ۋە سول يېنىدا ماڭىدىغان مۇھاپىزەتچىلەر.

5) كابەگ — ۋاڭنىڭ يېنىدا خاس تۇرىدىغان مۇھاپىزەتچىلەر.

6) پىيادە پاششاپ — ۋەزىپىسى پاششاپقا ئوخشاش، لېكىن ئورنى تۆۋەنرەك ئەمەلدار.

### 4. يېزا دەرىجىلىك ئەمەل ناملىرى

1) دورغا — يېزا باشلىقى.

2) قورمال — يېزىلاردىكى ۋاڭغا تەۋە يەرلەردىكى ئاشلىقلارنى قوغداش، باشقۇرۇشقا مەسئۇل.

3) يوسۇل — يېزىلارغا چاقىرىق قەغىزى، بۇيرۇق، يارلىقلارنى يەتكۈزۈشكە مەسئۇل.

يۇقىرىدا مەن كۆرسىتىپ ئۆتكەن ئەمەل ناملىرى ئىچىدە، توغرا بولمىغان ياكى چۈشۈپ قالغانلىرى بولسا، بۇ ساھەگە قىزىققۇچىلارنىڭ تولۇقلاپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2003 ـ يىل 2 ـ سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation (Uighur)

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 ـ سان)
第 22 卷(总第 145 期)
Volume 22 (General No. 145)

# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر ھەققىدە

ئايشەمگۈل ئابدۇرېشىت

(شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى تىل تەتقىقات ئورنى، ئۈرۈمچى 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە مىقدار سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى، خاراكتېرى، رولى ۋە ياسىلىشى قاتارلىقلار بايان قىلىنىپ، مىقدار سۆزلەر ھەققىدە قىسقىچە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** مىقدار سۆز؛ هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى؛ شەيئى؛ ھەرىكەت؛ پېئىل؛ ئىسىم.

ئۇيغۇر تىلىدىكى شەيئىلەرنىڭ ۋە ئىش ـ ھەرىكەتنىڭ ھېساب بىرلىكىنى بىلدۈرىدىغان «دانە، نەپەر، نۆۋەت، مېتىر، كىلوگرام» دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر مىقدار سۆز دەپ ئاتىلىدۇ. مىقدار سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا قوللىنىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا مىقدارنى ئىپادىلىگۈچى سۆزلەر ئانچە كۆپ بولمىغاچقا ھەم مىقدار سۆزلەر سان بىلەن بىرىكىپ سان ـ مىقدار بىرىكمىسى شەكلىدە قوللىنىلغاچقا، مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى ئەمەس دەپ قارىلىپ، بىر قىسىم «ئۇيغۇر تىلى» كىتابلىرىدا بۇ ھەقتىكى مەزمۇنلار نەزەردىن ساقىت قىلىنغان. خەمىت تۆمۈر ئەپەندى، ئابدۇكېرىم باقى ئەپەندى ۋە باشقا تەتقىقاتچىلارنىڭ تەتقىقات نەتىجىلىرى مىقدار سۆزلەرنىڭ لېكسىكىلىق مەنىسى، مورفولوگىيىلىك خۇسۇسىيىتى ۋە سىنتاكسىسلىق رولى جەھەتتىن باشقا سۆز تۈركۈملىرىدىن پەرقلىنىدىغانلىقىنى ئىسپاتلاپ بەردى. هازىر مىقدار سۆزلەر مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى سۈپىتىدە تەتقىق قىلىنىپ ۋە ئۆگىنىلىپ كېلىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن يېتەرلىك ئەمەس، يەنىمۇ چوڭقۇرلاپ تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

تۆۋەندە مەن تىلىمىزدىكى مىقدار سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى، ياسىلىشى، رولى ۋە خۇسۇسىيىتى ھەققىدە قىسقىچە توختىلىپ ئۆتىمەن.

## 1. مىقدار سۆزلەرنىڭ قوللىنىلىشى

مىقدار سۆزلەر شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۇزۇنلۇق مىقدارىنى، ئېغىرلىق مىقدارىنى، ھەجىم ـ سىغىم مىقدارىنى، ۋاقىت بىرلىكلىرى، كۈچ بىرلىكلىرى، سۈرئەت ـ تېزلىك بىرلىكلىرى، دائىرە ۋە مەيدان، يۈز بىرلىكلىرى مىقدارلىرىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ.

1. ئاتلام، جاڭ، چامدام، سۇڭ، غۇلاچ، غېرىچ، مېتىر، كىلومېتىر، قەدەم، ماڭدام، ئىنگلىز مىلى، مىل، مىللىمېتىر، چاقىرىم، چى، سانتىمېتىر، دېكامېتىر، دېتسىمېتىر، گېكتومېتىر قاتارلىقلار شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئۇزۇنلۇق جەھەتتىكى مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر چامدام ماڭماق، بىر غۇلاچ ئارغامچا، بىر سۇڭ يەر.

2. پۇت، توننا، جىڭ، دەن، شىڭ، قاداق، كىلوگرام، كۇرە، گرام، مىسقال، مىللىگرام، پۇڭ، سەر، سانتىگرام، دېتسىگرام قاتارلىقلار شەيئىلەرنىڭ ئېغىرلىق جەھەتتىكى مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر مىسقال ئالتۇن، بەش توننا كۆمۈر، بەش جىڭ گۆش.

3. ئوچۇم، چىمدىم، ساندۇق، كۇپ، سىقىم، قاپ، قاچا، بولاق، لىتىر، مىللىلىتىر، كىلولىتىر، دېكالىتىر، سانتىلىتىر، گېكتولىتىر، دېتسىلىتىر، گاللون، هارۋا، خالتا، ئوتلام، ئىستاكان، يۇتۇم، قورۇ، چىلەك، ماشىنا، قوشۇق قاتارلىقلار شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ ھەجىم، سىغىم مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر ئوتلام ئوتلىماق، بىر لىتىر ئىسپىرت، ئىككى خالتا شېكەر، بىر يۇتۇم ئىچمەك، بىر چىمدىم توپا.

4. يىل، ئاي، كۈن، ھەپتە، مىنۇت، سوتكا، سېكۇنت، سائەت، مىللىسېكۇنت، دەقىقە قاتارلىقلار ھەرىكەتنىڭ ۋاقىت بىرلىك مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئىككى يىل ئوقۇماق، ئۈچ كۈن ماڭماق، بىر سائەت ئىشلىمەك، بىر ھەپتە ئوينىماق، ئون مىنۇت يۈگۈرمەك.

5. ۋات، كىلوۋات، كىلوگېرتس، ۋار، ۋولت، ئامپېر، ئوم، مىللىئامپېر قاتارلىقلار شەيئىلەرنىڭ كۈچ بىرلىك مىقدارى، ئېلېكتر بىرلىك مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

يۈز كىلوۋات توك، بىر ئامپېر توك، ئون ۋولت ئېلېكتر بېسىمى.

6. كۋادرات، مو، گېكتار، پۈڭ، كۇب مېتىر، كۋادرات مېتىر قاتارلىقلار شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ يۈز بىرلىك مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر گېكتار يەر، بەش كۋادرات مېتىر گىلەم، ئون مو يەر تېرىماق.

7. كالورىيە، كىلوكالورىيە، گرادۇس قاتارلىقلار شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ ئىسسىقلىق مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

ئون كالورىيە ئىسسىقلىق، يۈز گرادۇسلۇق سۇ، بەش گرادۇس ئۆرلەتمەك.

8. تال، دانە، باش، پارچە، نەپەر، تۈپ، جۈپ، بەت، ۋاراق، مىسرا، كۇپلېت، ئابزاس، قىسىم، تۇياق، بولاق قاتارلىقلار ساناشقا بولىدىغان شەيئىلەرنىڭ سان مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر باش پىياز، ئۈچ مىسرا شېئىر، ئىككى قىسىم كىتاب، بەش دانە دەپتەر، ئۈچ ۋاراق قەغەز، بەش تۈپ دەرەخ.

9. پاتمان، دۈۋە، تالاي، قۇچاق، كۆتۈرۈم قاتارلىقلار سانى ئېنىق بولمىغان شەيئى ۋە ھەرىكەتنىڭ مىقدارىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر تالاي سۆزلىمەك، بىر پاتمان ئىش، بىر دۈۋە قەغەز.

10. تۈپ، باغلام، دەستە، تىزىق، يۈرۈش، قۇر، جۈپ، قاتار قاتارلىقلار توپ شەيئىلەرنىڭ مىقدار بىرلىكىنى ئىپادىلەشتە قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن:

بىر دەستە گۈل، ئىككى باغلام ئوتۇن، بەش قاتار دەرەخ.

### 2. مىقدار سۆزلەرنىڭ ياسىلىشى

ئۇيغۇر تىلىدىكى مىقدار سۆزلەر تۆۋەندىكىدەك ياسىلىدۇ:

1. بىر قىسىم پېئىل ئۆزەكلىرىگە «- م، - ىم، - ئۇم، - ئۈم، - ئام» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

سىق + ىم = سىقىم (بىر سىقىم توپا)
توغرا + م = توغرام (ئىككى توغرام گۆش)
تۇت + ئام = تۇتام (بىر تۇتام گۈل)
يۇت + ئۇم = يۇتۇم (بىر يۇتۇم چاي)
تۈگ + ۈم = تۈگۈم (بىر تۈگۈم غۇنچە)

2. بىر قىسىم ئىسىملارنىڭ مىقدار سۆزلەرگە كۆچۈشى ئارقىلىق مىقدار سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

باش، دۈۋە، ئېغىز، قاچا، تۇڭ، نۆۋەت...

3. بىر قىسىم ئىسىملارغا «- لىق //- لىك، - لۇق //- لۈك» قوشۇمچىلىرىنىڭ قوشۇلۇشى ئارقىلىق مىقدار سۆزلەر ياسىلىدۇ. مەسىلەن:

بەش كۈنلۈك ئۆگىنىش، بىر چاپانلىق سوكنا، بىر كىيىملىك رەخت، بىر تويلۇق مال...

### 3. مىقدار سۆزلەرنىڭ رولى

1. مىقدار سۆزلەر ئۆزى ئىپادىلىگەن شەيئىنىڭ شەكلى، خاراكتېرى، خۇسۇسىيەتلىرىنى، ئىش- ھەرىكەتنىڭ قېتىم سانىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. مەسىلەن:

بىر تال ئۈزۈم، بىر ساپاق ئۈزۈم، بىر تەخسە ئۈزۈم، بىر تىكەن ئۈزۈم، بىر يېشىك ئۈزۈم، بىر سىقىم ئۈزۈم، بىر ئوچۇم ئۈزۈم، بىر دۈۋە ئۈزۈم، بىر سېۋەت ئۈزۈم، بىر خالتا ئۈزۈم، بىر كىلو ئۈزۈم.

2. مىقدار سۆزلەر ئىپادىلەنمەكچى بولغان ئۇقۇمنى ئېنىق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن:

«مەن بىر كۆرۈۋېتەي» دېسەك، مۇنداقلا يۈزەكى كۆرۈپ قويۇشمۇ ياكى باشتىن- ئاخىر تەپسىلىي كۆرۈپ چىقىشمۇ؟ ئۇقۇم ئېنىق بولمايدۇ. «مەن بىر قېتىم كۆرۈۋېتەي» دېسەك، باشتىن- ئاخىر تولۇق كۆرۈپ چىقىشنى كۆرسىتىدۇ.

### 4. مىقدار سۆزلەرنىڭ خۇسۇسىيىتى

1. مىقدار سۆزلەر سانلاردىن كېيىن كېلىپ، سان- مىقدار بىرىكمىسىنى ھاسىل قىلىدۇ. جۈملىدە ئېنىقلىغۇچى، ھالەت بولىدۇ. مەسىلەن:

ئۆتكەن يىلى قەشقەرگە بارغاندا، ئىشچى- خىزمەتچىلىرىمىزگە ئون دانە دوپپا ئالغاچ كەلدۇق. (ئېنىقلىغۇچى)

ئۇ كالىسىنى كۈندە ئىككى قېتىم ساغىدىكەن. (ھالەت)

2. بىر قىسىم مىقدار سۆزلەر ۋە بىر قىسىم سان- مىقدار بىرىكمىلىرى تەكرارلىنىپ، «نۇرغۇن» ياكى «ھەربىر» مەنىلىرىنى بىلدۈرىدۇ. مىقدار سۆزلەر تەكرارلانغاندا سانلار بىلەن بىرىكىپ كەلمەيدۇ. مەسىلەن:

باشلىق، ئۆيىڭىزدىكى قەۋەت- قەۋەت گىلەملەر، ئۈچ ساندۇقتىكى كىيىم- كېچەك، ئۈنچە- مارجانلار قەيەردىن كەلگەن؟

ئوقۇغۇچىلار كولۇبقا بىر قاتار- بىر قاتاردىن

ئىردى.

3. مىقدار سۆزلەر ئىسىم ياكى پېئىللارغا بېقىنىپ كېلىپ ئېنىقلىغۇچى، ھالەت بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

نەچچە ۋاقىتتىن بۇيان يىغقان پۇلۇمنىڭ بارىنى چىقاردىم- دە، بىر بولاق قەنت، بىر يۆەنلىك چاي، بىر بولاق گۆشكۆرت ۋە بىر قاداق كىرسىن سېتىۋالدىم. (ئېنىقلىغۇچى)

ئوقۇغۇچىلار تەييارلىغان ئويۇن ئۈچ مەيدان ئوينالدى. (ھالەت)

4. مىقدار سۆزلەر كۆرسىتىش ئالماشلىرى بىلەن بىرىكىپ، كۆرسىتىش ئالماش- مىقدار بىرىكمىسىنى ياسايدۇ. مەسىلەن:

بۇ نۆۋەت كۆرمەك، ئۇ قېتىم بارغان، شۇ دۆرەم ئوقۇغان.

5. بىر قىسىم مىقدارلار ھەم شەيئى مىقدارلىرى ھەم ھەرىكەت مىقدارلىرى بولۇپ كېلىدۇ. مەسىلەن:

بىر چېكىم تاماكا — بىر چېكىم (تاماكا) چەكمەك

بىر چىشلەم نان — بىر چىشلەم (نان) يېمەك

بىر قەدەم يەر — بىر قەدەم (يەرگە) ماڭماق

بىر قۇر يېڭى كىيىم — بىر قۇر (يېڭى كىيىم) كىيمەك

ئۇيغۇر تىلىدا نۇرغۇنلىغان شەيئىلەرنىڭ سانىنى ئىپادىلىگەندە مىقدار سۆزلەر قوللىنىلماي پەقەت سان بىلەنلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ، پىر قىسىم ساناق مىقدارلىرى پەقەت ئىستىلىستىكىلىق ئېھتىياج ئۈچۈنلا قوللىنىلىدۇ. شۇڭا، ئۇيغۇر تىلىدا ساناق مىقدارلىرى ئانچە كۆپ ئەمەس. «بىر نەپەر ئوقۇغۇچى، بىر دانە ئۈنئالغۇ، ئىككى پارچە كىتاب» دېيىشكىمۇ، «بىر ئوقۇغۇچى، بىر ئۈنئالغۇ، ئىككى كىتاب» دېيىشكىمۇ بولىدۇ.

مىقدار سۆزلەرنىڭ يۇقىرىقىدەك مەنە جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكى ھەم گىراماتىكا جەھەتتىكى ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، مىقدار سۆزلەرنى ئۇيغۇر تىلىدىكى مۇستەقىل سۆز تۈركۈمى دەپ ئېيتالايمىز، شۇنىڭدەك ئۇيغۇر تىلىدىكى بىر قىسىم يېشىلمەي كېلىۋاتقان مەسىلىلەرگە جاۋاب تاپالايمىز.

**پايدىلانمىلار:**


[1] ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى: «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» 1 - 6 - توملىرى. بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى نەشرى. 1990 - 1999 - يىللار نەشرى.

[2] خەممەت تۆمۈر: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى گىراماتىكىسى». بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1987.

[3] ئابدۇكېرىم باقى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى». بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى.

[4] «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىنىڭ مۇناسىۋەتلىك سانلىرى.


(بېشى 26- بەتتە)

ئىشلىتىلمەيدۇ)، «- گىل» قوشۇمچىسىغا «... ياقلىق (جىسىم)» دېگەن يېڭى مەنىنى يۈكلىسەك، ئاتالغۇلىرىمىز تېخىمۇ ئىخچاملاشقان ۋە ئاددىيلاشقان بولاتتى، شۇنداقلا يەنە ئەجدادلارغا ئىجادىي ۋارىسلىق قىلغان بولاتتۇق. «- گىل» قوشۇمچىسىدىن پايدىلانغاندا، نۇرغۇنلىغان ئىخچام ئاتالغۇلارغا ئېرىشكىلى بولىدۇ. مەسىلەن:

多面体 : كۆپگىل (كۆپ ياقلىق)

四面体 : تۆتگىل (تۆت ياقلىق)

五面体 : بەشگىل (بەش ياقلىق)

六面体 : ئالتىگىل (ئالتە ياقلىق)

十面体 : ئونگىل (ئون ياقلىق)...

سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى قوللىنىش ئۇيغۇر تىلىنىڭ سۆز بايلىقىنى ئاشۇرۇشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى. «- كۈل» ۋە «- گىل» قوشۇمچىلىرىنى قوللانغاندا: بىرىنچىدىن، مۇرەككەپ شەكىللەرنىڭ نامىنىمۇ ئىخچام ۋە قانۇنىيەتلىك ئاتىغىلى بولىدۇ؛ ئىككىنچىدىن، ئاتالغۇلارنىڭ خاسلىقى تېخىمۇ ئاشىدۇ؛ ئۈچىنچىدىن، ئەجدادلار بىلەن ئەۋلادلار ئارىسىدىكى تىل ئۈزۈكچىلىكى تېخىمۇ ئازىيىدۇ...

ئەسلىنى ئۇنتۇش ھالاكەتتىن دېرەك بېرىدۇ. ئەجدادلارنىڭ ئېسىل ئەنئەنىلىرىگە ۋارىسلىق قىلىش، ئىجابىي ئەمگەك مېۋىلىرىنى قوبۇل قىلىش، ئۇلارنىڭ يېتىشسىز تەرەپلىرىگە ئىجادىي ۋارىسلىق قىلىش ھەم بېيىتىش ئەۋلادلارنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە بۇرچى. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، ئەۋلادلارنىڭ قەدىمكى تىل، ئاتالغۇ، تارىخ ۋە ئاسار ئەتىقىلەرنى تەتقىق قىلىشى تېخىمۇ ئاسانلىشىدۇ. شۇڭا، قەدىمكى تىل ماتېرىياللىرىنى (قوشۇمچىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) قېزىش، ئەجدادلارنىڭ ئىجادكارلىق روھىدىن ئۆگىنىش ۋە ئۇلاردىن مۇۋاپىق پايدىلىنىش ئىنتايىن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

2003 - يىل 2 - سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation (Uighur)

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 - سان)
第 22 卷(总第 145 期)
Volume 22 (General No. 145)

# «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «- كۆل» ۋە «- گىل» ھەققىدە



چىمەنگۈل مۇزەپپەر

(شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، ئۈرۈمچى 830001)



**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە «- كۆل» ۋە «- گىل» لار مۇلاھىزە قىلىنىپ، ئۇلارنى پەننىي ئاتالغۇلارنى ياساش ۋە ئاتاشتا قوللىنىش تەكلىپى بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچە؛ - كۆل؛ - گىل ؛ قوللىنىش.

«تۈركىي تىللار دىۋانى» ( تۆۋەندە قىسقارتىپ «دىۋان» دەپ ئاتىلىدۇ) نۇر چاقناپ تۇرغان ئالتۇن كانغا ئوخشايدۇ، ئۇنىڭدا ئەجدادلىرىمىزنىڭ ئەقىل - پاراستى ۋە ئىجادكارلىق روھى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ. «دىۋان»دا ھازىر بىز بەك ئېھتىياجلىق بولغان بەزى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ.

1. «دىۋان»نىڭ I توم 143 - بېتى ۋە III توم 569 - بېتىدە «كۆل» قوشۇمچىسىغا دائىر مۇنداق سۆزلەر بار:

اجكل (ئۈچكۆل ياكى ئۈچگۆل): ئۈچبۇلۇڭ، ئۈچ بۇرجەك.

ترتكل (تۆرتكۆل): تۆت چاسا، تۆت بۇرجەك؛ ھەرقانداق تۆت چاسا نەرسە.

ئۇلۇغ ئالىم مەھمۇد كاشغەرى «دىۋان»دا بەزى تىل قائىدىلىرىنى تەپسىلىي سۆزلەپ ئولتۇرماي، پەقەت ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك تىپىك سۆزلەرنىلا ئۈرنەك قىلىپ كۆرسەتكەن (ئالىم بۇ ھەقتە «دىۋان»دا يېتەرلىك ئىزاھات بەرگەن). كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، «ئۈچكۆل، تۆتكۆل» ئاتالغۇلىرى بىز ھازىر ماتېماتىكىدا قوللىنىۋاتقان «ئۈچبۇلۇڭ (ياكى ئۈچ تەرەپلىك)»، «تۆت تەرەپلىك (تۆت بۇلۇڭلۇق)» دېگەن ئاتالغۇلارنىڭ نەق ئۆزىدۇر. دېمەك، «- كۆل» قوشۇمچىسى «... بۇلۇڭلۇق (تەرەپلىك)» دېگەن مەنىدىكى سۆز ياسىغۇچى قوشۇمچىدۇر. كۆپ تەرەپلىك ( 多边形 ) لەر تەرەپ سانى ( ياكى بۇلۇڭ سانى ) غا ئاساسەن تۈرلەرگە ئايرىلىدۇ، ئۇلارنى «- كۆل» قوشۇمچىسىدىن پايدىلىنىپ ئاددىي ھالدا مۇنداق ئاتاشقا بولىدۇ:

多边形 : كۆپكۆل (كۆپ تەرەپلىك)؛
三边形(三角形): ئۈچكۆل (ئۈچبۇلۇڭ، ئۈچ تەرەپلىك)؛
四边形 : تۆتكۆل (تۆت تەرەپلىك)؛
五边形 : بەشكۆل (بەش تەرەپلىك)؛
十边形 : ئونكۆل (ئون تەرەپلىك)...

2. «دىۋان»نىڭ I توم 143 - بېتىدە يەنە مۇنداق بىر سۆز بار:

اجكل (ئۈچكىل ياكى ئۈچگىل): ئۈچ قىرلىق نەرسە.

بۇنىڭدىن قەدىمكى قوشۇمچە «- كل (- كىل ياكى - گىل)»نىڭ «... قىرلىق نەرسە (جىسىم)» مەنىسىدىكى قوشۇمچە ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بوشلۇقتىكى شەكىللەر ئىچىدە ئادەتتە ئۈچ قىرلىق شەكىللەر مەۋجۇت ئەمەس. مەسىلەن، « ئۈچ قىرلىق پىرىزما» دېگىنىمىز توغرا كەسمە يۈزى ئۈچبۇلۇڭ بولغان جىسىمنى كۆرسىتىدۇ، يەنى ئۇنىڭ بويىغا يۆنەلگەن قىر سانى 3 بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بەش ياقلىق جىسىم بولۇپ، جەمئىي 9 قىرى بار. بۇ تۈردىكى ماتېماتىكىلىق شەكىللەر ھازىر قىر سانى بويىچە ئاتالماي، بەلكى ياق سانى بويىچە ئاتىلىدۇ. مەسىلەن، «تۆت ياقلىق»، «بەش ياقلىق»، «ئالتە ياقلىق» ۋە باشقىلار. ئەگەر، بىز قەدىمكى قوشۇمچە «- كل»نىڭ «- كىل» ۋارىيانتىنى «... قىرلىق (جىسىم)» دېگەن ئەسلىي مەنىسىدە قالدۇرۇپ (قىر سانى بويىچە ئاتاش ئۇسۇلى ئاساسەن قوللىنىلمىغاچقا، «- كىل» قوشۇمچىسى ئەمەلىيەتتە (ئاخىرى 25 - بەتتە)

# ئاغزاكى نۇتۇقلىرىمىزدىمۇ تىلىمىزنىڭ ساپلىقىغا ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆز - ئاتالغۇلارغا ھۆرمەت قىلايلى

مەدىنە ئابدۇرۇسۇل

(ئىلى ئوبلاستلىق تەشۋىقات بۆلۈمى لېكتورلار ئۆمىكى، غۇلجا 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە تۈرلۈك سورۇنلاردىكى ئاغزاكى گەپ - سۆز ياكى رەسمىي نۇتۇقلاردا، تىلىمىزنىڭ ساپلىقىغا ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆز - ئاتالغۇلارنى جايىدا قوللىنىشقا دىققەت قىلماسلىق خاھىشلىرى تەنقىد قىلىنىپ، ئاغزاكى تىلدىمۇ تىلىمىزنىڭ ساپلىقىنى قوغداش، قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆز - ئاتالغۇلارنى كەڭ ئومۇملاشتۇرۇشنىڭ زۆرۈرلۈكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئاغزاكى بايان؛ ئۇيغۇر تىلى؛ ساپلىق؛ قېلىپلاشتۇرۇلغان سۆز - ئاتالغۇ.

جامائەتچىلىككە مەلۇمكى، ئۇيغۇر تىلى ئىپادىلەش ئىقتىدارى كۈچلۈك، شەكلى يارقىن، روشەنلىك دەرىجىسى ئىنتايىن يۇقىرى بىر تىل. ئەنە شۇنداق بولغاچقا ئۇ ئۇزۇن تارىختىن بۇيان تۈرلۈك بوران - چاپقۇنلاردىمۇ ئۆزىنىڭ مەۋجۇتلۇقىنى يوقاتماي بۈگۈنگىچە داۋاملىشىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈندە، ئېنىقراقى ئازادلىقتىن كېيىنكى نەچچە ئون يىل جەريانىدا بولسا، پارتىيىمىزنىڭ توغرا مىللەتلەر سىياسىتى ۋە تىل - يېزىق سىياسىتىنىڭ نۇرى ئاستىدا تېخىمۇ جۇلالىنىپ ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى مىسلىسىز زورايتتى. ئازادلىقتىن كېيىن ئىشلەنگەن تەتقىقاتلار، قېلىپلاشتۇرۇش ۋە رەتكە سېلىش خىزمەتلىرى نەتىجىسىدە تىلىمىز تېخىمۇ مۇكەممەللەشتى. بۇ بىر ھەقىقەت، ئەلۋەتتە.

ھازىرنىڭ ئۆزىنى ئالساقمۇ، تىلىمىزنى قېلىپلاشتۇرۇش، يەنىمۇ مۇكەممەللەشتۇرۇش خىزمەتلىرى ھەر دەرىجىلىك مەمۇرىي ۋە كەسپىي ئورۇنلار تەرىپىدىن بوشاشتۇرۇلماي ئىشلىنىۋاتىدۇ ھەم نەتىجىلەرمۇ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بىراق، بىر - ئىككى يىلدىن بېرى تېلېۋىزورلاردا، تۈرلۈك يىغىن ياكى ئاممىۋى سورۇنلاردا، ھەتتا دوستلار ئارا بولىدىغان ئادەتتىكى پاراڭلاردا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ ئاغزاكى بايانلىرىغا قاراپ ھېس قىلىشىمچە، بىزنىڭ ئاغزاكى تىلىمىز — ئەمەلىي نۇتقىمىزدا تىلىمىزنىڭ ساپلىقىغا، تىل قانۇنىيىتىگە ۋە تەتقىقاتلار ئارقىلىق مۇقىملاشتۇرۇلغان قېلىپلاشقان سۆز - ئاتالغۇلارنى توغرا ئىشلىتىشكە بولغان تونۇشىمىز تولىمۇ تۆۋەن ئىكەن، ھەتتا بۇ ئەھۋال كۈندىن - كۈنگە ئېغىرلاپ كېتىۋېتىپتۇ. مەن تۆۋەندە دەل مۇشۇ مەسىلە ھەققىدە قىسقىچە قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ كۆپچىلىك بىلەن ئورتاقلاشماقچىمەن.

ھەممىمىزگە مەلۇم، كىشىلەر ئەڭ ئاۋۋال تىل ئارقىلىق بىر - بىرى بىلەن تونۇشىدۇ ۋە چۈشىنىشىدۇ. مەلۇم بىر شەخسنىڭ ئادەتتىكى گەپ - سۆزى مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا، شۇ كىشىنىڭ مەدەنىيەت سەۋىيەسى، ئاڭ - ساپاسى ۋە تەربىيىلىنىش دەرىجىسىنى كۆرسىتىپ بېرەلەيدۇ. بىر مىللەتكە نىسبەتەنمۇ شۇ مىللەت كىشىلىرىنىڭ ئادەتتىكى گەپ - سۆز، ئالاقىلەردىكى تىل ئىشلىتىش ئالاھىدىلىكىگە قاراپ، شۇ مىللەتنىڭ ئومۇمىي ساپاسى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولغىلى بولىدۇ. ئادەتتىكى ئاغزاكى گەپ - سۆزلەردە سۆز - جۈملىلەرنىڭ جايىدا، سۆز - ئاتالغۇلارنىڭ ئۆلچەملىك قوللىنىلىشى، نۇتۇقنىڭ راۋان، مەنتىقىلىق، ئاممىباب، چۈشىنىشلىك بولۇشى ئاڭلىغۇچىدا سۆزلىگۈچىگە نىسبەتەن ياخشى تەسىر قالدۇرىدۇ. ئۇيغۇر جانلىق تىلىنى ئالساق، ئۇ ئەدەبىي تىلىمىزغا نىسبەتەن ئىخچام، ئاممىباب، ساپ ھەم ئۇسلۇبى يارقىن، مەنىلىك بولۇشتەك ئالاھىدىلىكلىرى بىلەن بىزنى سۆيۈندۈرىدۇ. بىراق، يېقىنقى مەزگىللەردىن بېرى تېلېۋىزور ئېكرانلىرىدىكى زىيارەت قىلىنغۇچىلار، تۈرلۈك يىغىن - سورۇنلاردىكى پىكىر بايان قىلغۇچىلار ۋە خېلىلا كۆپ ساندىكى يامان ئەمەس تەربىيە كۆرگەن

ياش، ئوتتۇرا ياش زىيالىي سۈپەت كىشىلىرىمىزنىڭ
ئاغزاكى تىلىغا ئەستايىدىل دىققەت قىلىدىغان بولساق،
جانلىق تىلىمىزدىمۇ ئەسكەرتىپ قويۇشقا تېگىشلىك
مەسىلىلەرنىڭ بارلىقىنى ھېس قىلىمىز.

**1. ئاغزاكى گەپ ـ سۆزلەردىمۇ قېلىپلاشتۇرۇپ
ئېلان قىلىنغان ئاتالغۇلارنى توغرا قوللىنىشقا ئەھـ
مىيەت بېرىش كېرەك.** ھازىر جەمئىيىتىمىزدە تىل ـ
يېزىق ھەققىدە غۇلغۇلا ئاز ئەمەس. بۇ جەھەتتىكى پا ـ
راڭلارنىڭ ئەڭ كۆپى يېڭى شەكىللىنىۋاتقان ئۇقۇم ۋە
شەيئى ناملىرىنى ئۇيغۇرچە ئاتاش ياكى ئاتىيالماسلىق
ھەققىدە بولۇۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتە بولسا، ئاپتونوم رايونـ
مىزدىكى تىل ـ يېزىق ئاپپاراتلىرى ۋە ئاتالغۇلارنى بېـ
كىتىش تارماقلىرى بۇ ساھەدە كۆپ خىزمەتلەرنى ئىشـ
لەۋاتىدۇ. بىراق، ئۇيغۇر تىلىنى قوللانغۇچى كەڭ خەلق
ئارىسىدا بۇنىڭغا كۆڭۈل بۆلۈش قانچىلىك؟ ئادەتتىكى
كىشىلەرنى دېمەي تۇرايلى، بىزدىكى بىرقەدەر مەدەنىي
قاتلام ھېسابلىنىدىغان زىيالىيلار قوشۇنى بۇنىڭدا قانـ
داق پوزىتسىيە تۇتۇۋاتىدۇ؟!

تېلېۋىزىيە ئېكرانلىرىدا بىزدىكى «ئۈلگىلىك
شەخسلەر» دەپ زىيارەت قىلىنغۇچىلارمۇ سۆزلىرىدە
ئاللىبۇرۇن قېلىپلاشتۇرۇلۇپ بولغان ئۇيغۇرچە ئاتالغۇ ـ
لارنى ئارىلاپ ـ ئارىلاپلا خەنزۇچە دەپ كېتىدۇ؛ ئادەتتىـ
كى سورۇنلاردىمۇ بىر ئۇبدان ئۇيغۇرچىسى بار سۆزلەر ـ
نىمۇ خەنزۇچە ئاتاش بارغانسېرى ئەۋج ئېلىۋاتىدۇ؛ تې ـ
لېۋىزور، كىرئالغۇ، ئۈنئالغۇ، توڭلاتقۇ دېگەندەكلەرنى
ئاغزىدا ئۇيغۇرچە ئاتايدىغانلار يوق دېيەرلىك. ھەتتا بە ـ
زىلەر ئەيمەنمەيلا «بىڭشاڭ»نى ئۇيغۇرچە نېمە دەيتـ
تى؟» دەپ سورىشىدۇ؛ مەن بىرقانچە سورۇندا مەتبۇئات
ساھەسىدىكى يولداشلارنىڭ 主编 ۋەزىپىسىدىكىلەرنى
«باش مۇھەررىر» دەپ تونۇشتۇرۇۋاتقانلىقىنى ئاڭلىدىم
(بۇ ئىلگىرىلا «مەسئۇل مۇھەررىر» دەپ قېلىپلاشتۇ ـ
رۇلغانىدى)، بۇ سۆز ھەتتا ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ئەڭ
ئالىي بىلىم يۇرتلىرى ھېسابلىنىدىغان ئۇنىۋېرسىتېتـ
لارنىڭ ئىلمىي ژۇرناللىرىدىمۇ «باش مۇھەررىر» دەپ
ئېلىنىۋاتىدۇ، تېخىمۇ كۈلكىلىك يېرى شۇكى، ئۇيغۇر
يېزىقىدا چىقىدىغان، مىنىستىر دەرىجىلىك بىر ئورۇنـ
نىڭ باشقۇرۇشىدىكى مەلۇم بىر ژۇرنالنىڭ ژۇرنال خا ـ
دىملىرىنى كۆرسىتىدىغان تىزىملىكىدە ئوخشاش بىر
ئادەمنىڭ ۋەزىپىسى ئۈستىدە «مۇئاۋىن باش مۇھەررىر»
دەپ، ئاستىدا «باش مۇھەررىر» دەپ يېزىلغان. شۇ ژۇر ـ
نالىستلار ھېس قىلمىدىمىكىنە، بىر ئادەمنىڭ ۋەزىپە ـ
سىنى ئوخشاش بىر ژۇرنالدا ئىككى خىل يازسا، ئۇنى
كۆرگۈچىلەر بۇنى قانداق چۈشىنىدۇ؟ ئۇقۇم قالايمىقان ـ
چىلىقى كۆرۈلمەمدۇ؟ خەنزۇچىسىدە بولسا شۇنداق ئې ـ
نىق. ئۇ كىشى باشتا 副总编辑 دەپ، ئاستىدا 主编
دەپ يېزىلغان. ئۇيغۇرچىدىمۇ نېمە ئۈچۈن ئېنىق قې ـ
لىپلاشتۇرۇلغىنى بويىچە ئاستىدىكىنى «مەسئۇل مۇ ـ
ھەررىر» دەپ يازمايدۇ؟

ئومۇمەن بىزدە بۇنداق مىساللار خېلىلا كۆپ تې ـ
پىلىدۇ. گەپ نېمىدە — ئۆزىمىزنىڭ مەسئۇلىيەتسىز ـ
لىكىدە. تىل ـ يېزىق ھەققىدە بەس ـ مۇنازىرە قىلىڭ
دېسە، گويا ھەممە ئادەم تىلشۇناستەك بولۇپ كېتىمىز،
سورۇنلاردا ئەقىل كۆرسىتىشىمىز، ھەتتا يوقىلاڭ گەپلەر
بىلەن تەتۈر شامالغا ئۇسسۇل ئوينايدىغانلارمۇ بار. ئەمە ـ
لىيەتكە كەلگەندە بولسا، ئۆز تىل ـ يېزىقىمىزنى ئۆزى ـ
مىز بۇزىمىز ياكى كۆزگە ئىلمايمىز. پارتىيە ـ ھۆكۈ ـ
مەتنىڭ غەمخورلۇقىدا مەخسۇس ئاپپاراتلار بىزنىڭ تىل ـ
يېزىقىمىزنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ تەتقىقات
نەتىجىلىرى ئاساسىدا ھۆكۈمىتىمىز تىل ـ يېزىقىمىزنى
قېلىپلاشتۇرۇش، ساپلاشتۇرۇشقا مۇناسىۋەتلىك مەمۇرىي
پەرمانلارنى چۈشۈرۈۋاتىدۇ. بىراق ئۆزىمىز بۇنىڭغا ئې ـ
تىبار بەرمەيۋاتىمىز.

مەلۇم بىر تىلنىڭ مۇكەممەللىكىنى ۋە ئۇنىڭ پا ـ
ساھىتىنى ساقلاش ئۈچۈن ئازغىنە مەسئۇلىيەتچان كى ـ
شىلەرنىڭ يازما ئەسەرلەردىلا شۇ تىلنىڭ قائىدە ـ قانۇ ـ
نىيەتلىرىگە، يېڭىدىن قېلىپلاشتۇرۇلۇۋاتقان سۆز ـ ئا ـ
تالغۇلىرىنى توغرا ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشىلا
كۇپايە قىلمايدۇ، ئەلۋەتتە. بەلكى، شۇ تىلدا سۆزلەشكۈ ـ
چى پۈتكۈل خەلقنىڭ شۇ تىلنىڭ ئومۇمىي قائىدىلى ـ
رىنى، بولۇپمۇ بۈگۈنكىدەك كۈندە نەچچىلەپ يېڭى
شەيئى، يېڭى ئۇقۇملار ھاسىل بولۇۋاتقان دەۋردە، شۇ
ئۇقۇم ـ ھادىسىلەرنىڭ قېلىپلاشتۇرۇلغان نام ـ ئىسىم ـ
لىرىنى بىلىشى ۋە ئۇنى جانلىق تىلدا قېلىپلاشتۇرۇل ـ
غىنى بويىچە قوللىنىپ ئوموملاشتۇرۇشىغا توغرا كې ـ
لىدۇ. شۇڭا، مېنىڭچە، ئۇيغۇر تىلىدا سۆزلەشكۈچى
بارلىق كىشىلەر، بولۇپمۇ زىيالىيلار ئۇيغۇر تىلى ھەق ـ
قىدە، بولۇپمۇ ئۇيغۇر تىلىدا قېلىپلاشتۇرۇلۇپ ئېلان
قىلىنىۋاتقان يېڭى سۆز ـ ئاتالغۇلار ھەققىدە ئانچە ـ
مۇنچە ماتېرىيال كۆرۈپ قويۇشى، يېزىقتىلا ئەمەس،
بەلكى ئاغزاكى بايانلىرىدىمۇ ئۇيغۇرچە قېلىپلاشتۇرۇ ـ
لۇۋاتقان ئاتالغۇلارنى توغرا قوللىنىپ، تىلىمىزنىڭ ساپ
ھەم ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۆرتكە بولۇشى كېرەك.

**2. ئاغزاكى بايانلاردىمۇ تىلنىڭ ئىخچام راۋان، يې ـ
پىشقاقلىقىغا ئەھمىيەت بېرىش كېرەك.** (ئاخىرى 20 ـ بەتتە)

# ئانا تىلىمىزغا ھۆرمەت قىلايلى ۋە ئۇنى توغرا قوللىنايلى

مىرزات يارمۇھەممەت

(شىنجاڭ كانچىلىق گۇرۇھى چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى ليۇداۋان كۆمۈركېنى ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى 830018)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە جەمئىيەتتىكى بىر قىسىم كىشىلىرىمىزنىڭ ئانا تىلىمىزنى ئېغىز تىلىدا ياكى يېزىق تىلىدا بولسۇن، توغرا قوللانمايدىغان ۋە ئۇنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان ئەھۋاللار ئەمەلىي مىساللار بىلەن تەنقىد قىلىنىپ، ئانا تىلىمىزنى قەدىرلەش، ھۆرمەتلەش ۋە ئۇنى توغرا قوللىنىش ھەققىدىكى پىكىرلەر بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئانا تىل؛ قوللىنىش؛ سۆز؛ مىللەت.

ھازىر مىللىتىمىز ئارىسىدا ئۆز ئانا تىلىغا ھۆرمەت قىلمايدىغان، ئانا تىلىنى بۇزۇپ سۆزلەيدىغان، ھەتتا ئانا تىلىنى كەمسىتىدىغان، يېزىق تىلىدىمۇ خەتنى توغرا، ئىملا قائىدىسى بويىچە يازمايدىغان، بۇنى كىچىك ئىش دەپ قارايدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. بۇنداق ئەھۋاللار گەرچە زور سالماقنى ئىگىلىمىسىمۇ، ئانا تىلىمىزنىڭ جەمئىيەتتىكى ئوبرازىغا، ئىناۋىتىگە مەلۇم دەرىجىدە داغ تەگكۈزمەكتە. ئالايلۇق، چىرايلىق كىيىنگەن ياشلار كوچا ئاپتوبۇسلىرىغا چىققاندا ياكى باشقا ئاممىۋى سورۇنلاردا ئۆزئارا سۆزلەشكەندە يېرىم ئۇيغۇرچە - يېرىم خەنزۇچە ئەبجەش تىلدا سۆزلىشىپ ئۆزىنىڭ ئىككى تىللىق ئىكەنلىكىنى كۆز - كۆز قىلىشسا، بەزىلىرى ئۆز ئانا تىلىنىمۇ توغرا سۆزلىمەيدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت. ئەلۋەتتە، ئايرىم سورۇنلاردا ياشلار مۇشۇنداق سۆزلىشىپ تىل ئۆگىنىشنى مەيلى ئىدى، ۋەھالەنكى، ئاممىۋى سورۇنلاردا ئەبجەش تىلدا سۆزلەش ياكى تىلنى بۇزۇپ سۆزلەش ئانا تىلىمىزغا قىلىنغان مەسئۇلىيەتسىزلىك، ھۆرمەتسىزلىكتۇر.

ھازىر بەزىبىر ئالىي مەلۇماتلىق زىيالىيلىرىمىزمۇ ئۆزىنىڭ تىل سەۋىيىسىنىڭ قانداقلىقى بىلەن كارى يوق ياكى تىل سەنئىتىگە تازا ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەمدۇ قانداق، پەقەت ئۆزئارا مەقسەت مۇددىئالىرىمىزنى بىلدۈرۈشسەك بولدى، تىلنىڭ توغرا - خاتالىقىنى ئايرىش تىل تەتقىقاتچىلىرىمىزنىڭ ئىشى دەپ قارايدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئۇنداق سەل قارايدىغان ئىش ئەمەس. بىر كىشىنىڭ ئۆز ئانا تىلىدا دۇرۇس سۆزلىشى ياكى سۆزلىيەلمەسلىكى شۇ كىشىنىڭ تىل سەۋىيىسىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. مەسىلەن، «تەكشۈرۈش» دېگەن سۆزنى ئالساق، بەزىلەر بۇ سۆزنى «تەشكۈرۈش» دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىدۇ. يەنە مەسىلەن، «ئۇيغۇر» دېگەن سۆزنى ئالساق، مىللىتىمىزنىڭ نامى بولغان مۇشۇ سۆزنىمۇ «ئۇرغۇي» دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىدۇ. ئۇششاق بالىلار شۇنداق دېيىشىمۇ تىلنى تەلەپپۇز قىلىش ئىقتىدارى تولۇق يېتىلمىگەن دەپ قارايمىز. ۋەھالەنكى، چوڭ - چوڭ قىز - يىگىتلىرىمىزنىڭمۇ «ئۇرغۇي» دەپ خاتا تەلەپپۇز قىلىشى كىشىنى بەكمۇ ئېچىندۇرىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، ئۆز خىزمەت ئورنۇم ليۇداۋان كۆمۈر كېنىدا بىرقانچە يىللار ئىشلەش جەريانىدا ھېس قىلغان، مۇشۇ جايدىكى كىشىلەرنىڭ تۇرمۇش تىلىغا سىڭىپ قالغان مۇنداق بىر سۆزنىمۇ ماقالەمدە مىسالغا ئالسام ئارتۇقچە بولماس: ئۇ بولسىمۇ «بالاگزا» دېگەن سۆز. بۇ سۆز ليۇداۋان تەۋەسىدىكى كىشىلەرنىڭ ئېغىز تىلىدا پات - پاتلا ئۇچرايدۇ. مېنىڭچە، ئەسلىدە بۇ سۆز خەنزۇ ياكى خۇيزۇ يولداشلارنىڭ ئۇيغۇرچە «بالا» دېگەن سۆزنى «بالاڭ»، «بالاگزا» دەپ ئاتىشىدىن كېلىپ چىققان، ئەمدىلىكتە بىر قىسىم كىشىلەر بۇ سۆزنى يېقىنچىلىقنى ئىپادىلەيدىغان، ئۆزئارا كۆرۈشۈشنىڭ بەلگىسى قىلىۋالىدىغان بولدى. بولۇپمۇ، ياشلار بۇ سۆزنى دائىم دېگۈدەك (كان رايونىدا) قوللىنىپ ئۆزىنىڭ مودا تىلىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بۇنىڭ ئورنىغا ئەلۋەتتە «پالانى بارمۇ سەن، پوكۇنى ياخشىمۇ سەن» دەپ ئىسمىنى ئاتىساق، ئاڭلانماقىمۇ چىرايلىق ھەم قارشى تەرەپنىڭمۇ كۆڭلىنى مايىل قىلغىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ!

يېزىق تىلىمىزدىمۇ ساقلانغان مەسىلىلەر ئاز ئەمەس. كوچا - كويلارغا ئېسىلغان نامۇۋاپىق ۋىۋىسكىلار، ئاممىۋى سورۇنلارغا ئېسىپ قويۇلغان قائىدە - تۈزۈم، ئېلان، تەشۋىقات تاختىلىرىدىكى ئىملا خاتالىقلىرى گېزىت - ژۇرناللاردا نۇرغۇن قېتىم تەنقىدلەندى، لېكىن تۈزىتىلمىگەن مەسىلىلەر يەنىلا مەۋجۇت. بىر مىسال ئالسام، بىر كۈنى

قىزىل تاغ يېنىدىكى خەلق ئاۋىئاتسىيىسى بېلەت سېتىش ئورنىغا ئايروپىلان بېلىتى سېتىۋالغىلى بارغاندا، ئىشىكتىن شۇنداق كىرىپلا كۆزۈم ياندىكى تامغا ئۇيغۇرچە چىرايلىق ھەم كۆركەم قىلىپ يېزىپ ئېسىپ قويۇلغان «يولۇچىلار بىلىشكە تېگىشلىك ئىشلار» دېگەن تاختىغا چۈشتى. ئۆزۈممۇ تونجى قېتىم ئايروپىلانغا ئولتۇرىدىغان بولغاچقا بۇ جەھەتتىكى ئىشلارنى بىلىش مەقسىتىدە تاختىدىكى قائىدىنى بىر قۇر كۆرۈپ چىقتىم. ئەپسۇس، بۇنىڭدا بىرمۇنچە ئىملا خاتالىقى، خاتا جۈملىلەر بار ئىدى، مەسىلەن، «بېجىرىش» سۆزىنى «بىقىرىش»، «ترانسپورت» سۆزىنى «گىرانپورت»، «نۆۋەتچى» سۆزىنى «نكۆەتچى»، «ئىلتىماس» سۆزىنى «ئىلمىتاس»، «يولۇچىلار» سۆزىنى «يووۋچىلار» دەپ، «باللارنىڭ بېلەت باھاسى» دېگەن جۈملىنى «باللارنى بېلەت باھاسى» دەپ، «ئايرىم ئورۇندا ئولتۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ» دېگەن جۈملىنى «ئايرىم ئورنىدا ئولتۇرغۇزۇشقا بولمايدۇ» دەپ يېزىپ نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويۇلغان. ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مەدەنىيەت مەركىزى ئۈرۈمچى شەھىرىگە جايلاشقان، مەملىكەت ئىچى- سىرتىدىن سەيلە- ساياھەتچىلەر، يولۇچىلار كېلىپ- كېتىپ تۇرىدىغان مۇشۇنداق چوڭ ئاممىۋى سورۇندىمۇ ئۇيغۇرچە يېزىقىمىزنىڭ توغرا يېزىلمىغانلىقى تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولمامدۇ؟

ھازىر يەنە ئانا تىلىمىزدا تولىمۇ ئەپچىل سۆز- ئىبارىلەر بار تۇرۇقلۇق ئۇنىڭ ئورنىغا خەنزۇچە سۆزلەرنى ئىشلىتىش ئەھۋالى كۆپىيىپ قېلىۋاتىدۇ. مەسىلەن، «ئەۋرەز»نى «شاتئۇيداۋ 下水道»، «سۇغۇرتا»نى «باۋشەن 保险»، «ئوتياش»نى «سەي 菜»، «جەرىمانە»نى «پاكەن 罚款»، «كىملىك»نى «شىگپىگجىڭ 身份证» دەپ سۆزلەيدىغانلار خېلىلا كۆپ.يەنە تۇرلۇك يىغىن، قۇرۇلتاي ۋە چوڭ پائالىيەت سورۇنلىرىدا، رادىئو، تېلېۋىزورلاردا مۇخبىرلارنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلغان ياكى رىياسەتچىلەر تەرىپىدىن سۆزگە تەكلىپ قىلىنغان يولداشلار سۆزلەش ۋە پىكىر بايان قىلىش جەريانىدا تامامەن ئۇيغۇرچە سۆزلىسىمۇ بولىدىغان سۆزلەرگە تىلى كەلمەمدۇ ياكى تىلىمىزدىكى بەزى سۆزلەر ئېغىز تىلىمىزغا تازا كېلىشلىك بولماي قېلىۋاتامدۇ قانداق، خەنزۇچە سۆز- ئىبارىلەرنى بەكلا قوشۇۋالىدۇ. مەسىلەن، «ساقچىخانا»نى «پەيچۇسو 派出所»، «پارتكوم»نى «داگۇي 党委»، «نەمۇنىچى»نى «موپەن 模范» دېگەنگە ئوخشاش نۇرغۇن سۆزلەرنى خەنزۇچە ئالىدۇ.

ئانا تىلىمىزغا بولغان بۇ خىل ھۆرمەتسىزلىك ئالدى بىلەن مىللىتىمىز ئارىسىدىكى بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ ئاڭ سەۋىيىسىنىڭ تۆۋەن، ئانا تىلىنى قىزغىن سۆيۈشى كەمچىل، ئانا تىلىغا بولغان تونۇشىنىڭ يېتەرسىز، ئانا تىلىنىڭ تارىخى توغرىسىدىكى بىلىمىنىڭ يۈزە، ئانا تىلىنىڭ ئەجدادلىرىمىزنىڭ جاپالىق ئەمگىكىنىڭ مەھسۇلى ئىكەنلىكىگە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇر ئەمەسلىكىنى چۈشەندۈرسە، يەنە بىر تەرەپتىن، ئانا تىلىمىزنىڭ ئىجتىمائىي جەمئىيەتتىكى ئورنىغا سەل قارىغانلىق ۋە ئەھمىيەت بەرمىگەنلىك، باشقا مىللەت ۋە باشقا تىللار ئالدىدا ئانا تىلىنى پەس كۆرگەنلىك ۋە كۆزگە ئىلمىغانلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

دۇنيادا مۇتلەق ئىش بولمىغانغا ئوخشاش ساپ تىلنىڭ بولۇشىمۇ مۇمكىن ئەمەس، جۈملىدىن ئۇيغۇر تىلىمۇ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدا بەزى چەت تىللاردىن سۆز قوبۇل قىلدى. بۇ تىللاردىن ئاساسلىقى ئەرەب، پارس، خەنزۇ، رۇس تىللىرى، شۇنداقلا رۇس تىلى ۋاسىتىلىكىدە بىر قىسىم ياۋروپا تىللىرىنى قوبۇل قىلدى. بولۇپمۇ، ئۇزۇن تارىخىي دەۋرلەردىن بۇيان ئۇيغۇر تىلىغا خەنزۇ تىلىدىن نۇرغۇنلىغان سۆزلەر قوبۇل قىلىندى. بۇ سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىنىڭ لۇغەت تەركىبىنى بېيىتىشتا مۇھىم رول ئوينىدى. تۇرمۇشىمىزدا تىل ئىستېمالىمىزغا سىڭىپ كەتكەن بۇنداق سۆزلەرنى قوبۇل قىلغان بويىچە ئاتاش تەبىئىي ئەھۋال. ئەمما، ئانا تىلىمىزدا ئەسلىدە بار بولغان ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ مەيدانغا كەلگەن سۆزلەرنى ئىشلەتمەي، ئۇنىڭدىن پايدىلانماي، ئەكسىچە باشقا تىللارنى ئىشلىتىش تولىمۇ نادانلىق ۋە ئەخمەقلىقتۇر.

تىل- يېزىق بايلىقى بىر مىللەتنىڭ مەنىۋى بايلىقى بولۇپلا قالماستىن، ئۆز نۆۋىتىدە شۇ مىللەتنىڭ ماددىي مەدەنىيىتىنىڭ ئاساسى، جۈملىدىن شۇ مىللەت ياشاۋاتقان جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىدىكى كۈچلۈك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ. ئىنسانلار جەمئىيىتىدە بارلىققا كەلگەن ئىلىم- پەن جەۋھەرلىرى ۋە مەدەنىي مىراسلارغا كېيىنكى ئەۋلادلارنىڭ ۋارىسلىق قىلىشى ۋە ئۇنى ئۆگىنىپ راۋاجلاندۇرۇشى تىل- يېزىق ۋاسىتىسى ئارقىلىقلا ئەمەلگە ئاشىدۇ.شۇنداق بولغانىكەن، تىل- يېزىق بايلىقىمىزنى قەدىرلىشىمىز، ئەجدادلىرىمىزنىڭ بىزگە قالدۇرغان مول تىل بايلىقى بىلەن ھازىرقى دەۋردە تىلىمىزدا يېڭىدىن مەيدانغا كەلگەن ۋە كېلىۋاتقان سۆز- ئىبارىلەردىن ئىمكانقەدەر تولۇق پايدىلىنىپ، ئۇنى جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتى ۋە تۇرمۇشىمىزنىڭ يۈكسىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشىمىز، مەسئۇل بولۇش پوزىتسىيىمىز بىلەن ئانا تىلىمىزغا ھۆرمەت قىلىشىمىز ۋە ئۇنى قىزغىن سۆيۈشىمىز لازىم. مۇشۇنداق قىلغاندىلا، كېيىنكى ئەۋلادلارغا يۈز كېلەلمەيمىز دەپ ئويلايمەن.

يۇقىرىقىلار پەقەت مېنىڭ تۇرمۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا ھېس قىلغانلىرىم ۋە شۇ ھەقتىكى قاراشلىرىم. بۇ توغرىدا جەمئىيەتتىكى ھەرقايسى قاتلام كىشىلىرىنىڭ ئەستايىدىل ئويلىنىپ بېقىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىشقا دائىر بەزى مەسىلىلەر توغرىسىدىكى قاراشلىرىم

ۋاڭ رۇڭدې

(تۇرپان ۋىلايەتلىك ئوتتۇرا خەلق سوت مەھكىمىسى، تۇرپان 838000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە قانۇن- نىزامغا دائىر ھۆججەتلەرنى تەرجىمە قىلىشتىكى بەزى پرىنسىپلار ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ، جۈملىدىن بەزى قانۇن ئاتالغۇلىرىنىڭ تەرجىمىسى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلۈپ، قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا تۈپتىن ئوخشىمايدىغانلىقى، قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلغۇچىلارنىڭ تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈش شەرتى ئاستىدا قانۇن بىلىملىرىنى پىششىق ئىگىلىشى لازىملىقى ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** قانۇن- نىزام؛ تەرجىمە؛ قائىدە؛ ئۆلچەم؛ تەلەپ.

قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش جاپالىق ھەم مەسئۇلىيەتچانلىقى ئېغىر خىزمەت. تۈرلۈك قانۇن- نىزاملارنىڭ كۆپلەپ بارلىققا كېلىشىگە ئەگىشىپ، قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ۋەزىپىسى تەبىئىي ھالدا بىز ئاز سانلىق مىللەت تىل- يېزىق تەرجىمە خىزمەتچىلىرىنىڭ زىممىسىگە يۈكلەنمەكتە. بولۇپمۇ، ئاساسىي قاتلام قانۇن ئىجرا قىلغۇچى ئورگانلىرىدىكى تەرجىمانلار قانۇن- نىزام ۋە تۈرلۈك قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش بىلەنلا چەكلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئەدلىيە ئەمەلىيىتى جەريانىدا نۇرغۇن تەرجىمە خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلىشقا ئوخشىمايدۇ. ئەدەبىي ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسىدە بەزى خاتالىقلار كۆرۈلسە ياكى سۈپەتلەش يۈزىسىدىن بەزى سۆزلەر ئېشىپ ياكى كەملەپ كەتسە، ئومۇمىي ئەسەرنىڭ سۈپىتىگە ئانچە چوڭ تەسىر يەتمەيدۇ. بىراق، قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرىنىڭ تەرجىمىسى كەسكىن ھەم جاپالىق بولۇپ، يۈكسەك مەسئۇلىيەتچانلىقنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇن ھۆججەتلىرىنىڭ تەرجىمىسىدە كىچىككىنە خاتالىق كۆرۈلسە ئېغىر ئاقىۋەت كەلتۈرۈشى مۇمكىن. شۇڭا، قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلغۇچى خادىملار قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش مەسئۇلىيىتىنى چوڭقۇر تونۇپ، ھەربىر ئاتالغۇ ۋە جۈملىلەرنى توغرا تەرجىمە قىلىشى شەرت.

ئۇيغۇرچە قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرىنىڭ ھازىرقى ئەھۋالىدىن قارىغاندا، مېنىڭچە، ھازىر قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرى تەرجىمىسىدە ئاساسلىقى مۇنداق بىرقانچە مەسىلە مەۋجۇت: بىرىنچى، قانۇن ئاتالغۇلىرى بىرلىككە كەلمەسلىك، ھەركىم ئۆز ئالدىغا تەرجىمە قىلىش؛ ئىككىنچى، قانۇن ئاتالغۇلىرىغا پىششىق كەسپىي تەرجىمان كەمچىل بولۇش؛ ئۈچىنچى، قانۇن ئورۇنلىرىدا قانۇن ھۆججەتلىرىنىڭ تەرجىمىسىگە، بولۇپمۇ ئاتالغۇلارنى بىردەك ئىشلىتىشكە ئەھمىيەت بەرمەسلىك؛ تۆتىنچى، تەرجىمانلارنىڭ قانۇن- نىزام ھەققىدىكى ساۋاتى تۆۋەن بولۇش قاتارلىقلار.

ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا «قوينى قاسساپ سويسۇن» دېگەن گەپ بار، قانۇن ئاتالغۇلىرى ۋە قانۇن- نىزام تەرجىمىسىنىمۇ مۇشۇ كەسىپ بىلەن شۇغۇللانغانلار ئوبدانراق بىلىشى مۇمكىن. بىراق، قانۇن- نىزام تەرجىمىسى ساھەسىدىكى پېشقەدەم تەرجىمانلىرىمىزنىڭ ئازىيىپ كېتىشى ۋە باشقا بەزى سەۋەبلەر تۈپەيلىدىن، گېزىت- ژۇرنال ۋە رادىئو- تېلېۋىزورلاردا قانۇن- نىزام ھۆججەتلىرىنى ھەر خىل تەرجىمە قىلىش ئەھۋالى ئۈزلۈكسىز پەيدا بولغانلىقى ئۈچۈن، مەن مۇشۇ ساھەدىكى بەزى مەسىلىلەر ھەققىدە كۆپچىلىكنىڭ دىققەت- ئېتىبارىنى قوزغاش مەقسىتىدە بۇ ھەقتىكى قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويىمەن:

قانۇن ھۆججەتلىرى دېگىنىمىز دۆلىتىمىز ۋە چەت ئەللەردىكى ھەر خىل قانۇنلار، نىزام- قائىدىلەردىن

باشقا ھەر خىل ئىقتىسادىي توختام، ئەھدىنامە، شەرتنامە، پەرمان ۋە ئۇنىڭدىن باشقا ئەدلىيە كەسپىگە دائىر ھەر خىل ھۆججەت، ھۆكۈمنامە، كېلىشىمنامە، كېسىمنامە قاتارلىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلغۇچىلار ئالدى بىلەن تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتۈشى، ئاندىن تەرجىمە قىلىدىغان ھۆججەتتە دۇچ كېلىدىغان تىل ۋە كەسپىنى ئىگىلىشى لازىم. تىل ئۆتكىلىدىن ئۆتكەنلەر، ئەگەر كەسپتىن خەۋىرى بولمىسا، قانۇن ھۆججەتلىرىنى ياخشى تەرجىمە قىلالىشى ناتايىن. ئەمەلىيەتتە، قانۇن ھۆججەتلىرىنى توغرا تەرجىمە قىلمىغانلىق سەۋەبىدىن پەيدا بولغان دەۋا - دەستۇر ئىشلىرىمۇ ئاز ئەمەس. شۇڭا، قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ پرىنسىپى ۋە قېلىپى بولۇشى لازىم.

### 1. ئاتالغۇلارنىڭ بىردەك بولۇش پرىنسىپى

ئەدەبىي ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلغاندا، تەرجىمە تىلىنىڭ ئوبرازلىق چىقىشى ئۈچۈن، ئادەتتە ئوخشاش ئۇقۇم، ئوخشاش مەزمۇن ياكى ئوخشاش شەيئىنى ئوخشاش بولمىغان سۆزلەر بىلەن ئىپادىلەشكە بولىدۇ. بىراق، قانۇن ھۆججەتلىرىدە سۆزلۈكنىڭ كۆپ خىل بولۇشىغا ئانچە ئېتىبار بېرىلمەيدۇ. ئوخشاش بىر خىل ئۇقۇم، مەزمۇن ياكى شەيئىنىڭ قانۇندىكى بىردەكلىكىنى ساقلاش ئۈچۈن ئوخشاش سۆز ئەسلىي ھۆججەتتە كۆپ قېتىم تەكرارلانغان بولسىمۇ، ئۇ بېكىتىلگەنىكەن، تەرجىمىسىدىمۇ باشتىن - ئاخىر ئوخشاش بولۇشى شەرت. مەسىلەن:

违法行为构成犯罪,人民法院判处罚金时,行政机关已经给予当事人罚款的,应当折抵相应罚金。

بۇ ئابزاستا « 罚款,罚金 » دېگەن سۆزنىڭ ئۇقۇمى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، بىراق قانۇندا ئۇنىڭ مەنىسى تۈپتىن پەرقلىنىدۇ. قانۇن كەسپىي ئاتالغۇلىرىدىن خەۋىرى بولمىغان تەرجىمانلار بۇ جۈملىنى مۇنداق تەرجىمە قىلىشى مۇمكىن: «قانۇنغا خىلاپلىق قىلمىشى جىنايەتكە توشقانلاردىن سوت مەھكىمىسى جەرىمانە قويغانلىرىغا مەمۇرىي ئورگاننىڭ قويغان مەمۇرىي جەرىمانىسى قانۇندا قويۇلغان جەرىمانىغا سۇندۇرۇلىدۇ». بۇ تەرجىمىدە يۇقىرىقى ئىككى سۆزنىڭ پەرقىنى پەقەت «جەرىمانە» ۋە «مەمۇرىي جەرىمانە» دەپ ئىزاھلاپ تەرجىمە قىلغان. جۈملە تەرجىمىسىدە خاتالىق بولمىسىمۇ 罚金 بىلەن 罚款 نى ئارىلاشتۇرۇپ، قانۇن كەسپىي ئاتالغۇلىرىنىڭ ئۇقۇمىنى مۇجمەللەشتۈرۈۋەتكەن. ئەگەر، بۇ جۈملىنى «قانۇنغا خىلاپ قىلمىشى جىنايەتكە توشمىغانلاردىن سوت مەھكىمىسى شتىراپ قويغانلىرىغا مەمۇرىي ئورگاننىڭ قويغان جەرىمانىسى قانۇندا قويۇلغان شتىراپقا سۇندۇرۇلىدۇ» دەپ تەرجىمە قىلغان بولساق، 罚金 بىلەن 罚款 نىڭ پەرقى ئېنىق بولغان بولاتتى. شۇڭا، 罚金 نى كەسپىي ئاتالغۇلارنى ئىشلىتىش پرىنسىپى بويىچە قانۇن ھۆججەتلىرىدە بىردەك «شتىراپ» دەپ تەرجىمە قىلىشى، ئۇنى چوقۇم 罚款 (جەرىمانە)دىن پەرقلەندۈرۈشى لازىم. يەنە شۇنىڭغا ئوخشاش خاس ئاتالغۇلاردىن 起诉 دېگەن سۆزنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ بەزى مەسىلىلەر مەۋجۇت. بەزىلەر بۇ سۆزنى بىردەك «ئەيىبلەش» دەپ تەرجىمە قىلىۋاتىدۇ، مېنىڭچە، سۆزلۈكلەرنىڭ ئىشلىتىلىش تەۋەلىكى بويىچە خۇددى سوت مەھكىمىلىرى 罚金نى «شتىراپ» دەپ مەخسۇس قوللانغاندەك، تەپتىش مەھكىمىسىگە كەلگەندە چوقۇم «ئەيىبلەش» دەپ، شەخسلەرنىڭ سوت ئورۇنلىرىغا دەۋا قىلىشىغا دائىر مەزمۇندا كەلگەندە چوقۇم «دەۋا قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلىش لازىم. مەسىلەن، 检察院向法院提出起诉 دېگەن جۈملىنى «تەپتىش مەھكىمىسى سوت مەھكىمىسىگە ئەيىبلىدى» دەپ، 他向法院起诉 دېگەننى «ئۇ سوت مەھكىمىسىگە دەۋا قىلدى» دەپ تەرجىمە قىلىشىمىز لازىم. بۇنداق خاس ئاتالغۇلارنى چوقۇم قانۇن كەسپىدە قېلىپلاشقان سۆز بويىچە تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك.

### 2. ئىخچاملىق پرىنسىپى

قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلغاندا سۆز - ئاتالغۇلار توغرا، كەسپىي ئاتالغۇلار باشتىن - ئاخىر بىردەك بولغاندىن باشقا يەنە ئىخچام بولۇش پرىنسىپىغىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش لازىم. قىسقا ۋە ئىخچام بولۇش تەرجىمىدە ئەمەل قىلىدىغان مۇھىم پرىنسىپ. قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىمۇ بۇ پرىنسىپقا ئەمەل قىلىش لازىم، يەنى ئىمكانقەدەر توغرا، ئىخچام سۆزلەرنى ئىشلىتىش، خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىپ جۈملىنى ئۇزارتىۋېتىشتىن ساقلىنىش لازىم. مەسىلەن:

**中华人民共和国主席令**

第六十九号

《中华人民共和国中小企业促进法》已由中华人民共和国第九届全国人民代表大会常务委员会第二十八次会议于2002年6月29日通过,现予公布,自2003年1月1日起施行。

中华人民共和国　主席　江泽民

2002年6月29日

بۇ پەرماننى تەرجىمە قىلغاندا كۆپىنچە تەرجىمانلىرىمىز «تولۇق تەرجىمە قىلدىم» دەپ « 现予公布 »، « 第二十八次 » دېگەن سۆزلەرنى «ھازىر ئېلان قىلىندى»، «28 - قېتىملىق» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. مې-

نىڭچە، بۇنداق تەرجىمە قىلىشنىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، چۈنكى، مەزمۇن جەھەتتە خاتالىق بولمىسىمۇ، ئىخچاملىق پرىنسىپىغا ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. شۇڭا، تۆۋەندىكىدەك تەرجىمە قىلىشىمىز لازىم:

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى رەئىسىنىڭ پەرمانى**

69 ـ نومۇرلۇق

«جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ ئوتتۇرا، كىچىك كارخانىلارنى ئىلگىرى سۈرۈش قانۇنى» 2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى 9 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ 28 ـ يىغىنىدا ماقۇللىنىپ ئېلان قىلىندى، 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنىدىن باشلاپ يولغا قويۇلسۇن.

**جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ رەئىسى    جياڭ زېمىن**

2002 ـ يىل 6 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى

دېمەك، بۇ تەرجىمىدە تەنتەنىلىك سۆزلەر ئەينەن تەرجىمە قىلىنىپ، ئەسلىي تېكىستىنىڭ ئۇسلۇبى تولۇق ئىپادىلىنىش بىلەن بىللە جۈملە تېخىمۇ ئىخچام ھەم راۋان بولغان.

تۆۋەندىكى سۆزلەرنىمۇ قىسقارتىپ تەرجىمە قىلىش كېرەك: 法定条件 نى «قانۇندا بەلگىلەنگەن شەرت» ئەمەس، «قانۇنىي شەرت» دەپ، 法律法规 نى «قانۇن ۋە قانۇن ـ نىزاملار» ئەمەس، «قانۇن ـ نىزام» دەپ، 行政法规 نى «مەمۇرىي قانۇن ـ نىزام» ئەمەس، «مەمۇرىي نىزام» دەپ، 毒品 نى «زەھەرلىك بۇيۇمى» ئەمەس، «زەھەر» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك.

## 3. ئوخشاش مەنىدىكى ئاتالغۇنى كۆپ خىل تەرجىمە قىلىش ۋە ئوخشاش بولمىغان ئاتالغۇلارنى بىر خىل تەرجىمە قىلىش پرىنسىپى

قانۇن ئاتالغۇلىرىدا نۇرغۇن ئاتالغۇلار كۆرۈنۈشتە ئوخشاش، ھەتتا مەنىداش بولسىمۇ، ئەمەلىيەتتە كونكرېت تەدبىقلىنىشىدا يەنە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ، مەسىلەن، 传票 دېگەن سۆز ھەم قانۇن ئاتالغۇسى ھەم مالىيە، پۇل مۇئامىلە ساھەسىدە كۆپ ئۇچرايدىغان كەسپىي ئاتالغۇ، بۇ ئاتالغۇنى سوت ئورۇنلىرى «چاقىرىقنامە» دەپ تەرجىمە قىلىدۇ. مەسىلەن، 法院传票 نى «سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىقنامىسى» دەپ ئىشلىتىۋاتىمىز. مېنىڭچە، «نامە»نى تاشلاپ «چاقىرىق» دېسەكمۇ خاتا ئەمەس، بەزىلەر 传票 دىكى 转帐传票 نى چۈشەنمەستىنلا سوت مەھكىمىسىنىڭ چاقىرىقىغا ئوخشىتىپ «مېمورىئال چاقىرىقنامىسى» دەپ تەرجىمە قىلىۋەتكەن، بۇ خاتا. بۇنى «مېمورىئال ئوردېر» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. شۇنىڭغا ئوخشاش 询问 بىلەن 讯问 دېگەن سۆزمۇ ئوخشاش مەنىلىك سۆز بولسىمۇ، قانۇن ھۆججەتلىرىدە ئايرىم تەبىر بېرىلگەن. ئۇنى «سۈرۈشتۈرۈش» دەپلا تەرجىمە قىلىپ ئادەتتىكى گەپكە ئايلاندۇرۇشقا بولمايدۇ، چۈنكى بۇ سۆزلەرنى قانۇنغا تەدبىقلىغاندا يەنىلا پەرقى بار. مەسىلەن، 讯问 نى «گەپ سوراش» دەپ تەرجىمە قىلساق بولمايدۇ، بۇنى «سوراق قىلىش» دەپ، 询问 نى «گەپ سوراش» دەپ تەرجىمە قىلىشىمىز كېرەك.

拘传, 拘提, 拘留, 逮捕, 拘捕 دېگەن سۆزلەر خەنزۇچە ماتېرىياللاردا كۆپ ئۇچرايدۇ. 拘捕 بىلەن 逮捕 نى بىردەك «قولغا ئېلىش» دەپ، 拘提, 拘留, 拘传 دېگەن سۆزلەرنى بىردەك «تۇتۇپ تۇرۇش» دەپ تەرجىمە قىلىش كېرەك. بىراق، 拘投 دېگەن سۆزنى بۇنىڭغا ئوخشىتىشقا يەنە بولمايدۇ، بۇ سۆزنىڭ ئاساسلىق مەزمۇنى 投 دا، بۇنى «تۇتۇپ تۇرۇپ ئەمگەككە سېلىش» دەپ تەرجىمە قىلغىنىمىز تۈزۈك.

申诉 دېگەن سۆزنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى كۆپىنچە ھاللاردا «ئەرز، دەۋا» دەپ ئېلىنىۋاتىدۇ. بىراق، بۇ سۆزنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىش دائىرىسى ناھايىتى كەڭ ھەم نازۇك، بولۇپمۇ قانۇن ھۆججەتلىرىدە بىردەك «ئەرز» ياكى «دەۋا» دەپ تەرجىمە قىلىشقا بولمايدۇ. مەسىلەن:

中华人民共和国公民……对于任何国家机关工作人员的违法失职行为有向有关国家机关提出申诉、控告或者检举的权利……(《宪法》第四十一条)

دىكى 申诉 نى ئۇيغۇر تىلىدا «ئەرز قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلساق بولىدۇ. بىراق، دەۋا ئىشلىرىدىكى 申诉 مۇقىم ھۆكۈمگە قارىتىلغان بولۇپ، ئۇنى «ئەرز» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس، بەلكى ھۆكۈمگە نارازى بولۇپ بېرىلگەن 申诉 نى «ئېتىرازنامە» دەپ ئېلىش كېرەك. دېمەك، بۇنداق سۆزلەرنى پەرقلەندۈرمەستىن، بىردەك «ئەرز»، «ئەرز قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلىش ئۇيغۇر تىلى ئادىتىگە ئۇيغۇن ئەمەس، بىر سۆزنى كۆپ خىل تەرجىمە قىلىش ۋە كۆپ سۆزنى بىر خىل تەرجىمە قىلىش ھەرقانداق تەرجىمىدە مەۋجۇت بولۇپ كېلىۋاتقان نورمال ئەھۋال. ئەگەر، ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلماي، بارلىق سۆزنى خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىدىغان بولساق، تىلنىڭ تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە خىلاپلىق قىلىپ، تىلىمىزنى بۇزۇپ قويىمىز.

## 4. تەرجىمىدە ئەستايىدىل، مۇكەممەل بولۇش پرىنسىپى

قانۇن ئاتالغۇلىرىنى تەرجىمە قىلىشتىن بۇرۇن ئاۋۋال شۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسىنى تولۇق چۈشىنىش لازىم. بەزى ئاتالغۇلار كۆرۈنۈشتە ئاددىي بولسىمۇ، ئۇيغۇرچىغا (ئاخىرى 50 ـ بەتتە)

# تاماق ـ قورۇما ناملىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

نائىلجان تۇرغان

(ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئاتالغۇلار ئىشخانىسى، ئۈرۈمچى 830001)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە تاماق ـ قورۇما ناملىرىنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا بەزى قاراشلار ئوتتۇرىغا قويۇلغان بولۇپ، تاماق ـ قورۇملارنى ئۇيغۇرچە ئىپادىلەشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مۇمكىنلىكى بىرنەچچە نۇقتىدىن بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خەنزۇ تىلى؛ ئۇيغۇر تىلى؛ قورۇما؛ خورۇچ؛ ئىپادىلەش.

يېقىندا ساۋاقداشلار ئۇچرىشىشى مۇناسىۋىتى بىلەن شەھىرىمىزدىكى مەلۇم بىر رېستوراندا يىغىلىشىپ ئولتۇرۇشۇپ قالدۇق. رېستوراننىڭ ئۇن كىشىلىك يۇملاق ئۈستىلىدە چۆرىدەپ ئولتۇرۇشىمىزغا، ئىللىق چىراي بىر كۈتكۈچى قىز ھەممىمىزگە بىر پىيالىدىن چاي قۇيدى ۋە خۇرۇمدىن تاشلانغان، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە يېزىقتا بېسىلغان ئۇن بەتلىك قورۇمنامىنى قولىمىزغا سۇنۇپ، تاماق بۇيرۇتۇشىمىزنى ئېيتتى. قورۇمنامىنىڭ بەتلىرىنى ۋاراقلاۋېتىپ كۆڭلۈم تولىمۇ غەش بولدى. شۇنداق چىرايلىق ئۇيغۇرچە خەت نۇسخىسىدا بېسىلغان قورۇما ناملىرىنىڭ ئىچىدىن كۆڭلۈمگە ياققۇدەك، ھەقىقىي ئۇيغۇر تىلىدا يېزىلغان تۈزۈكرەك قورۇما ناملىرىنى ئۇچرىتالمىدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرچە يېزىلغان، ئەمما خەنزۇچە ئاھاڭى بويىچە ئېلىنغان قورۇما ناملىرى ئىچىدىن تاللاپ تۇرۇپ «داپەنجى»، «خۇڭشاۋ ۋەنزە»، «يۇشاڭرۇسى»، «گۇيرۇ»... دېگەندەك قورۇملارنى ئۇيغۇر كۈتكۈچىگە خەنزۇچە ئاھاڭى بويىچە ئېيتىپ بەردۇق، ئۇ قىزمۇ بۇ خەنزۇچە ناملارنى ئۇيغۇرچە يېزىقتا زاكاز تالونىغا يېزىۋالدى. ئۇ قىز چىقىپ كەتكەندىن كېيىن، ساۋاقداشلار غۇلغۇلا قىلىشىپ قالدۇق:

ــ شۇنداق چىرايلىق بېزەلگەن ئۇيغۇر رېستورانى تۇرۇپ، قورۇما ناملىرىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك خەنزۇچىكەنا؟

ــ ئۇيغۇر تىلىنىڭ بۇ ناملارنى ئىپادىلەشكە كۈچى يەتمەمدۇيا؟......

شۇنداق ، بۇ خىل ناملارنى ئىپادىلەشكە ئۇيغۇر تىلىنىڭ كۈچى راست يەتمەمدۇ؟ ياق ، ھەرگىز ئۇنداق ئەمەس. ئۇيغۇر تىلى ئەزەلدىن ئىپادىلەش كۈچىگە باي يېپيېشقاق تىل. ئاتا ـ بوۋىلىرىمىز بۇ تىل ئارقىلىق چەكسىز شەيئىلەرنى ئىپادىلەپ، ساناقسىز ئەسەرلەرنى يارىتىپ كەلگەن. بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئۇنىڭ ئىپادىلەش كۈچى ھەرگىزمۇ ئاجىزلاپ كەتمەيدۇ، بەلكى بارغانسېرى ئاشىدۇ. ئۇنداقتا، بۇ خىل قورۇما ناملىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا قانداق قىلغاندا چۈشىنىشلىك، راۋان ئىپادىلىگىلى بولىدۇ؟ تۆۋەندە مەن بۇ توغرۇلۇق ھېس قىلغانلىرىمنى كۆپچىلىكنىڭ كۆرۈپ بېقىشىغا سۇنماقچىمەن.

تاماق ـ قورۇما ناملىرىنىڭ تەرجىمىسىمۇ تەرجىمىنىڭ بىر تۈرى، شۇنداقلا ئاتالغۇشۇناسلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى. شۇنداق ئىكەن، ئۇنىڭ تەرجىمىسىدىمۇ دۇرۇس بولۇش، راۋان بولۇش، گۈزەل بولۇشتەك تەرجىمە پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە ئىخچاملىقىغا، چۈشىنىشلىك بولۇشىغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك. مېنىڭچە، بۇنىڭ ئۈچۈن تۆۋەندىكەك ئۇسۇللارنى قوللىنىش مۇۋاپىق دەپ قارايمەن:

## 1. خۇرۇچىغا قاراپ تەرجىمە قىلىش

خەنزۇ تىلىدىكى قورۇما ناملىرىغا كۆز يۈگۈرتىدىغان بولساق، شۇنى ھېس قىلالايمىزكى، بۇ تىلدا بىر قىسىم قورۇملار شۇ قورۇمىغا ئىشلىتىلگەن ئاساسلىق خۇرۇچلارنىڭ نامى بىلەن ئاتىلىپ، شۇ قورۇمىنى چۈشىنىشلىك، ئىخچام ئىپادىلەپ بەرگەن. مەسىلەن ، 青椒肉丝نى ئالساق، بۇنىڭدىن بىز بۇ خىل قورۇمىنىڭ ئاساسلىق خۇرۇچىنىڭ كۆكمۈچ ۋە قەلەمچە

قىلىنغان گۆش ئىكەنلىكىنى قاراپلا بىلەلەيمىز. 韭菜肉 نى ئالساق، بۇنىڭدىن بىز بۇ قورۇمىنىڭ ئاساسلىقى كۆدە بىلەن گۆشتىن قورۇلغانلىقىنى بىلەلەيمىز. دېمەك، بۇ خىل ئۇسۇل قورۇما ناملىرىنى ئىپادىلەشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، تەرجىمىدە بۇ خىل ئۇسۇلدىن پايدىلىنىشقا تامامەن بولىدۇ. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق خېلى كۆپ تاماق- قورۇمىلارغا نام بېرىلگەن. مەسىلەن، «تۇخۇم پوشكىلى»، «شېكەر مانتىسى»، «كاۋا مانتىسى» دېگەنگە ئوخشاش. هازىرمۇ خەنزۇ تىلىدا ئىپادىلىنىۋاتقان بىر قىسىم قورۇما ناملىرىنى بۇ خىل ئۇسۇلدا تەرجىمە قىلىپ ئىپادىلەشكە تامامەن بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| كۆكمۇچلۇق گۆش قەلەمچىسى | 青椒肉丝 |
| مۇچ توخۇ قورۇمىسى | 辣子鸡 |
| كۆدە گۆش قورۇمىسى | 韭菜肉 |
| تەرخەمەك توغرامچىسى | 黄瓜段 |
| نان گۆش قورۇمىسى | 馕炒肉 |
| كۆپ خۇرۇچلۇق توخۇ توغرامچىسى | 宫爆鸡丁 |

بۇنىڭدىن كۆرۈۋالغىلى بولىدۇكى، بۇ خىل ئۇسۇل ئارقىلىق بىز يەنە نۇرغۇن قورۇما ناملىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا ئىپادىلىيەلەيمىز ۋە «چىڭجياۋرۇسى»، «سۇگباۋياگرۇ» دېگەنگە ئوخشاش يېزىقى ئۇيغۇرچە، ئوقۇلۇشى خەنزۇچە بولغان بىنورمال ئەھۋالغا خاتىمە بېرەلەيمىز.

**2. پىشۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىش**

ھەممىمىزگە مەلۇم، ھەرقانداق بىر تاماق- قورۇمىنىڭ ئۆزىگە خاس پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلى، شەكلى ۋە ئالاھىدىلىكى بولىدۇ، مانا بۇخىل پىشۇرۇلۇش ئالاھىدىلىكلىرىنىڭ ئوخشىماسلىقىغا قاراپ تاماق- قورۇمىلارنىڭ تەملىرىدىمۇ ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكلەر بولىدۇ. خەنزۇ تىلىدا خېلى كۆپ قىسىم قورۇمىلارغا نام قويۇشتا، شۇ قورۇمىنىڭ قورۇلۇش ئالاھىدىلىكى ئاساس قىلىنغان بولۇپ، شۇ خىل قورۇمىنىڭ پىشۇرۇلۇش ئۆزگىچىلىكى ئوبرازلىق ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىلگەن. تەرجىمىدە بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىش ئارقىلىق يەنە بىر قىسىم قورۇما ناملىرىنى ئۇيغۇر تىلىدا چۈشىنىشلىك ئىپادىلەپ بەرگىلى بولىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇلدا ئىپادىلەنگەن قورۇما ناملىرى، ئىشىنىمەنكى، چوقۇم ئۆزىنىڭ چۈشىنىشلىكلىكى، ئىخچاملىقى بىلەن كەڭ ئىستېمالچىلارغا، يەنى خەلقىمىزگە ئومۇملىشىپ كېتەلەيدۇ. شۇنداق بولغاندا بىز خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم قورۇما ناملىرىنى تۆۋەندىكىدەك ئىپادىلىيەلەيمىز:

| | |
|---|---|
| ئۆلۈغ ئوت بۆرەك قورۇمىسى | 爆炒腰花 |
| قورۇما كاۋاپ | 炒烤肉 |
| داغلىما توخۇ قانىتى | 炸鸡翅 |
| داغلىما تاسما بېلىق | 干炸带鱼 |
| قورۇلما خاسىڭ مېغىزى | 油炸花生米 |
| قىزارتىلما گۆش كوملىچى | 红烧丸子 |
| قىزارتىلما پىدىگەن | 红烧茄子 |
| ياپىلاقلانغان يېيىسى توخۇ | 红扒全鸡 |
| توغرالما قوي گۆشى | 白切羊肉 |

**3. تەم ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن تەرجىمە قىلىش**

خەنزۇ تىلىدا يەنە بىر قىسىم قورۇما ناملىرى بولۇپ، بۇ ناملار شۇ قورۇمىلارنىڭ پىشۇرۇلغاندىن كېيىنكى تەم ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن قويۇلغان. ئۇيغۇر تىلىدىمۇ بۇ خىل ئۇسۇلنى قوللىنىشقا تامامەن بولىدۇ. مەسىلەن، خەنزۇ تىلىدىكى 鱼香肉丝 قورۇمىسىنى ئالساق، بۇ قورۇمىنىڭ خۇرۇچىغا قەلەمچە قىلىپ توغرالغان قوي گۆشى ۋە باشقا دورا دەرمەك، كۆكتاتلار ئىشلىتىلگەن بولۇپ، قورۇلۇپ چىققاندىن كېيىنكى تەمى خۇددى بېلىق گۆشىنىڭ تەمىگە ئوخشاش تېتىيدۇ. بىز بۇ قورۇمىنىڭ مانا مۇشۇ خىل تەم ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۇ قورۇمىنى ئۇيغۇر تىلىدا «بېلىق تەملىك گۆش قەلەمچىسى» دەپ ئالساق ئەلۋەتتە بولىدۇ. يەنە ئالساق، 椒麻鸡 هازىر خېلى كۆپ ئادەم ياقتۇرۇپ يەيدىغان توخۇ قورۇمىلىرىنىڭ بىر تۈرى بولۇپ، ئۇنىڭدا كاۋاۋىچىنىڭ تەمى قويۇقراق، شۇڭا ئۇنىڭ بۇ خىل تەم ئالاھىدىلىكىنى ئاساس قىلىپ تۇرۇپ «كاۋاۋىچىن تەملىك توخۇ (گۆشى)» دەپ ئالساق بولىدۇ. ئومۇمەن بۇ خىل ئۇسۇلمۇ بىر قىسىم قورۇما ناملىرىنى ئىپادىلەشتىكى ئۈنۈملۈك ئۇسۇللارنىڭ بىرى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق يەنە تۆۋەندىكىدەك قورۇما ناملىرىنى ياسىيالايمىز:

| | |
|---|---|
| چۈچۈمەل سىڭىر | 酸辣蹄筋 |
| چۈچۈمەل بەرەنگە (ياڭيۇ) قەلەمچىسى | 酸辣土豆丝 |
| مەززىلىك توخۇ تاشلىقى | 五香鸡胗 |
| بېلىق تەملىك پىدىگەن قورۇمىسى | 鱼香茄丝 |
| ئاچچىق- چۈچۈك قوي شىرىقى | 胡辣羊蹄 |
| تاتلىق چۇرۇك بېلىق | 糖酥脆皮鱼 |
| چۈچۈمەل قوي قوۋۇرغىسى | 香辣羊排 |

**4. ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىش**

بىزگە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلى ئىپادىلەش كۈچى يۇقىرى يېيىشقاق تىل بولۇش سۈپىتىدە ئەزەلدىن

ئۇيغۇرلارغا خاس بولغان قورۇمىلارنى ئىخچام، چۈشىنىشلىك ناملار بىلەن ئىپادىلەپ كەلگەن. ھازىر خەنزۇ تىلىدا ئىشلىتىلىۋاتقان بىر قىسىم تاماق - قورۇمىلار ئالاھىدىلىكى، پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلى جەھەتتىن بەزى ئۇيغۇر تاماق - قورۇمىلىرىغا ئاساسىي جەھەتتىن ئوخشاپ كېتىدۇ. مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر قىسىم تاماق - قورۇما ناملىرىنى تىلىمىزدا بار بولغان تاماق - قورۇما ناملىرى بىلەن تۇرلەپ ئىپادىلىسەك، چۈشىنىشلىك ھەم ئوبرازلىق ئىپادىلىنىشى مۇمكىن. مەسىلەن، 大盘鸡 نىڭ قورۇلۇشى بىزدىكى قوي گۆشى ياكى كالا گۆشىدىن قىلىنغان قورداقنىڭ پىشۇرۇلۇش ئۇسۇلى بىلەن ئوخشاش ، يەنى قورداقتا كالا گۆشى ياكى قوي گۆشى سېلىنسا، 大盘鸡 گە توخۇ گۆشى سېلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ خىل ئورتاقلىقىغا ئاساسەن 大盘鸡 نى «توخۇ قوردىقى» دەپ ئالساق تامامەن بولىدۇ. بۇنىڭغا ماس ھالدا يەنە تۆۋەندىكىدەك قورۇما ناملىرىنى ئۆزلەشتۈرۈپ ياساشقا بولىدۇ:

| | |
|---|---|
| ياۋا توشقان قوردىقى | 大盘野兔 |
| كالا گۆشى ئۈگرىسى | 牛肉面 |
| ساماۋار شورپىسى | 火锅 |
| داشقايناق | 大杂烩 |
| يەرلىك توخۇ ياپمىسى | 土鸡焖花卷 |

**5. ئوبرازلىق ئىپادىلەش**

خەنزۇ تىلىدا ئىپادىلىنىۋاتقان يەنە بىر قىسىم قورۇمىلار باركى، بۇ قورۇمىلارنىڭ نامىنى يۇقىرىقى ئۇسۇللار ئارقىلىق تەرجىمە قىلغاندا چۈشىنىكسىز، ئۇزۇندىن - ئۇزۇن سۆز بىرىكمىسىگە ئايلىنىپ قېلىشى ھەم ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىپادىلەش ئالاھىدىلىكىگە ئۇيغۇن كەلمەسلىكى مۇمكىن. مانا بۇ خىل قورۇمىلارنى ئىپادىلەشتە، مەنە جەھەتتىن شۇ خىل قورۇمىلارنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرەلەيدىغان سۆزلەرگە ھاۋالە قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن، 过油肉 نى ئالساق، بۇ سۆز ھازىرغىچە خەنزۇچە ئاھاڭى بويىچە «گۇيرۇ» دەپ ئىشلىنىپ كېلىۋاتىدۇ، 过油肉 «ياغدىن ئۆتكۈزۈش» دېگەندەك مەنىگە ئىگە بولۇپ، يېرىم پىشۇرۇپ تەييارلانغان گۆشنى قىزىغان ياغدىن ئۆتكۈزۈپ قورۇلىدۇ. بىزدە يېرىم پىشۇرۇلغان گۆش ياكى باشقا يېمەكلىكلەرنى قىزىغان ياغدىن ئۆتكۈزۈشنى «غۇيغۇيلاش»، «غۇيغۇي قىلىش» دەيدىغان ئادەت سۆزى بار. مانا بۇ سۆز ئارقىلىق 过油肉 نى «غۇيغۇي گۆش قورۇمىسى» دەپ ئىپادىلىسەك تازا جايىدا چۈشكەن بولىدۇ، خەلقىمۇ تېز ئۇمۇملىشىپ كېتەلەيدۇ. بۇنىڭدىن باشقا يەنە خەنزۇ تىلىدا 拔丝 سۆزىدىن ياسالغان قورۇما تۈرلىرى بولۇپ، شېكەر قىيامىدىن قورۇلغان ھەرخىل مېۋە ياكى كۆكتاتلارنى كۆرسىتىدۇ، ئۇنىڭ ئالاھىدىلىكى شۇكى، قورۇمىنى چوكىدا قىسىپ تارتقاندا قىيام سوزۇلۇپ «قىل» ( 丝 ) ھاسىل قىلىدۇ. شۇڭا، قىيامنىڭ سوزۇلۇش ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن بۇ خىل قورۇمىلارنى «قىيام» سۆزى بىلەن ئىپادىلەشكە تامامەن بولىدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| قىياملىق ئالما | 拔丝苹果 |
| قىياملىق بەرەڭگە | 拔丝土豆 |
| قىياملىق نەشپۈت | 拔丝香梨 |
| قىياملىق تۇخۇم تۈرمىلى | 拔丝蛋卷 |

ئومۇمەن، تەرجىمىنىڭ چېتىلىش دائىرىسى كەڭ، تاماق - قورۇما ناملىرىنىڭ تەرجىمىسىمۇ تەرجىمىنىڭ بىر تۈرى بولۇش سۈپىتى بىلەن، ئۇنىڭغا قويۇلىدىغان تەلەپمۇ تەرجىمە تەلىپى بىلەن ئوخشاش. پەقەت بىز ھەربىر تاماق - قورۇما ئۈستىدە ئەستايىدىل ئىزدىنىپ، تەتقىق قىلىدىغانلا بولساق، ئاشخانىمىزنىڭ، رېستورانلىرىمىزدا تاماق - قورۇمىلارنىڭ ئۇيغۇرچە نامى بولماسلىقتەك ئەھۋالغا خاتىمە بېرەلەيمىز.

يۇقىرىقىلار مېنىڭ دەسلەپكى قەدەمدە ھېس قىلغانلىرىم، بۇنىڭدا يېتىشمىگەن تەرەپلەر بولۇشى تەبىئىي. لېكىن، مەقسىتىم پەقەت شۇكى، بۇ كۆپچىلىكنىڭ دىققىتىنى تارتىپ قالسا ۋە بۇ توغرىدا يېڭى خىزمەتلەر ئىشلىنىپ قالسا !

(بېشى 41 ـ بەتتە)

سېلىشتۇرما لۇغەتلەردە، بۇنداق سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىسى ئاساسەن بىر خىللا ئېلىنغان بولغاچقا، تەرجىمە ئېھتىياجىنى قامدىيالمايۋاتىدۇ. مەسىلەن:

专业، 产业، 事业 دېگەنلەر خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە لۇغەتلەردە «كەسىپ»، «كەسپىي» دەپ ئېلىنغان؛ يەنە 要求، 请求، 恳求 دېگەنلەر «تەلەپ قىلىش»، «ئىلتىماس قىلىش» دەپ ئېلىنغان، ۋەھاكازالار.

تەرجىمىدە كۆرۈلىدىغان بىر قىسىم خاتالىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن، كەڭ تەرجىمانلار مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەر ئۈستىدە كۆپرەك ئىزدىنىپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق پەرقلەندۈرۈپ تەرجىمە قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىشى، شۇنداقلا ئاز سانلىق مىللەت تىللىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش - بېكىتىش تارماقلىرىمۇ خەنزۇچىدىكى مۇشۇنداق سۆزلەرنىڭ ئۇيغۇرچىدىكى مەنىلىرىنى تولۇق، توغرا قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىشكە ئەھمىيەت بېرىشى لازىم.

**پايدىلانمىلار**


[1]«خەنزۇچە - ئۇيغۇرچە تەرجىمە دەرسلىكى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995.

[2]«يېزا ئىگىلىك قانۇن - نىزاملار توپلىمى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ پەن - تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى، 1998.

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 ـ سان)
第 22 卷 ( 总第 145 期 )
Volume 22 ( General No. 145 )

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译 ( 维吾尔文 )
Language and Translation ( Uighur )

2003 ـ يىل 2 ـ سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

# «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» (2 توملۇق)تىكى قىسمەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا

مۇھەممەدجان سۇلايمان

(«شىنجاڭ نېفت گېزىتى» ئىدارىسى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، قاراماي 834000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە يېقىندا نەشر قىلىنغان «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» (ئىككى توملۇق)تىكى قىسمەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسىدە كۆرۈلگەن بەزى مەسىلىلەر تەھلىل قىلىنىپ، بۇ ھەقتىكى تەكلىپ ـ پىكىرلەر ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** لۇغەت؛ سۆز ـ ئاتالغۇ؛خەنزۇچە؛ ئۇيغۇرچە.

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىل 5 ـ ئايدا نەشر قىلىپ تارقىتىلغان 2 توملۇق « خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ كۆپلۈكى، مەزمۇن دائىرىسىنىڭ كەڭلىكى ۋە بېسىلىش سۈپىتىنىڭ ياخشىلىقى بىلەن لۇغەتچىلىكىمىزدىكى يېڭى نامايەندە سۈپىتىدە، تىل ـ تەرجىمە كەسپى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار، جۈملىدىن تەرجىمانلار ئۈچۈن نۇرغۇن قولايلىقلارنى ئېلىپ كېلىپ، تەرجىمە ساھەسىدىكى خېلى كۆپ مەسىلىنىڭ ھەل قىلىنىشىغا ياردەم بەردى ھەمدە پايدىلانغۇچىلارنى نۇرغۇن قىممەتلىك ۋە توغرا سۆز ـ ئاتالغۇلار بىلەن تەمىن ئەتتى.

مەن بۇ لۇغەتتىن پايدىلىنىش داۋامىدا، ئۇنىڭدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى ھېس قىلىش بىلەن بىللە، قىسمەن سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ دېگەندەك مۇۋاپىق ئېلىنمىغانلىقىنىمۇ بايقىدىم. شۇڭا، بۇ ھەقتە كەسىپداشلار بىلەن پىكىر بىرلىكى ھاسىل قىلىش مەقسىتىدە، ئۆز قارىشىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

1. 安全事故 : بۇ ئاتالغۇ مەزكۇر لۇغەتتە «بىخەتەرلىك ھادىسىسى» دەپ ئېلىنغان ھەم ئەمەلىي ئىستېمالدىمۇ شۇنداق قوللىنىلىۋاتىدۇ. دېمىسىمۇ خەنزۇچە خەتكە ئاساسلانغاندا، ئۇنىڭدىن شۇنداق مەنە چىقىدۇ. خەينەن نەشرىياتى تەرىپىدىن 1996 ـ يىلى نەشر قىلىنغان « 高级汉语词典 »دىمۇ 安全 سۆزىنىڭ «خەۋپكە ئۇچرىمايدىغان، زىيانسىز، بىخەتەر» دېگەن مەنىنى، 事故 نىڭ «كۈتۈلمىگەن زىيان، ئاپەت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدىغانلىقى شەرھلەنگەن. 安全事故 ئىشلەپچىقىرىش داۋامىدا ماشىنا ـ ئۈسكۈنىلەردە ۋە تۈرلۈك مەشغۇلات ئوبيېكتلىرىدا كۆرۈلىدىغان ئوت كېتىش، پارتلاش ۋە ئادەم ئۆلۈش، يارىلىنىشقا ئوخشاش ھادىسىلەرگە قارىتا ئېيتىلىدىغان ئاتالغۇ بولۇپ، ئىشلەپچىقىرىشقا مۇناسىۋەتسىز ھادىسىلەر 安全事故 دېيىلمەستىن، «قاتناش ھادىسىسى» ياكى باشقا ھادىسە دەپ ئاتىلىدۇ. تىلىمىزدىكى،« بىخەتەرلىك» دېگەنلىك ھادىسە كۆرۈلمەيدىغان مۇھىتنى، ھادىسىنىڭ يۈز بەرگەنلىكى شۇ مۇھىتنىڭ بىخەتەر ئەمەسلىكىنى بىلدۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇ بىر پۈتۈن ئاتالغۇنى «بىخەتەرلىك ھادىسىسى» دەپ قوللانغاندا، تىل ئادىتىمىزدە «خەتەرلىك ھادىسىسى» دېيىلىدىغان ھادىسە بولمىغانلىقى ئۈچۈن، ئۇقۇم جەھەتتە مۈجمەللىك پەيدا قىلىدۇ. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇنى «بىخەتەرلىك ھادىسىسى» دەپ قوللانماستىن، «ئىشلەپچىقىرىش ھادىسىسى» دەپ قوللانساق، ھەم ئۇقۇم جەھەتتىكى مۈجمەللىكتىن ساقلىنالايمىز، ھەم ھەقىقىي مەنىسى بويىچە توغرا قوللانغان بولىمىز.

2. 白开水 : بۇ ئاتالغۇ « قۇرۇق قايناقسۇ» دەپ ئېلىنغان. خەنزۇچىدىكى 开水 ياكى 白开水 دېگەنلەر ئوخشاشلا قاينىتىلغان سۇنىلا كۆرسىتىدۇ. يۇقىرىقى خەنزۇچە لۇغەتتىمۇ 白开水 گە «قاينىتىلغان، ئەمما ھېچنېمە ئارىلاشتۇرۇلمىغان سۇنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلگەن. بۇ ئاتالغۇ 1989 ـ يىلى 3 ـ ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان 2 توملۇق «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» تىمۇ «قايناقسۇ، داغ سۇ» دەپ ئېلىنغان. تىلىمىزدا قاينىتىلغان سۇ «قايناقسۇ، داغ سۇ» دەپ ئاتىلىدۇكى، ئۇ ھەرگىزمۇ «قۇرۇق قايناق سۇ، ھۆل قايناقسۇ» دەپ ئايرىلمايدۇ. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇنى «قايناق سۇ» دەپ قوللانساقلا كۇپايە.

3. 白衣战士 : بۇ ئاتالغۇ « ئاق خالاتلىق جەڭچى» دەپ ئېلىنغان. «جەڭچى» دېگەن سۆز جەڭگە قاتناشقۇچى ئەسكەر ۋە ھەربىي خادىملارغا قارىتا ئېيتىلىدىغان

سۆز بولۇپ، جەڭچى ئادەتتە ماشىرەك ھەربىي فورما كىيىدۇكى، خالات كىيمەيدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئاتالغۇ تېببىي خادىملارغا قارىتا ئىشلىتىلگەن بولۇپ، ئۇنىڭغا «جەڭچى» دېگەن سۆزنى قوشۇۋالغاندا، ئۇقۇم جەھەتتە مۇجمەللىك كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. يۇقىرىقى خەنزۇچە لۇغەتتىمۇ بۇ ئاتالغۇنىڭ دوختۇر، سېستىرالارنى كۆرسىتىدىغانلىقىغا دائىر ئىزاھات بېرىلگەن. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇنى يەنىلا ھەقىقىي مەنىسىگە ئاساسەن، «تېببىي خادىم» دەپ قوللىنىشىمىز لازىم.

4. 半人树: بۇ ئاتالغۇ لۇغەتتە «يېرىم ئادەم دەرەخ» دەپ خەتمۇخەت تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنداقتا «پۈتۈن ئادەم دەرەخ» دېمەمۇ دەرەخ بولامدۇ؟ خەنزۇچىدىكى بۇ سۆز يېرىمى ئادەمگە، يېرىمى دەرەخكە ئوخشايدىغان ياكى ئادەم دېسە ئادەمگە، دەرەخ دېسە دەرەخكە ئوخشىمايدىغان بىر خىل دەرەخكە قارىتا ئىشلىتىلگەن. تىلىمىزدا بۇنىڭغا دائىر «ئادەمسىمان مايمۇن» دېگەندەك ئاممىباب سۆزلەر بار. شۇڭا، بۇ سۆزنىمۇ «ئادەمسىمان دەرەخ» دەپ قوللىنىشىمىز كېرەك.

5. 保健: بۇ سۆز لۇغەتتە «ئامانلىق ۋە سالامەتلىكنى ساقلاش» دەپ بەك ئۇزارتىۋېتىلگەن ھەم دېگەندەك توغرا تەرجىمە قىلىنمىغان. 1989 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 2 توملۇق «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»تە «ساقلىق ساقلاش» دەپ توغرا تەرجىمە قىلىنغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تىل ئادىتىمىزدە «سالامەتلىكنى ئاسراش» دېيىلىدۇكى، «سالامەتلىكنى ساقلاش» دېيىلمەيدۇ. يەنى سالامەتلىكنى ئاسرىغىلى بولىدۇ، ساقلىغىلى بولمايدۇ. يەنە كېلىپ، بۇ سۆزنىڭ «ساقلىق ساقلاش» دەپ بىر ئۇبدان قېلىپلاشتۇرۇلۇپ قوللىنىلىۋاتقىنىغا خېلى بولغان تۇرسا، ئۇنى يەنە نېمە ئۈچۈن شۇ بويىچە قوللانمايمىز؟

6. 加油站: بۇ ئاتالغۇ «ماي قاچىلاش پونكىتى» دەپ ئېلىنغان ھەم خېلىدىن بېرى شۇنداق قوللىنىلىۋاتىدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ئاتالغۇنىڭ مەنىسى ھەممە كىشىگە ئايان. بىزنىڭ «يېقىلغۇ گاز بىلەن تەمىنلەش شىركىتى»، «ماددىي ئەشيا بىلەن تەمىنلەش شىركىتى»، «ئۆي ـ مۈلۈك باشقۇرۇش شىركىتى» دېگەنگە ئوخشاش ئاتالغۇلىرىمىز ئىخچاملىنىپ «يېقىلغۇ گاز شىركىتى»، «ماددىي ئەشيا شىركىتى» ۋە «ئۆي ـ مۈلۈك خوجىلىقى» دەپ قېلىپلاشتۇرۇلغىنىغا ئوخشاش، «ماي قاچىلاش پونكىتى» دېگەن بۇ ئاتالغۇنىمۇ «ماي پونكىتى» (ياكى «تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلىدا بېرىلگەن تەكلىپ بويىچە «مايخانا») دەپ ئىخچاملاپ قوللانساق، بىلدۈرمەكچى بولغان مەنە يەنىلا ئېنىق ئىپادىلىنىدۇ.

7. 背斜: بۇ گېئولوگىيىلىك يەر قاتلىمىغا دائىر سۆز بولۇپ، مەزكۇر لۇغەتتە «ئانتىكلىن، تەتۈر يانتۇ» دەپ ئېلىنغان. بۇ تەرجىمىدىكى «ئانتىكلىن» كىشىدە ئابستراكىت چۈشەنچە پەيدا قىلسا، «تەتۈر يانتۇ» كىشىدە «تەتۈر يانتۇ قانداق بولىدىغاندۇ، ئوڭ يانتۇچۇ؟» دېگەنگە ئوخشاش سوئال تۇيغۇسى پەيدا قىلىدۇ. نېفىت سانائىتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1993 ـ يىلى نەشر قىلىنغان «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە نېفىتلىك ئۆزلەشتۈرۈش لۇغىتى» دە بۇ ئاتالغۇغا: «يادروسى كونا يەر قاتلىمىدىن تەركىب تاپقان، ئۈستىگە چوقچىيىپ چىققان گېئولوگىيىلىك قاتلام بۆلىكىنى كۆرسىتىدۇ» دەپ ئىزاھات بېرىلىپ، ئۇيغۇرچە «دۈمپۈرمە» دەپ ئېلىنغان. نۆۋەتتە نېفىتلىكتە «كۆتۈرۈلمە» دەپ قوللىنىلىۋاتىدۇ. شۇڭا، بۇ سۆزنىڭ تەرجىمىسىنى «كۆتۈرۈلمە» دەپ ئالساق، ھەم توغرا، ھەم چۈشىنىشلىك بولىدۇ.

8. 出生证 : بۇ ئاتالغۇ مەزكۇر لۇغەتتە «تۇغۇت گۇۋاھنامىسى» دەپ ئېلىنغان. ئەمەلىيەتتە 1989 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 2 توملۇق «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»تە «تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسى» دەپ توغرا ئېلىنغانىدى. چۈنكى، 出生证بالا تۇغۇلغاندىن كېيىن، نوپۇسقا ئالدۇرۇشتا بالىنىڭ تۇغۇلغانلىقىغا ئىسپات كۆرسىتىش مەقسىتىدە دوختۇرخانىدىن بېجىرىلىدىغان كىنىشكا. شۇڭا، بۇ ئاتالغۇنى «تۇغۇت گۇۋاھنامىسى» دېمەستىن، «تۇغۇلۇش گۇۋاھنامىسى» دەپ قوللىنىشىمىز كېرەك.

ئۇنىڭدىن باشقا، مەزكۇر لۇغەتتە يەنە 半时间 ، 半神秘 ، 半细胞 ، 凹角 ، 安慰费 ، 扳手头 ، 保密通信制 ، 保险准备 دېگەن سۆز ـ ئاتالغۇلارمۇ «يېرىم ۋاقىت، يېرىم سىرلىق، يېرىم ھۈجەيرە، بۇلۇڭ، تۆلەم پۇلى، بولتا (بۇرما) بېشى، مەخپىي ئالاقىلىشىش سىستېمىسى، سۇغۇرتا زاپىسى» دەپ ئېلىنغان. مېنىڭچە، بۇ سۆزلەرنىڭ بەزىسىدە خەنزۇچە سۆز مەنىسىدىن چەتنەش، بەزىسىدە ئۇيغۇرچە سۆزنى تازا لايىقىدا تاللىيالماسلىق ئەھۋاللىرى كۆرۈلگەن. شۇڭا، ئۇلارنى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا «ۋاقىتنىڭ يېرىمى، سىرلىقراق ياكى سەل سىرلىق، چالا ھۈجەيرە، ئولتۇرۇشۇش بۇلۇڭى، تەسەللىي پۇلى، كۇلۇچ بېشى، مەخپىي ئالاقىلىشىش تۈزۈمى، سۇغۇرتا تەييارلىقى» دەپ ئالساق، تېخىمۇ توغرا بولغان بولىدۇ.

## پايدىلانمىلار:

[1]«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە چوڭ لۇغەت» (ئىككى توملۇق). ئۈرۈمچى: شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى، 2001.
[2]«ئالىي خەنزۇچە لۇغەت». خەينەن نەشرىياتى، 1996.
[3]« خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە نېفىتلىك ئۆزلەشتۈرۈش لۇغىتى». نېفىت سانائىتى نەشرىياتى، 1993.
[4]«خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت» (ئىككى توملۇق). ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1989.

2003 - يىل 2 - سان
2003年第2期
No. 2, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation (Uighur)

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 - سان)
第22卷(总第145期)
Volume 22 (General No. 145)

# ماقال - تەمسىللەرنىڭ تەرجىمىسى توغرىسىدا

**خانقىز روزى**

(ئىلى ئوبلاستلىق تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى، غۇلجا 835000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقال - تەمسىل بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ ئىخچام ھەم جانلىق يەكۈنلەنگەن تىل جەۋھىرى بولۇپ، ئوخشاشمىغان مىللەتلەرنىڭ ماقال - تەمسىللىرىنى تەرجىمە قىلىش تەرجىمىدە خېلىلا كۈچ تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ماقالىدە ماقال - تەمسىللەرنى تەرجىمە قىلىش، بولۇپمۇ خەنزۇ خەلق ماقال - تەمسىللىرىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ھەققىدە قىسقىچە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ماقال - تەمسىل؛ خەنزۇ تىلى؛ ئۇيغۇر تىلى؛ تەرجىمە قىلىش.

ماقال - تەمسىل بىر مىللەتنىڭ تۇرمۇشى، ئۆرپ - ئادىتى، ياشىغان جۇغراپىيىلىك مۇھىتى، شۇنداقلا شۇ مىللەتنىڭ تارىخى بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولۇپ مەزمۇنىنىڭ موللۇقى، ئېستېتىكىلىق تۇيغۇسىنىڭ كۈچلۈكلۈكى بىلەن شۇ مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ۋە پىسخىكىلىق قاتلىمىنى تەتقىق قىلىشتا كەم بولسا بولمايدىغان تىل بايلىقى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەرمۇ خەنزۇ خەلقىنىڭ تۇرمۇش تەجرىبىلىرىنىڭ يەكۈنى. ئۇيغۇرلار بىلەن خەنزۇلار ئوتتۇرىسىدىكى ئۇزاق تارىختا ئىگە مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئۇيغۇر - خەنزۇ تىللىرىدىكى ماقال - تەمسىللەر ئوتتۇرىسىدا قىسمەن باغلىنىش، ئورتاقلىقلارنى ھاسىل قىلغان بولسىمۇ، مىللىي ئالاھىدىلىك جەھەتتىكى پەرق تۈپەيلى، ئىككى مىللەتنىڭ ماقال - تەمسىللىرى ئوتتۇرىسىدا يەنىلا خېلى چوڭ ئوخشىماسلىق مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن. شۇ سەۋەبلىك خەنزۇ تىلىدىكى ماقال - تەمسىللەرنى ئۇيغۇر تىلىغا قانداق تەرجىمە قىلىش — تىلشۇناس، تەرجىمشۇناسلار ئۇزاقتىن بۇيان تەتقىق قىلىپ كېلىۋاتقان تېمىلارنىڭ بىرى بولۇپ كەلدى.

خەنزۇ تىلىدا قېلىپقا چۈشۈپ تۇراقلىشىپ كەتكەن سۆز بىرىكمىلىرى ئىچىدە ماقال - تەمسىللەر ئىنتايىن كۆپ بولۇپ، ئۇلارنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىشتا ئەينەن تەرجىمە قىلىش، مەنەن تەرجىمە قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە قىلىش ئۇسۇللىرىنى قوللانغاندا، جانلىق ۋە مەنتىققە ئۇيغۇن تەرجىمە قىلىش مەقسىتىگە يەتكىلى بولىدۇ.

### 1. ئەينەن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى

1) ماقال - تەمسىل بىر مىللەت تىلىدىكى تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمى بولۇش سۈپىتى بىلەن ، شۇ مىللەتنىڭ مىللىي مەدەنىيەت ئالاھىدىلىكلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغانلىقى ئۈچۈن ، تەرجىمىدە ئىمكانقەدەر ئەسلىي نۇسخىنىڭ مىللىي شەكلى بىلەن ئۇسلۇبىنى ساقلاش تەلەپ قىلىنىدۇ. شۇڭا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئەينەن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىشقا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇ دېگەنلىك، ئادەتتىكى ئاددىي سۆزلەر تەرجىمىسى تەرىقىسىدە خەتمۇخەت تەرجىمە قىلسىلا بولىدۇ دېگەنلىك بولماستىن، بەلكى مۇبالىغە، جانلاندۇرۇش، ئوخشىتىش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق ۋاسىتىلەردىن ئۈنۈملۈك پايدىلىنىپ، جانلىق، مەنتىقلىق تەرجىمە قىلىش دېگەنلىكتۇر. مەسىلەن:

توغرا سۆز تۆمۈرنى تېشەر، يۇمشاق سۆز قىلىچنى كېسەر.

正言穿透铁,细语斩断剑

ياخشى سۆز تاشنى يارار، يامان سۆز باشنى.

良言能穿石,恶语会伤人

ياخشىلىق بوسۇغىدىن چىققۇچە، يامانلىق يەتتە تاغدىن ھالقىپتۇ.

好事不出门,丑事扬万里

2) خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەر سان بىلەن باغلىنىشلىق بولۇپ، كۆپىنچە «بىر»، «مىڭ» دېگەندەك ساناق سانلار بىلەن بىرىكىپ كېلىپ، پەلسەپىۋى مەزمۇنى چوڭقۇر، تەربىيىۋى ئەھمىيىتى يۇقىرى بولغان ئوي ـ پىكىرنى ئىپادىلەش بىلەن بىللە، تىلنىڭ مۇزىكىدارلىقى، ئاھاڭدارلىقىنى تېخىمۇ يۇقىرى كۆتۈرىدۇ. مانا بۇ خىلدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىمۇ ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلغاندا، ئوخشاشلا ئەينەن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلىنى قوللىنىش كېرەك. ئالايلى:

| | |
|---|---|
| 一颗藤上千个瓜 | بىر پەلەكتە مىڭ خەمەك |
| 为了一个失去一千 | بىرنى دەپ مىڭدىن قۇرۇق قاپتۇ. |
| 一分钱的钱眼儿里过千次 | بىر تىيىننىڭ تۆشۈكىدىن مىڭ ئۆتمەك. |

## 2. مەنەن تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى

مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى تەرجىمە نەزەرىيىچىلىرى، تەرجىمشۇناسلار «تەرجىمە ئەسلىي نۇسخىنىڭ سۆزمۇسۆز كۆچۈرۈلمىسى ئەمەس، بەلكى جاپالىق ئىجادىي ئەمگەك» دەپ يېنىش ـ يېنىشلاپ كۆرسەتكەن. ھەممىگە مەلۇم بولغىنىدەك، تەرجىمە خىزمىتى تەرجىماندىن ئىككى خىل تىلنى بىر ـ بىرىگە تەرجىمە قىلىش قانۇنىيىتى ۋە ماھارىتىنى ئىگىلەش ئاساسىدا، تەرجىمىدە مەزمۇن، شەكىل، ئۇسلۇبتىن ئىبارەت ئۈچ ئامىلنى ئورگانىك ھالدا بىرلەشتۈرۈپ ئىپادىلەشنى، يەنى ئەسلىي نۇسخىنىڭ مەزمۇنىنى دەل ۋە مۇكەممەل ئىپادىلەپ بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. شۇ سەۋەبتىن، ئەينەن تەرجىمە قىلغاندا، مەنە جەھەتتىن چەتنەپ كېتىدىغان بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەرنى مىللىي ئالاھىدىلىككە ئەھمىيەت بېرىش ئالدىنقى شەرتى ئاستىدا مەنەن تەرجىمە قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىر قىسىم فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەردىمۇ بۇ ئەھۋال ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 五体投地 | يەتتە ئېگىلىپ، توققۇز پۈكۈلمەك. |
| 盛气凌人 | سۆلتىنى ھارۋا تارتالماسلىق |
| 排山倒海 | تاغنى تالقان، چۆلنى بوستان قىلماق. |
| 宽宏大量 | بىر تال ئۈزۈم قىرىق كىشىگە يېتەر. |
| 一呼百应 | بىرى باشلىسا مىڭى ئەگىشەر. |

## 3. ئۆزلەشتۈرمە تەرجىمە قىلىش ئۇسۇلى

تەرجىمە ــ بىر تىلدا ئىپادىلەنگەن ئۇقۇمنى يەنە بىر تىلدا تەڭ قىممەتتە ئىپادىلەپ بېرىش دېگەن سۆز. دۇنيادىكى تۈرلۈك تىللاردىكى تەرجىمە ئۈچۈن ئورتاق ئېتىراپ قىلىنغان بۇ تەبىر ئۇيغۇرچىدىن خەنزۇچىغا، خەنزۇچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش ئۈچۈنمۇ شەكسىز ئۇيغۇن كېلىدىغان قائىدە. ئەسلىي تىلدا ئىپادىلەنگەن مەنىنى يەنە بىر تىلدا ئاشۇرىۋەتمەي، كېمەيتىۋەتمەي دەلمۇدەل ئىپادىلەپ بېرىش ئېيتماققا ئاسان، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئىنتايىن جاپالىق ئەمگەك تەلەپ قىلىدىغان ئىش. خەنزۇ تىلىدىكى بىر قىسىم ماقال ـ تەمسىللەرمۇ مۇرەككەپ ئىجتىمائىي شارائىت ئاستىدا ۋۇجۇدقا كەلگەن بولۇپ، بەزىبىر ماقال ـ تەمسىللەرنى ئەينەن تەرجىمە شەكلى بىلەنمۇ، مەنەن تەرجىمە شەكلى بىلەنمۇ تەرجىمە قىلغىلى بولمايدۇ ياكى تەرجىمە قىلغان بىلەنمۇ تەرجىمىسى راۋان، ماقال ـ تەمسىلگە ئوخشاش چىقمايدۇ. شۇڭا، بۇ خىل ماقال ـ تەمسىللەرنى پەقەت ئۇيغۇر تىلىدا ئەسلىدە بار بولغان ماقال ـ تەمسىللەر بويىچە ئۆزلەشتۈرۈپ تەرجىمە قىلىش ئارقىلىقلا بۇ مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ، بەزى فرازېئولوگىيىلىك بىرىكمىلەرمۇ شۇنداق. مەسىلەن:

| | |
|---|---|
| 走投无路 | ئىككى پۇتى بىر ئۆتۈككە تىقىلىپتۇ. |
| 咎由自取 | ئۆزى كولىغان ئورىغا ئۆزى چۈشەر. |
| 有名无实 | ئېتى ئۇلۇغ، سۈپۈرىسى قۇرۇق. |
| 舍本逐末,本末倒置 | ئېشەكنى ئۈچ تەڭگە، توقۇمى بەش تەڭگە |
| 各尽其能 | قويىنى قاساپ سويسۇن. |
| 守株待兔 | ئۈژمە پىش، ئاغزىمغا چۈش. |

دېمەك، ئۇيغۇر ۋە خەنزۇ تىللىرىدىكى ماقال ـ تەمسىللەرنىڭ مەنىسىنى تەرجىمىدە توغرا ئىپادىلەش ئۈچۈن، شەكىلگە ئېسىلىۋالماي، مەزمۇنىنى ئاساسىي ئورۇنغا قويۇپ، ھەربىر تىلنىڭ ئىپادىلەش قائىدىسى، شەكلى ۋە ئىستىلىستىكا ئادىتى بويىچە جانلىق، راۋان تەرجىمە قىلغاندا، شۇنىڭ بىلەن بىللە، بۇ ئىككى خىل تىلدىكى ماقال ـ تەمسىللەر ئورتاق ئىگە بولغان گۈزەللىك، ئىخچاملىق ۋە ئېنىقلىق قاتارلىق ئۆزگىچە خۇسۇسىيەتلەردىن تولۇق پايدىلانغاندا، تەرجىمە ئەسەرلىرىدە ماقال ـ تەمسىللەرنى تەرجىمە قىلىشتا كۆزلىگەن مەقسەتكە يەتكىلى بولىدۇ.

# مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىش ھەققىدە

ئابلىلىم ھاپىز

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمە ئىشخانىسى، قۇمۇل 839000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە خەنزۇ تىلىدىكى مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش جەھەتتە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر ھەمدە خەنزۇ تىلىدىكى مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىشتا توغرا چۈشىنىش ۋە توغرا ئىپادىلەش لازىملىقى چۈشەندۈرۈلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەر؛ ئۇيغۇرچە؛ تەرجىمە.

خەنزۇچىدىكى بەزى سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىدىكى شۇنىڭغا ماس كېلىدىغان سۆزلەرگە سېلىشتۇرغاندا، مەنە دائىرىسى تارراق بولىدۇ. ئەمما، ئۇيغۇرچىدا ئۇنىڭغا ماس كېلىدىغان بىر سۆزنى خەنزۇچىدا بىرقانچە سۆز بىلەن ئىپادىلىگىلى بولىدۇ. مەسىلەن، 抬 ، 扛 ، 提 ، 举 ، 挑 دېگەنلەرنى ئۇيغۇرچىدا «كۆتۈرۈش» دېگەن بىر سۆز بىلەنلا ئىپادىلەشكە بولىدۇ، بۇنداق سۆزلەر مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەر دېيىلىدۇ. مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىش تەرجىمىدە ئەستايىدىل ئويلىنىپ مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلىش زۆرۈر بولغان مەسىلە. ئەگەر، شۇ سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى بويىچىلا تەرجىمە قىلغاندا، مەنىنى توغرا ئىپادىلىيەلمەسلىك، ھەتتا خاتا تەرجىمە قىلىپ قويۇش ئەھۋالى كېلىپ چىقىشى مۇمكىن.

مەسىلەن، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا، سەھىيە نەشرىياتى نەشر قىلغان «يېزا ئىگىلىك قائىدە ـ نىزاملار توپلىمى» دېگەن كىتابنىڭ 433 ـ بېتىدە «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ سېلىقىنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش نىزامى»نىڭ 3 ـ ماددىسىدا «دېھقان ـ چارۋىچىلار سېلىقى دېھقان ـ چارۋىچىلار قانۇن ـ نىزام ۋە قائىدىلەرگە ئاساسەن ئۈستىگە ئالىدىغان كەنت (جۇملىدىن كەنت ئاھالە گۇرۇپپىسى) قالدۇرۇقى، يېزا ـ بازار يىغىمىسى، ئەمگەك (يېزا مەجبۇرىيەت ئەمگىكى ۋە جۇغلانما ئەمگەك كۈنى) نى، شۇنىڭدەك باشقا خىراجەتلەرنى كۆرسىتىدۇ» دېيىلگەن ھەمدە بۇ نىزامدا شۇ سېلىقلارنى نازارەت قىلىپ باشقۇرۇش ھەققىدىكى بەلگىلىمىلەر ئوتتۇرىغا قويۇلغان. شۇ كىتابنىڭ 9 ـ بېتىدىكى يېزا ئىگىلىك قانۇنىنىڭ تەرجىمىسىدە بولسا، «دېھقانلار ۋە يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشىنى باشقۇرغۇچى تەشكىلاتلار ھەرقانداق شەكىلدىكى سېلىقنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق» دەپ ئېلىنغان. ئالدىنقىسىدا دېھقانلارنىڭ مۇۋاپىق سېلىقنى ئۈستىگە ئېلىشى، نامۇۋاپىق سېلىقلارنى مەنئى قىلىشى لازىملىقى سۆزلەنگەن بولسا، كېيىنكىسىدە ھەرقانداق شەكىلدىكى سېلىقنى رەت قىلىشقا ھوقۇقلۇق ئىكەنلىكى ئىپادىلەنگەن. بۇ ئۆزئارا زىت ئەمەسمۇ؟ مەن خەنزۇچىسىغا سېلىشتۇرۇش ئارقىلىق ئالدىنقى جۈملىدىكى «سېلىق»نىڭ 负担 نىڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى، كېيىنكى جۈملىدىكى «سېلىق»نىڭ 摊派 نىڭ تەرجىمىسى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇم. 负担 ۋە 摊派 دېگەن سۆزلەر لۇغەت مەنىسى بويىچىلا ئۇيغۇرچىغا بىر خىل تەرجىمە قىلىنغاچقا، مۇشۇنداق خاتا تەرجىمە كۆرۈلگەن.

شۇڭا، خەنزۇچىدىكى مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەرنى تەرجىمە قىلىشتا، ئالدى بىلەن شۇ سۆز ئۈستىدە لوگىكىلىق تەپەككۇر يۈرگۈزۈپ، شۇ سۆزنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىپ، ئاندىن شۇ ئەسلىي مەنىسىگە ئاساسەن سۆز قوشۇش، سۆز مەنىسىنى كېڭەيتىش قاتارلىق تەرجىمە ماھارەتلىرىنى قوللىنىپ، ئەسلىي مەنىنى توغرا ئىپادىلەپ بېرىش لازىم.

مەنىداش ياكى بىر مەنىلىك سۆزلەر تەرجىمىدە دائىم ئۇچراپ تۇرىدۇ. ئەمما، خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە (ئاخىرى 36 ـ بەتتە)

# 主诉检察官 ئاتالغۇسىنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى توغرىسىدا

ياسىن ئىسمائىل

(ئۈرۈمچى شەھىرى سايباغ رايونلۇق خەلق تەپتىش مەھكىمىسى، ئۈرۈمچى 830000)

ئالىي خەلق تەپتىش مەھكىمىسى 1999 ـ يىلى مەملىكەت بويىچە تەپتىش كەسپى خىزمىتىنى يەنىمۇ يۈكسەلدۈرۈش ئۈچۈن تەپتىش كەسپىدە ئالتە تۈرلۈك ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشنى يولغا قويدى. بۇنىڭ ئىچىدىكى مۇھىم ئىسلاھاتلارنىڭ بىرى، مەملىكەت بويىچە ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىدە 主诉检察官 تۈزۈمىنى يولغا قويۇشتۇر. شۇنىڭدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرى ئىسلاھاتقا قىزغىن ئاۋاز قوشۇپ بۇ تۈزۈمنى يولغا قويدى، بۇ جەرياندا ئاپتونوم رايونىمىز بويىچە ھەر دەرىجىلىك تەپتىش مەھكىمىلىرىدە 主诉检察官 ئاتالغۇسىنى ئۇيغۇرچىدا قانداق ئاتاش توغرىسىدا ئوخشىمىغان پىكىرلەر ئوتتۇرىغا چىقتى، بەزىلەر «ئاساسلىق ئەيىبلىگۈچى» دېسە، يەنە بەزىلەر «باش ئەيىبلىگۈچى» دەپ ئاتىدى، مەن تۆۋەندە بۇ ئاتالغۇنى قانداق ئىشلىتىش توغرىسىدا ئۆز پىكرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

خەنزۇچىدىكى 主 سۆزى بولسا ، «ئاساسىي، ئاساسلىق، ئىگە» قاتارلىق مەنىلەرنى، 诉 سۆزى «ئەرز قىلماق، شىكايەت قىلماق، ئېيتماق» قاتارلىق مەنىلەرنى، 检察官 ئاتالغۇسى «تەپتىش ئەمەلدارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. 主诉检察官 ئاتالغۇسىنى بىۋاسىتە تەرجىمە قىلساق «ئاساسلىق شىكايەت قىلغۇچى (ئەيىبلىگۈچى، ئەرز قىلغۇچى) تەپتىش ئەمەلدارى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ، شۇنىڭغا ئاساسلىنىپ ئوخشاشمىغان تەپتىش مەھكىمىلىرى يۇقىرىدا بايان قىلغاندەك ئىككى خىل شەكىلدە قوللاندى. مېنىڭچە، بۇ ئاتالغۇنى «مەسئۇل ئەيىبلىگۈچى» دەپ ئالساق تېخىمۇ مۇۋاپىق. چۈنكى، «مەسئۇل» دېگەن سۆز مەلۇم كىشىنىڭ مەلۇم ئىشقا مەسئۇللۇقىنى، مۇئەييەن ھوقۇق ھەم مەجبۇرىيەتكە ئىگە ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ، ھەم شۇنداق ئالغاندىلا تەپتىش ئەمەلدارى دېگەن ئاتالغۇنىڭ مەنىسىمۇ ئىنتايىن تەبىئىي ھالدا «مەسئۇل ئەيىبلىگۈچى» دېگەن ئاتالغۇنىڭ ئىچىگە سىڭىشىپ كېتىپ، مۇكەممەل بىر ئاتالغۇ مەنىسىنى بىلدۈرىدۇ.

## 凉粉نىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى ھەققىدە ئازگەپ

مەتقاسىم مەنسۇر

(خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى، خوتەن 848000)

凉粉 ــــ ئاچچىق ـ چۈچۈكلۈكى بىلەن ئىجتىمائىي تۇرمۇشتا ئومۇملاشقان سوغۇق يېمەكلىك بولۇپ، ئۇيغۇرچە «لەڭپۇڭ» دەپ ئاتىلىپ ئومۇملىشىپ قالغان.

لەڭپۇڭ ئادەتتە ماش ئۇنى ( 粉面子، ھازىر ئۇيغۇرچىسى «فىڭمەنزە» دەپ ئومۇملىشىپ قالغان)نى سۇدا تۇز تەمىنى ئۆتكۈزۈپ قايناتقاندىن كېيىن، باشقا قاچىدا سوۋۇتۇپ ئۇيۇتۇلىدۇ. ئۇيۇتمىنى بارماقتەك توغراپ ئۈستىگە ئاچچىقسۇ، قىزىلمۇچ (لازا) ۋە سامساق قاتارلىق تېتىتقۇلارنى سېلىش ئارقىلىق تەييارلىنىدۇ.

لەڭپۇڭنىڭ ئەسلىي مەنبەسى ماش بولغاچقا، ماشنى تۇتقا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇيۇتمىسىنىڭ لىغىلداپ تۇرغان شەكلىي ھالىتىگە قاراپ، لەڭپۇڭنىڭ ئۇيغۇرچە ئاتالمىسىنى «ماش لىغىلىغ» ياكى بىراقلا «ماشلىغ» دەپ ئومۇملاشتۇرساق دەپ تەكلىپ بېرىمەن.

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 - سان)
第 22 卷 ( 总第 145 期 )
Volume 22 ( General No. 145 )

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译 ( 维吾尔文 )
Language and Translation ( Uighur )

2003 - يىل 2 - سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

# «مەدەنىيەت»، «مەدەنىي»، «مەدەنىيلىك» سۆزلىرىنى توغرا قوللىنايلى

مىجىت تۇرسۇن

(«شىنجاڭ ئۆسمۈرلىرى» گېزىتى ئىدارىسى، ئۈرۈمچى 830000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە هازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى «مەدەنىيەت»، «مەدەنىي» ۋە «مەدەنىيلىك» سۆزلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى نامۇۋاپىق تەرەپلەر، بولۇپمۇ «مەدەنىي» بىلەن «مەدەنىيلىك» سۆزلىرىنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرۇپ خاتا ئىشلىتىش ئەھۋاللىرى مىساللار بىلەن كۆرسىتىلىپ، بۇ سۆزلەرنى جايىدا، توغرا قوللىنىش تەشەببۇس قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** سۆز؛ مەدەنىي؛ مەدەنىيلىك؛ توغرا ئىشلىتىش.

هازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىكى 文明، 文化 دېگەن سۆزلەر ئۇيغۇر تىلىدا هازىر «مەدەنىيەت»، «مەدەنىي»، «مەدەنىيلىك» دېگەن سۆزلەر بىلەن تەرجىمە قىلىنىۋاتىدۇ. بۇنى مۇشۇنداق قېلىپلاشتۇرۇش ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن. لېكىن، هازىر تىلىمىزدا «مەدەنىيەت، مەدەنىي، مەدەنىيلىك» دېگەن سۆزلەرنى ئۆز جايىدا قوللانماسلىق ئەھۋاللىرى بار. بۇنىڭ كونكرېت ئىپادىسى، بىر بولسا كونا ئادەتلەنگەن ئەنئەنە بويىچە 文明، 文化 دىن ئىبارەت ئىككىلا سۆزنى «مەدەنىيەت» دەپ قوللىنىۋېرىش، يەنە بىرى، 文明 نىڭ مەنىسى بولغان «مەدەنىي، مەدەنىيلىك» سۆزلىرىنى ئالماشتۇرۇپ قالايمىقان قوللىنىشتىن ئىبارەت. شۇڭا، بۇ ھەقتە ئېنىق چۈشەنچىگە ئىگە بولۇشقا ھەمدە بۇنى ئومۇملاشتۇرۇشقا توغرا كېلىدىغاندەك تۇرىدۇ. تۆۋەندە مەن بۇ سۆزلەرنى توغرا، ئۆز جايىدا قوللىنىش توغرىسىدا ئەمەلىي مىساللار بىلەن توختىلىپ ئۆتىمەن.

文化 دېگەن سۆز ئىسىم بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدىمۇ «مەدەنىيەت» دېگەن سۆز بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. هازىر بۇ سۆزنىڭ تەرجىمىسى بولسۇن ياكى ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆز ئىستېمالىدا بولسۇن، مەسىلە چوڭ ئەمەس. بۇ يەردىكى ئاساسلىق مەسىلە «مەدەنىي»، «مەدەنىيلىك» سۆزلىرىنى پەرقلەندۈرۈپ توغرا قوللىنىش-قوللانماسلىقتا بولۇۋاتىدۇ. بىز بۇرۇن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى ئارىلاشتۇرۇپ «مەدەنىيەت»، «مەدەنىيەتلىك» دەپ قوللىنىۋەرگەچكە هازىر بۇ سۆزلەرنى ئۇقۇم جەھەتتىن چۈشىنىشكە، ئۆزلەشتۈرۈشكە، قوبۇل قىلىشقا توغرا كېلىۋاتىدۇ. بىزنىڭ نۇرغۇن زىيالىيلىرىمىز «مەدەنىيەت، مەدەنىي، مەدەنىيلىك» دېگەن سۆزلەرنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنە، ئۇقۇم دائىرىسىنى توغرا ئايرىپ، ئۆز جايىدا قوللىنىۋاتىدۇ. ئەمما، بەزى چاغلاردا بۇ سۆزلەرنى ئۆز ئورنىدا توغرا قوللانماي ئارىلاشتۇرۇپ قويىدىغان، ھەتتا خاتا قوللىنىدىغان ئەھۋاللار سادىر بولۇپ تۇرماقتا. بولۇپمۇ، بۇ خىل ئەھۋال «مەدەنىي» بىلەن «مەدەنىيلىك» تىن ئىبارەت ئىككى سۆزدە گەۋدىلىك بولماقتا. مەسىلەن، تۆۋەندىكى مىساللارغا قاراپ باقايلى:

1. «مەدەنىيلىك ئائىلە» (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، 1999 - يىل 4 - ئاينىڭ 22 - كۈنىدىكى «جايلاردىكى رادىئو ئىستانسىلىرى ۋە رادىئو ئۈزېللىرى ئۇلاپ ئاڭلىتىدىغان پروگراممىسى»).

2. «مەدەنىيلىك ئىشلەپچىقىرىش» (شىنجاڭ خەلق رادىئو ئىستانسىسى، 1999 - يىل 5 - ئاينىڭ 26 - كۈنىدىكى «ئەتىگەنلىك خەۋەرلەر پروگراممىسى»).

3. «مەدەنىيلىك ئىجرا قىلىش» (مەركىزىي خەلق رادىئو ئىستانسىسى 2000 - يىل 2 - ئاينىڭ 7 - كۈنى كەچ ئۈرۈمچى ۋاقتى 30 : 7 دىكى ئاڭلىتىشى).

4. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى رەھبەرلىرىگە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك مەدەنىيلىك ئورۇن» دېگەن شەرەپ تاختىسىنى تەقدىم

قىلدى («شىنجاڭ گېزىتى» ‹ ئۇيغۇرچە › ، 2000 ـ يىل
9 ـ ئاينىڭ 29 ـ كۈنى، 1 ـ بەت).

5. «مەدەنىيەتسىز ھەرىكەتلەر بىلەن خوشلـ
شىش» («شىنجاڭ گېزىتى» ‹ ئۇيغۇرچە › ، 2002 ـ يىل
3 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى، 1 ـ بەت).

كۆرۈپ تۇرۇپتىمىزكى، يۇقىرىدا كەلتۈرۈلگەن
مىساللاردىكى «مەدەنىيلىك، مەدەنىيەتسىز» دېگەن
سۆزلەر توغرا قوللىنىلمىغان. جۈملە ئورانىدىن ئېنىق
چىقىپ تۇرۇپتۇكى، بۇ سۆزلەر خەنزۇ تىلىدىكى 文明
نىڭ تەرجىمىسى. يۇقىرىدىكى مىساللار تۆۋەندىكىدەك
بولسا توغرا بولغان بولاتتى :

1. «مەدەنىي ئائىلە».
2. «مەدەنىي ئىشلەپچىقىرىش».
3. «مەدەنىي ئىجرا قىلىش».
4. ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرى شىنجاڭ تېلېۋىزىيە
ئىستانسىسى رەھبەرلىرىگە «ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك
مەدەنىي ئورۇن» دېگەن شەرەپ تاختىسىنى تەقدىم
قىلدى.
5. «مەدەنىي بولمىغان ھەرىكەتلەر بىلەن خوشـ
لىشىش».

بۇلاردىن تىلىمىزدا «مەدەنىيلىك» دېگەن سۆز
ياسالغاندىن كېيىن، بىزنىڭ نۇرغۇن كىشىلىرىمىزدە
« 文化 ‹ مەدەنىيەت › نى، 文明 ‹ مەدەنىيلىك › نى
بىلدۈرىدۇ» دەيدىغان چۈشەنچىنىڭ پەيدا بولۇپ قال-
غانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. ئەمەلىيەتتە، «مەدەنىي» سۈ-
پەت بولۇپ بىرەر شەيئىنى ئېنىقلاپ كېلىدۇ، «مەدە-
نىيلىك» بولسا ئىسىم بولۇپ ئېنىقلانغۇچى ئورنىدا
ئىشلىتىلىدۇ. مۇشۇ ئۇقۇم ئايدىڭ بولسىلا خاتا قوللى-
نىش قېلىشتىن ساقلانغىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكىلەر بۇ
سۆزلەرگە دائىر دائىم ئۇچرايدىغان سۆز بىرىكمىلىرى:

| | |
|---|---|
| 两个文明建设 | ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى |
| 文明楼院 | مەدەنىي قورۇ |
| 文明机关 | مەدەنىي ئورگان |
| 文明城市 | مەدەنىي شەھەر |
| 精神文明建设 | مەنىۋى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى |
| 文明单位 | مەدەنىي ئورۇن |
| 讲文明, 树新风 | مەدەنىي بولۇپ، يېڭى ئىستىل تىكلىمەك |
| 文明村镇 | مەدەنىي يېزا ـ بازار |
| 文明行业 | مەدەنىي كەسىپ (ساھە) |
| 文明经商 | مەدەنىي تىجارەت |
| 讲究文明 | مەدەنىي بولماق |
| 文明社会 | مەدەنىي جەمئىيەت |
| 文明行为 | مەدەنىي ھەرىكەت |
| 文明示范小区 | مەدەنىيلىكتە ئۈلگە مەھەللە |
| 文明示范窗口 | مەدەنىيلىكتە ئۈلگە كۆزنەك |
| 文明社区 | مەدەنىي مەھەللە |
| 人类文明 | ئىنسانىيەت مەدەنىيلىكى |
| 文明古国 | مەدەنىي قەدىمىي دۆلەت |

ئۇنىڭدىن سىرت، ھازىر بۇ سۆزلەرنىڭ ئۇقۇم دا-
ئىرىسى خەلقىمىزگە تېخى تولۇق ئۆزلىشىپ كەتمىگەن
ئەھۋالدا خەنزۇ تىلىدىن تەرجىمە قىلىنىدىغان بەزى
ماتېرىياللاردا ئۇزۇن، يىرىك جۈملىلەرگە ئۇچراپ قالى-
مىز. بۇنداق ئەھۋالدا يۇقىرىدا دېيىلگەندەك ئاللىساق
بىزگە تازا چۈشۈپ بەرمىگەندەك، جۈملە راۋان بولمى-
غاندەك تۇيۇلۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، بۇ يەنىلا ئادەت
كۈچى بولۇپ، بۇنىڭغا كۆنۈشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.
مەسىلەن:

世界经济史标明，在总就业中，非农产业比重的增大，是现代工业文明发展的标志。

(人民日报，1999 年 1 月 26 日，第 9 版)

دۇنيا ئىقتىساد تارىخى ئومۇمىي كەسىپتە غەيرىي
يېزا ئىگىلىك كەسىپ نىسبىتىنىڭ ئېشىپ بېرىشى-
نىڭ، ھازىرقى زامان سانائەت مەدەنىيلىكى تەرەققىياتى-
نىڭ مۇھىم بەلگىسى ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بەر-
دى.

诺贝尔经济学奖获得者刘易斯认为，非农产业的从业人员达到 50% 以后，该社会即从传统农业文明转人现代工业文明。

(人民日报，1999 年 1 月 26 日，第 9 版)

نوبېل ئىقتىسادشۇناسلىق مۇكاپاتىغا ئېرىشكەن
لۇيىس « غەيرىي يېزا ئىگىلىك كەسپىدە ئىشلەيدىغانلار
50% كە يەتكەن جەمئىيەت ئەنئەنىۋى يېزا ئىگىلىك
مەدەنىيلىكىدىن زامانىۋى سانائەت مەدەنىيلىكىگە ئۆت-
كەن بولىدۇ » دەپ ھېسابلايدۇ.

بۇ ئىككى مىسالدا 文明 نىڭ جۈملىدە بىلدۈر-
گەن مەنىسى ۋە رولىغا ئاساسەن «مەدەنىيلىك» دەپ
ئېلىندى.

يۇقىرىدا مەن خەنزۇ تىلىدىكى 文化 ، 文明
سۆزلىرىنىڭ ئۇيغۇرچىسى بولغان «مەدەنىيەت، مەدەنىي،
مەدەنىيلىك» سۆزلىرىنى چۈشىنىش ۋە توغرا قوللىنىش
توغرىسىدىكى قاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتتۈم.
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان جايلار بولسا تىل ۋە تەر-
جىمە ساھەسىدىكى يولداشلارنىڭ مۇنازىرە قىلىپ كۆ-
رۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

2003 - يىل 2 - سان | تىل ۋە تەرجىمە | 22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 - سان)
2003 年第 2 期 | 语言与翻译（维吾尔文） | 第 22 卷（总第 145 期）
No. 2, 2003 | Language and Translation (Uighur) | Volume 22 (General No. 145)



# هازىرقى زامان ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىنىڭ باشلامچىسى، ئاتاقلىق تەرجىمان — توختى باقى

مۇنىرە ئابدۇۋەلى

(شىنجاڭ « تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى، ئۈرۈمچى 830001)

بېتۇك تەرجىمان، پېشقەدەم نەشرىياتچى، هازىرقى زامان ئۇيغۇر تەرجىمىچىلىكىدىكى ئۇستاز سۇپەت تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى 1922 - يىلى ئاتۇش ناھىيىسىنىڭ ئىستارچى كەنتىدە كەمبەغەل دېھقان ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدە دىنىي مەكتەپتە، كېيىن پەننىي مەكتەپتە ئوقۇغان. باشلانغۇچنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، 1939 - يىلى ئۈرۈمچى دارىلمۇئەللىمىنىگە كېلىپ بىر يىلدىن كېيىن ئوقۇش خىراجىتىنى تۆلىيەلمەي ئامالسىز مەكتەپتىن چېكىنگەن. 16 ياشلىق توختى باقى مەكتەپتىن چېكىنگەندىن كېيىن، «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىدە ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئىشچى، نابورچىك، تەھرىر بۆلۈم خادىمى بولۇپ ئىشلىگەن. ئەينى چاغ گومىنداڭ بىلەن كومپارتىيە ھەمكارلىقى تەشەببۇس قىلىنىۋاتقان دەۋر بولۇپ، گېزىتخانىدىكى لۇتپۇللا مۇتەللىپ، ھامۇت مەمەتوف، نۇربوساقوف، ئۇيغۇر سايرانى، لى خې قاتارلىق زىيالىيلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەر ئىدىيىسى يولداش توختى باقىغا زور تەسىر كۆرسەتكەن. توختى باقى بۇ مەزگىلدە تەھرىرلىك خىزمىتىنى كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىش بىلەن بىللە خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشكە كىرىشىپ،ئۆزىنىڭ كېيىنكى ئۆلمەس نەتىجىلىرىگە ئاساس سالغان.

1942 - يىلدىن 1944 - يىلغىچە يولداش توختى باقى ئەينى چاغدىكى دىخۇا (ئۈرۈمچى) ساقچى - زابىتلار مەكتىپىگە كىرىپ ئوقۇيدۇ. ئۇ بۇ مەكتەپتە ئىلغار ئىدىيىنىڭ تەسىرىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا قوبۇل قىلىپ، خەنزۇ تىلىنى بېرىلىپ ئۆگىنىدۇ. 1944 - يىلى مەكتەپنى ئەلا نەتىجە بىلەن پۈتتۈرگەندىن كېيىن، قەشقەرگە بېرىپ ئىشلەيدۇ. 1946 - يىلى شىڭ شىسەي ئىنقىلابقا ئاسىيلىق قىلىپ، كومپارتىيىگە ئاشكارا قارشى چىقىدۇ، ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرلىك سېپىمۇ بۇزۇلىدۇ. شۇنىڭ بىلەن يولداش توختى باقىنىڭ ھايات مۇساپىسىدىكى تېخىمۇ ئېغىر، ئەگرى - توقايلىق ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلىرى باشلىنىدۇ. نۇرغۇنلىغان ۋەتەنپەرۋەر ئۇيغۇر زىيالىيلىرى قاتارىدا يولداش توختى باقىمۇ «قىزىل پاچاق» دېگەن نام بىلەن تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. دەھشەتلىك تۈرمە ئازابى، ئادەم چىدىغۇسىز قىيىن - قىستاقلار توختى باقىنىڭ ئىنقىلابقا بولغان ئىشەنچىسىنى، ئەركىنلىككە بولغان تەلپۈنۈشىنى تېخىمۇ كۈچەيتىدۇ. ئۇ تۈرمىدە لۇشۈننىڭ «ئىسسىق شامال» ناملىق ئەسىرىنى يوشۇرۇن كۆرۈپ چىقىدۇ. دەل مۇشۇ ئەسەر ئۇنىڭ كېيىنكى لۇشۈن ئەسەرلىرى تەتقىقاتىغا كىرىشىشىگە تۈرتكە بولىدۇ. 1949 - يىلى يولداش توختى باقى تۈرمىدىن چىققاندىن كېيىن، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى بىرلەشمە ھۆكۈمىتىنىڭ ئورگان گېزىتى «ئالغا»دا، كېيىن جامائەت ئىگىلىكىدىكى «ھەقىقەت» گېزىتىدە تەرجىمان، تەھرىر، شىنجاڭ دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇتقۇچى بولۇپ ئىشلەيدۇ. شىنجاڭ تىنچ يول بىلەن ئازاد قىلىنغاندىن كېيىن، توختى باقى پارتىيە ۋە ھۆكۈمەتنىڭ ئېتىبار بېرىشىگە ئېرىشىپ، مەركىزىي مىللەتلەر ئىشلىرى كومىتېتىغا يۆتكىلىدۇ. تۇرمۇش ۋە ئۆگىنىش شارائىتىنىڭ ياخشىلىنىشى ئۇنىڭ خەنزۇ تىلىنى داۋاملىق ياخشى ئۆگىنىش ئىرادىسىگە مەدەت بېرىدۇ. 1953 - يىلى مەركىزىي مىللەتلەر نەشرىياتىنىڭ تەسىس قىلىنىشىغا قاتنىشىپ، تەرجىمە ۋە تەھرىرلىك خىزمىتى بىلەن شۇغۇللىنىدۇ. شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇ لۇشۈننىڭ «چۇقان»، «تېڭىرقاش» ناملىق ئەسەرلىرىنى ئۆز ھەۋەسى بويىچە ئىزچىل تەرجىمە قىلىشقا كىرىشىدۇ. 1957 - يىلى «ئوڭچىل»لىققا قارشى كۈرەش مەزگىلىدە، ئەسلىدە پارتىيىگە كىرىش ئاكتىپى بولۇۋاتقان توختى باقى بىر كېچىدىلا ئەشەددىي «ئوڭچى» دەپ قارىلىنىپ، پارتىيىگە كىرەلمەيلا قالماستىن، ئەكسىچە «ئوڭچىل» ئۇنۋانىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. 1958 - يىلى «ئوڭچىل ئەكسىلئىنقىلابچى» دېگەن تۆھمەت بىلەن قارىلىنىپ بېيجىڭدە يەنە تۈرمىگە تاشلىنىدۇ. ئۇ تۈرمىدە ماۋزېدوڭ، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى ھارماي - تالماي ئۆگىنىدۇ ۋە تەتقىق قىلىدۇ. ئۈچ يىلدىن كېيىن، توختى باقى «دىلو»سى قايتا قاراپ چىقىلىپ، «جىنايى ئىشلار جىنايىتىگە توشمىغان» لىقتىن تۈرمىدىن قويۇپ بېرىلىپ، «چالا ئازاد» قىلىنىدۇ. 1962 -

يىلى يولداش توختى باقى «شىنجاڭ گېزىتى» ئىدارىسىگە قايتىپ كېلىدۇ. گېزىتخانىدا ئۇنىڭ باشقىلار بىلەن بولغان ئالاقىسى ئۈزۈۋېتىلىپ، كۈندۈزى ئەمگەك بىلەن، كېچىسى قەلەم بىلەن نازارەت ئاستىدا ئىشلىتىلىدۇ. 1962 ـ يىلىدىن 1979 ـ يىلىغىچە بولغان مەزگىل ئۇنىڭ ھاياتىدىكى يەنە بىر زۇلمەتلىك كۈنلەر بولىدۇ. كۈرەش قىلىش، مەسىلىسىنى تاپشۇرۇشقا قىستاشلار ئۇنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيدۇ. مەيلى كالا ئېغىلى بولسۇن ياكى ئەمگەك بىلەن ئۆزگەرتىش مەيدانىدىكى جاپالىق كۈنلەردە بولسۇن، ۋاقىت چىقىرالىسىلا، لۇشۈن ئەسەرلىرىنى تەتقىق قىلىشنى توختاتمايدۇ. ئەينى ۋەزىيەتتىن كەلگەن كونكرېت دەرت ـ ئەلەملەرنى «لۇشۈن ئەسەرلىرى»نى ئوقۇش ـ تەرجىمە قىلىش يولى بىلەن كەلگەن جاسارەت ۋە سۇبات ئارقىلىق يېڭىپ كېلىدۇ. 1979 ـ يىلى 1 ـ ئايدا يولداش توختى باقى تولۇق ئاقلىنىپ، نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلىدۇ.

توختى باقى ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدە ئۆتكۈزگەن ۋە يىللىق ھاياتىدا سىياسىي نەزەرىيىۋى ئەسەرلەر، پەن ـ تېخنىكا ئەسەرلىرى، ئەدەبىي ئەسەرلەر، گېزىت ـ ژۇرنال ماقالىلىرى، كىنو ـ تېلېۋىزىيە ئەسەرلىرى قاتارلىق تۈرلۈك مەزمۇن ۋە ژانىردىكى ئەسەرلەرنىڭ تەرجىمىسى بىلەن شۇغۇللاندى: «يېڭى باتۇرلار»، «كۆن يانغاندا»، «كەپىگە ئۈچ قېتىم زىيارەت»، «لۇشۈن ئەسەرلىرى» (22 توپلام) قاتارلىق چوڭ تىپتىكى ئەسەرلەرنى تەرجىمە قىلدى؛ تەرجىمىدىن تاشقىرى ئىلمىي تەتقىقات بىلەنمۇ شۇغۇللىنىپ، «تەرجىمە تەجرىبىلىرىدىن تەرمىلەر»، «لۇشۈن تەرجىمە توغرىسىدا»، «تەرجىمە توغرىسىدا»، «قانداق تەرجىمە قىلىش كېرەك» سەرلەۋھىلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى يازدى؛ پېنسىيىگە چىققاندىن كېيىنمۇ ئۇ ئۆزىنىڭ سۇباتلىقى ۋە شىجائىتىنى بوشاشتۇرماي، ئىلىم ـ مەرىپەت ساھەسىدە ئىزچىل تىرىشىپ، ئالىي مەكتەپلەردە ئالاھىدە تەكلىپ بىلەن تىل ۋە تەرجىمىگە دائىر ئىلمىي لېكسىيە، دەرسلەرنى بېرىپ كەلمەكتە؛ بوش ۋاقىتلىرىدىن پايدىلىنىپ «ئادەملەردە بولىدىغان بېشارەت»ناملىق روھىي ھالەتشۇناسلىققا ئائىت ئاممىباب ئىلمىي تەرجىمە ئەسەرنى، «كەتمەن چاپقان گۇناھمۇ؟»ناملىق ھەم ئىجادىي ئەسەرلىرى، ھەم تەرجىمە ئەسەرلىرى كىرگۈزۈلگەن ساتىرىك ئەسەرلەر توپلىمىنى نەشردىن چىقاردى، «چۈشنىڭ ماھىيىتى ۋە تەبىرى»ناملىق چوڭ ھەجىملىك ئىجادىي تەرجىمە ئىلمىي ئەسىرىنى نەشرگە تاپشۇردى.

توختى باقى ئارتىشنىڭ تەرجىمە ساھەسىدە جەمئىيەتكە قوشقان تۆھپىسىنىڭ مول‌لۇقىدىن باشقا، تەرجىمە كەسپىدىكى ئىزچىل خۇسۇسىيىتى شۇكى، ئۇ پېنسىيە پېشى توشۇپ،«ۋەزىپىدار تەرجىمان»لىقتىن ئىختىيارىي «ھەۋەسكار تەرجىمان»لىق تۇرمۇشىغا قەدەم قويغاندىن كېيىن، يار ـ بۇرادەرلىرىنىڭ رىغبەتلەندۈرۈشى ۋە ئىلھامىدىن قۇۋۋەت تېپىپ، بەزى گېزىت ـ ژۇرناللارنى ئۆزى تاللاپ تەرجىمە قىلغان فىلىيەتون، ساتىرا، مۇلاھىزە ژانىرلىق قىسقا ئوبزورلار بىلەن تەمىنلەپ كەلدى. «قېلىپباز تەرجىمە»نىڭ ئەكسىچە، بۇ تەرجىمىلەردە روشەن ئىپادىلەنگەن «جانلىق تەرجىمە» ئۇسۇلى ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئالاھىدە دىققەت ـ ئېتىبارىنى قوزغىماقتا. ئوقۇرمەنلەر تەرجىمە تىلى جەھەتتىكى بۇ روشەن ئالاھىدىلىكتىن سۆيۈنمەكتە. بۇ جەھەتتە بۇ يەردە سۇلايمان قەييۇم ئەپەندىنىڭ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژۇرنىلى (2002 ـ يىل 5 ـ سان)دا ئېلان قىلغان مۇھاكىمىسىنى تىلغا ئالساقلا كۇپايە قىلار. ئۇ شۇنداق دەيدۇ: «مويسىپىت زىيالىي توختى باقى ئارتىشنىڭ تەرجىمىلىرىنى تەرجىمە دېسە ھېچكىمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ. ئۇنىڭ مەتبۇئاتلاردا چىقىۋاتقان تەرجىملىرى ئېغىز تىلىغا شۇنچىلىك يېقىن، بىر ـ بىرىدىن ئېتىملىق . بىز ئۇنتۇپ كېتىشكە يۈزلىنىۋاتقان، « تىرىلىش »نى كۈتۈپ ياتقان نۇرغۇن كونا سۆزلەر ئۇنىڭ قەلىمى ئاستىدا دادىل ھالدا بىز بىلەن ئۇچراشتى؛ ئارتىشنىڭ تىلماچلىقتىكى بۇ خىل ھۈنىرىنىڭ ئەبەدىي بەرىكەت تېپىشىنى ھەم مىللەتنى تېخىمۇ چوڭقۇر ئويغا پاتۇرالايدىغان تېرەن مۇلاھىزىلىك، پەلسەپىۋى ئەسەرلەرنى كۆپلەپ تەقدىم ئېتىشىنى ئارزۇ قىلىمەن؛ ئارتىشى ئۇيغۇر تىلماچلىقى ئۈچۈن خاسىيەتلىك بىر كۆۋرۈك سالدى. بۇ كۆۋرۈكتىن ھەربىر ئۆتكەن يولۇچى ماڭا ئوخشاشلا ھۈنەرۋەنگە تەھسىن ئوقۇسا كېرەك».

توختى باقى ئارتىشى ئۆزىنىڭ ئىلىم ساھەسىدىكى جاپالىق ئەمگەكلىرىنىڭ ئەجرى ئۈچۈن خەلقىمىز ئىچىدە مۇناسىپ ئىززەت ـ ھۆرمەتكە ئېرىشتى: تەرجىمە ساھەسىدە ئاپتونوم رايونىمىزدا تۇنجى بولۇپ «ئالىي تەرجىمان» كەسپىي ئۇنۋانىغا سازاۋەر بولدى؛ ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي مەسلىھەت كېڭىشىگە ئەزا بولدى؛ جۇڭگو لۇشۈن ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو يازغۇچىلار جەمئىيىتى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى ـ مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتى، جۇڭگو تەرجىمانلار جەمئىيىتى قاتارلىق ئىلمىي تەتقىقات جەمئىيەتلىرىنىڭ دائىمىي ھەيئەت ئەزاسى ياكى ئەزاسى بولۇپ، ئىلىم ـ مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئىجتىمائىي ۋە ئىلمىي پائالىيەتلەرگە قاتنىشىپ ، خەلقىمىز مەدەنىيىتىنىڭ ئۈزلۈكسىز يۈكسىلىشى ئۈچۈن ھارماي تۆھپە قوشۇپ كەلدى ھەم كەلمەكتە.

بىز ئۇستاز سۈپەت تەرجىمان توختى باقى ئارتىشى 82 ياشقا قەدەم قويۇۋاتقان قۇتلۇق كۈنلەردە، ئۇنىڭ ئەزىز تېنىگە سالامەتلىك، ئائىلىسىگە بەخت ـ سائادەت، كېيىنكى ئىشلىرىغا ئۇتۇق تىلەش بىلەن بىللە تەرجىمە ساھەسىدىكى پېشقەدەم ئۇستازلىرىمىزغا ئالىي ھۆرمەت بىلدۈرىمىز!

# كوررېكتورلار ئۆز مەسئۇلىيىتىنى ئەستايىدىل ئادا قىلىشى كېرەك

## ـــ «روزى سايىت شېئىرلىرىدىن» دە كۆرۈلگەن كوررېكتورلۇقتا ئائىت خاتالىقلار توغرىسىدا

مۇھەممەتتۇرسۇن داۋۇت

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى ئەدەبىيات فاكۇلتېتى، قەشقەر 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «روزى سايىت شېئىرلىرىدىن» دېگەن توپلامدىكى كوررېكتورنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەبىدىن كۆرۈلگەن بىر قىسىم خاتالىقلار، يەنى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئىملاسىز يېزىلىشى ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئۆز ئورنىدا ئىشلىتىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن كېلىپ چىققان خاتالىقلار كۆرسىتىلىپ، ئىملانىڭ يازما ئەسەرلەردىكى رولى تەكىتلىنىدۇ، گەۋدىلەندۈرۈلىدۇ، شۇنداقلا كوررېكتورلارنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى سەۋەبىدىن بىر قىسىم نەشر ئەپكارلىرىدا ئوخشاش بولمىغان دەرىجىدە ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر پاكىت ئاساسىدا ئوتتۇرىغا قويۇلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** روزى سايىت؛ «توپلام»؛ كوررېكتور؛ ئىملا؛ ئوقۇرمەن.

مەلۇمكى، روزى سايىت ئۆزىنىڭ نادىر شېئىرىي ئەسەرلىرى بىلەن بۈگۈنكى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتىمىزدىكى پەخىرلىك ئورۇنغا ئىگە شائىرلىرىمىزنىڭ بىرى. ئۇنىڭ خەلقىمىزنىڭ، جۈملىدىن مېھنەتكەش دېھقانلىرىمىزنىڭ شاد ـ خۇراملىقلىرى ۋە قىيىنچىلىقلىرى يۈكسەك بەدىئىي ماھارەتتە ئەكس ئەتتۈرۈلگەن جەزبىدار شېئىرلىرى، راستچىللىق، سەممىيلىك، مەردلىك، سېخىيلىقتا ئوخشاش ئالىيجاناب ئىنسانىي پەزىلەتلەر ۋە ھاياتىي گۈزەللىكلەر ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن مەدھىيىلەنگەن، ئاچكۆزلۈك، بېخىللىق، ھۇرۇنلۇق، ساختىلىقتا ئوخشاش مەنىۋىي ئىللەت ۋە روھىي خۇنۇكلۇكلەر ئۆتكۈر تىل تىغلىرى بىلەن تىغلانغان ئېسىل لىرىكىلىرى مەدەنىيەت خەزىنىمىزدىكى بىباھا گۆھەرلەردىن، ئەلنىڭ قەلب كۆكىدىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلاردىن بولۇپ قالدى.

«روزى سايىت شېئىرلىرىدىن» دېگەن توپلامنىڭ 1 ـ ، 2 ـ قىسمى (تۆۋەندە «توپلام» ‹1›، ‹2› دەپ ئېلىنىدۇ) مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن 2001 ـ يىل 9 ـ ئايدا نەشر قىلىنىپ تارقىتىلدى. «توپلام» نەشر قىلىنغاندىن كېيىن خەلقىمىزنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا مۇيەسسەر بولدى.

«توپلام»غا شائىرنىڭ ئىلگىرى نەشر قىلىنغان ئەسەرلىرىگە كىرگۈزۈلگەن نادىر شېئىرلىرىدىن باشقا يېقىنقى يىللاردىن بېرى يازغان، شۇنداقلا ئىلگىرى يېزىلغان بولسىمۇ، ئەمما ئېلان قىلىدۇرمىغان يەنە بىر بۆلۈك ئېسىل ئەسەرلىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن بولۇپ، ئۇنىڭ قۇرلىرىدا شائىرنىڭ ئەقىل دۇردانىلىرى ۋە بالاغەت ئۇنچىلىرى جۇلالىنىپ تۇرىدۇ.

بىراق، «توپلام»دا كۆرۈلگەن كوررېكتورلۇقتا ئائىت خاتالىقلار كىشىنى ئەپسۇسلاندۇرىدۇ!

بىز «توپلام»نى قولىمىزغا ئېلىپ، ئۇنىڭدىكى مول مەنە خەزىنىلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىۋاتقان ۋە پاساھەت گۈلشەنىگە تەئەججۇپ ئىلكىدە زوقلىنىۋاتقان چېغىمىزدا، ئۇنىڭ ئاشۇ ئالتۇندەك قۇرلىرىدا پات ـ پاتلا كۆزگە چېلىقىپ قالىدىغان غەلىتىلىكنى ـــ ئىملا خاتالىقلىرىنى كۆرۈپ ئىختىيارسىزلا: «بۇ ئەسەرنىڭ كوررېكتورى بارمۇ ـ يوق؟» دەپ كىتابنىڭ ئالدى ـ ئارقىسىغا قاراپ قالىمىز ۋە كوررېكتورنىڭ راستتىنلا بارلىقىغا ئەجەبلىنىمىز. تۆۋەندە بۇنى قىسقىچە ئىسپاتلاپ ئۆتىمىز.

### 1. تېكىستتە كۆرۈلگەن ئىملا خاتالىقلىرى

ئەلەم گۈزەل، ھايات شېرىن جان دوستلار،
ساداقەتتە مۇھەببەتنىڭ ئاساسى.
(«توپلام» ‹1›، 88 ـ بەت)

ھەيدىدىم ھاشارغا ـــ بوز يەر، باغچىغا...
مۇتقا كۆمدۇم، مۇتنى تاپتىم ئاقىۋەت.
(«توپلام» ‹2›، 46 ـ بەت)

(ئىشلەيدۇ شۇلارنىڭ توپا- تېشىغا،)
ۋاقتىنىڭ ئاشقىنى ئېتىز ئېشىغا،
(«توپلام» ‹2›، 102 ـ بەت)

غەم غەنىيمەت، ئاگغىچە كەل ئىچ شاراپ،
لەۋدىكى گەز يىتكىسى «زەم- زەم» بىلەن.
(«توپلام» ‹1›، 493 ـ بەت)

نەپەس ئۈزدى شۇ مەرد قەلەم ساھىبى،
جۇدالىق تېغى پاتتى دىلبەندىگە.
(«توپلام» ‹2›، 269 ـ بەت)

تېپىپ ئىلھامنى نەزمەمگە كۆكرەك «بوغدا سادا- سى» دىن،
غەزەل پۈتتۈم بۇ يەگىلىغ كەڭ تاماشابىن باھاسى- دىن.
(«توپلام» ‹1›، 483 ـ بەت)

كىم بىلۇر تۈز قەدرىنى تارتمايلا قىڭغىر دەردىنى،
توغرىنى پەرق ئەتكىلى بولمايدۇ سەھۋەن بولمىسا.
(«توپلام» ‹2›، 172 ـ بەت)

ئىشكىم تۆت چىشلىق، پاختىكىم ئوگدا،
نەپ بەرسە ئۆزئارا سالغان «داق- دېقىم».
(«توپلام» ‹1›، 471 ـ بەت)

شانغا ئىنتىلگەن تىنىمسىز جان ئىدىڭ،
شۇ تەمەدە يۇقتى ئىللەت چەك بولۇپ.
(«توپلام» ‹2›، 271 ـ بەت)

مىيانە بىر زامان بولغان ئىدى بەختىڭنى يەم قىلغىن،
تۈپەيلىدىن سۈزۈك ئەقلىڭ يېدى دەشنام، تاياق، يولداش.
(«توپلام» ‹1›، 508 ـ بەت)

«مەرھۇم 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا قارامايدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتىدە ۋاقتىسىز قازا قىلغان».
(«توپلام» ‹2›، 261 ـ بەتتىكى ئىزاھ)

چېقىۋىدى ئۆتكەندە ۋالىي سۆزلەپ ئېكراندا،
«نامۇۋاپىق سېلىقنىڭ قىرقىيمەن دەپ پېيىنى!».
(«توپلام» ‹1›، 501 ـ بەت)

چاغان بۈگۈن يارەنلەر، نەۋ باھارنىڭ بايرىمى،
گۈل قاپلىغاي يۈرىكىمنىڭ باغرىنى- تاغ - پېيىنى...
(«توپلام» ‹1›، 501 ـ بەت)

(سەھىپە ئېتىبارى بىلەن مىساللار قىسقارتىلدى —مۇھەررىر)

يۇقىرىقى مىسرالاردا «ئالەم» سۆزى «ئەلەم» قىلىنىپ، «كۆندۈم» سۆزى «كۆمدۈم» قىلىنىپ، «ئىشىغا» سۆزى «ئېشىغا» قىلىنىپ، «دەم» سۆزى «فەم» قىلىنىپ، «تىغى» سۆزى «تېغى» قىلىنىپ، «كۆرەك» سۆزى «كۆكرەك» قىلىنىپ، «تۈز» سۆزى «تۈز» قىلىنىپ، «ئېشكىم» (ئېشەك) سۆزى «ئىشكىم» (ئىشىك) قىلىنىپ، «چەل» سۆزى «چەك» قىلىنىپ، «يەم قىلغان» سۆزى «بەم قىلغىن» قىلىنىپ، «مەرھۇم ...» دېگەن ئىزاھمۇ خاتا قىلىنىپ (چۈنكى، قارامايدا يۈز بەرگەن ئوت ئاپىتى 1998 ـ يىلى 6 ـ ئايدا ئەمەس، 1994 ـ يىلى 12 ـ ئاينىڭ 8 ـ كۈنى يۈز بەرگەن)، «چىقىۋىدى» سۆزى «چېقىۋىدى» قىلىنىپ، «يۈرتۈمنىڭ» بولۇشقا تېگىشلىك سۆز «يۈرىكىمنىڭ» قىلىنىپ، «سېيىنى» دېيىشكە تېگىشلىك سۆز «پېيىنى» قىلىنىپ خاتا يېزىلغان.

بۇلار شۇ مىسرالارنى، ھەتتا شۇ شېئىرلارنى خۇنۇكلەشتۈرۈپ، كىشىدە چۈشەنمەسلىك تۇيغۇسى پەيدا قىلدۇ.

**2. تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا ئىشلىتىلمىگەنلىكىدىن كۆرۈلگەن خاتالىقلار**

«توپلام» دا يەنە چېكىت، پەش، چېكىتلىك پەش، قوش تىرناق، قوش چېكىت، سوئال بەلگىسى ۋە سىزىقچە قاتارلىق تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئۆز ئورنىدا توغرا ئىشلىتىلمىگەنلىكى سەۋەبىدىنمۇ نۇرغۇن خاتالىقلارغا يول قويۇلغان. مەسىلەن:

ئارام تاپسا تالاشتۇردى، سوقۇشتۇردى خوراز ئىتنى،
(«توپلام» ‹1›، 360 ـ بەت)

ئايلانغۇچە بىزدىن ھالى بەتتەرگە،
دان بەرسىمۇ ھېساب توخۇ كەپتەرگە.
(«توپلام» ‹2›، 123 ـ بەت)

بۇ مىسرالاردا «خوراز» بىلەن «ئىت» سۆزىنىڭ، «توخۇ» بىلەن «كەپتەر» سۆزىنىڭ ئايرىلىقىغا پەش قويۇلمىغانلىقتىن، «خوراز» دېگەن ئىسىم «ئىت»قا، «توخۇ» سۆزى «كەپتەر»گە بىر خىل بەلگە بولۇپ قالغان، نەتىجىدە «خوراز ئىت»، «توخۇ كەپتەر» دېگەن غەلىتە نام مەيدانغا كەلگەن. ۋەھالەنكى، بىزدە «لالما ئىت»، «ئوۋ ئىتى» دېگەندەك ئىت تۈرلىرى ھەمدە «ئاق كەپتەر»، «كۆك كەپتەر»... گە ئوخشاش كەپتەرلەر باركى، ھازىرغىچە «خوراز ئىت»، «توخۇ كەپتەر» دەيدىغان ئىت ۋە كەپتەر تۈرلىرىنىڭ بارلىقى ئىشىتىلمىدى.

توپلامدا تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشى شۇنداق قالايمىقان بولۇپ، سىزىقچە قويۇشقا بولمايدىغان جايلارغا سىزىقچە قويۇپ قويغان (مەسىلەن، ئاب ـ زۇلال، زۇلمى- زىندان، نەپسى- شەيتان، ئەجرۇ- ئەزىم

... دېگەنلەردەك)؛ چېكىت قويۇشقا تېگىشلىك جايلارغا پەش، پەش قويۇشقا تېگىشلىك جايلارغا بولسا چېكىت قويۇپ قويۇلغان، ئۈندەش بەلگىسى قويۇشقا تېگىشلىك جايلارغا ئۈندەش بەلگىسىنى قويمىغان ئەھۋاللار بەك كۆپ.

مەلۇمكى، «توپلام» ‹1›گە شائىرنىڭ 304 پارچە شېئىرى، «توپلام» ‹2›گە 69 پارچە شېئىرى، ئىككى توپلامغا جەمئىي 373 پارچە شېئىرى تاللاپ كىرگۈزۈلگەن. مۇبادا بىز «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلى» ئەسەرلىرىدىكى تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىگە ئائىت ئەڭ مۇكەممەل ۋە ئەڭ توغرا قائىدىلەرنى ئۆلچەم قىلىپ تۇرۇپ، ھەربىر پارچە شېئىردا پەقەت بىردىنلا خاتالىق (تىنىش بەلگىلىرىنىڭ ئىشلىتىلىشىدىكى خاتالىقلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) كۆرۈلگەن دەپ پەرەز قىلساق، ئۇنداقتا، بۇ توپلامدا جەمئىي 373 ئورۇندا خاتالىق كۆرۈلگەن بولىدۇ. بۇ، سۆزسىزكى، كوررېكتورنىڭ ئۆزىنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلى، ئەلسۆيەر شائىر روزى سايىتنىڭ قان - تەرى بەدىلىگە پۈتكەن ھەربىر پارچە شېئىرىغا ئاز دېگەندىمۇ بىردىن جەمئىي 373 نۇقسان يەتكۈزۈپ، شائىرنىڭ پاك روھى ئالدىدا ئۆزىگە كەم بولغاندىمۇ 373 قېتىم خىجىلچىلىق تېپىۋالغانلىقى، كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئەسەر مەزمۇنىنى چۈشىنىشى ۋە ئېستېتىكىلىق زوق ئېلىشى ئۈچۈن يوق دېگەندىمۇ 373 كاشال تېرىپ بەرگەنلىكى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «توپلام»دا كۆرۈلگەن بۇ خاتالىقلارنىڭ مەدەنىيەت ساپايىمىز ۋە روھىي قىياپىتىمىزنىڭ مۇھىم بەلگىسى ھېسابلىنىدىغان، تىل - يېزىق خادىملىرىنىڭ جاپالىق ئەجرى ۋە كەڭ ئاممىنىڭ ئاڭلىق قوللىنىشى بەدىلىگە ئىلمىيلىشىش ۋە تاكامۇللىشىش ئىزىغا چۈشىۋاتقان مىللىي تىل - يېزىقىمىزنى تېخىمۇ قېلىپلاشتۇرۇش ۋە ساغلاملاشتۇرۇش ئىشلىرىمىزغا كەلتۈرگەن ھەم كەلتۈرىدىغان مەنىۋى زىيىنى تېخى بۇنىڭ سىرتىدا.

مەلۇمكى، «يېزىق ۋە نۇتۇقتا تىنىش، توختاش بەلگىلىرىنى توغرا قوللىنىشمۇ سۆز - جۈملىلەرنىڭ توغرا ئىپادىلىنىشىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىدىغان مۇھىم ۋاستە ھېسابلىنىدۇ.» ① شۇنىڭ ئۈچۈن، سۆزنىڭ ئىملاسى، خەتنىڭ سۈپىتى ھەمدە پەش - چېكىتلەرنىڭ (تىنىش بەلگىلىرىنىڭ) رولىغا نەزم ئەۋلىياسى ۋە شېئرىيەت رەھنەماسى ئەلىشىر نەۋائى «ياخشى يېزىلغان خەت، جايىغا قويۇلغان چېكىتلەر گۈزەلنىڭ يۈزىدىكى خالدەك كىتاب بەتلىرىگە گۈزەللىك بېرىدۇ. خۇش خەت كاتىپ سۆزگە زىننەت، ئوقۇغۇچىغا راھەت بېغىشلايدۇ» دەپ يۇقىرى باھا بەرسە، خەتنىڭ ئىملاسى ۋە پەش - چېكىتلەر بىلەن ھېسابلىشىپ ئولتۇرمايدىغان ساھىبى قەلەملەرگە، مەسئۇلىيەتسىز خەتتات، بىپەرۋا كوررېكتورلارغا ئاچچىق زەردە بىلەن «ئەگەر خېتى چىرايلىق بولۇپ، خاتالىرى كۆپ بولغاي، بۇنداق خەت يازغۇچىنىڭ قولى پالەچ كېسەللىكىگە جۈپ بولغاي.... ىۇ ناچار، خاتالىرىمۇ جىق مۇنداق خەتنى يازغۇچى خۇددى ساقىلىنى بويىۋالغان بوۋايغا ئوخشاش مەسخىرىگە لايىق. مۇنداق ساقالنى قىرقىپ ھاجەتخانىغا تاشلىغىنى ياخشى. بۇلارنىڭ ھەر ئىككىسىنى مالىك دوزاخ جەھەننەمگە ھەيدىگىنى ياخشى» دېگەنىدى. ②

مەشھۇر شائىر تېيىپجان ئېلىيوفمۇ ئەينى ۋاقىتتا ئۆزبېك شائىرلىرىدىن ئابدۇللا ئارىپوفنىڭ بىر قىسىم شېئىرلىرىنى توپلام قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان پېشقەدەم شائىر ۋە مۇھەررىر ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر ئاكىغا يازغان بىر پارچە خېتىدە «... بۇ كىتاب نەشرگە بېرىلگەندىن كېيىن، تېخنىكىلىق تەرەپلىرىگە (بولۇپمۇ كوررېكتورلۇققا) ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنسە، چۈنكى بۇ كىتاب چەتئەلگە چىقىشى مۇمكىن، ئادەم خىجالەت بولىدىغان ئىش چىقمىغاي. ئورىگىنالنى ئۆزىڭىز قايتا بىر قېتىم كۆرۈپ چىقىڭ. ئىملادا، بولۇپمۇ تىنىش بەلگىلىرىنى ئىشلىتىشتە چاتاق خېلىلا بار ئىكەن» ③دەپ يېزىپ، ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ يازما نۇتۇقتىكى رولىنىڭ مۇھىملىقىنى، شۇنداقلا بىر مىللەتنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىغا باھا بېرىشتىكى قىممىتىنىڭ زورلۇقىنى ئېنىق گەۋدىلەندۈرگەنىدى.

شائىر روزى سايىت «تارىم» ژۇرنىلىنىڭ 2001 - يىللىق 7 - سانىغا بېسىلغان «خوتەن دېھقانلىرى ۋە شائىر روزى سايىت»ناملىق ئوچېركىنى ئوقۇپ، خەلقنىڭ ئۆزىگە بولغان چەكسىز ھۆرمىتى ۋە چوڭقۇر مۇھەببىتىدىن قاتتىق تەسىرلىنىپ ئۇزاق كۆز يېشى قىلغان، ئەمما ئەسەردىكى باسما خاتالىقلىرىنى كۆرۈپ «تارىمدا كوررېكتور يوقمۇ ياكى ئورىگىنالدا شۇنچە كۆپ خاتالىقلار بارمۇ؟ سۆزلەر خاتا بېسىلىپلا قالماستىن، بەلكى نۇرغۇن جاي چۈشۈپ قاپتۇ...» دەپ رەنجىگەن. ④

«خوتەن دېھقانلىرى ۋە شائىر روزى سايىت» دېگەن بۇ ئەسەر يازغۇچى نۇرمۇھەممەت توختىنىڭ بولسىمۇ، ئەمما كوررېكتورنىڭ مەسئۇلىيەتسىزلىكى تۈپەيلى ئەسەردە كۆرۈلگەن ئىستىلىستىكىلىق خاتالىقلار (سۆزلەرنىڭ ئىملاسىزلىقىدىن كەلگەن خاتالىقلار) شائىرنىڭ ئىچىنى ئېچىشتۇرغان.

مەلۇمكى، يېقىندا نەشردىن چىققان «روزى سايىت

شېئىرلىرىدىن» دېگەن بۇ توپلامنى شائىر كۆز يۇمۇشتىن پەقەت 18 كۈن بۇرۇن — 2001-يىلى 8-ئاينىڭ 21-كۈنى مەزكۇر توپلامنىڭ نەشر قىلىنىشىغا بىۋاستە تۈرتكە بولغان ئىلىم ھامىيلىرىدىن ئەينى چاغدىكى دۆلەت ئىشلىرى كومىسسارى، ھازىرقى مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ئىسمائىل ئەھمەد ئۆز قولى بىلەن مۇبارەك جىسمى لەنتى كېسەلدىن ئېغىر شىكەستلەنگەن شائىرغا تاپشۇرۇپ بېرىپ، شائىرنىڭ تولۇق ئەسەرلىرى توپلىمىنىڭ نەشردىن چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن ئۇنى خەلقىمىز نامىدىن تەبرىكلىگەن. شائىر توپلامنى زەئىپلىكتىن تىترەپ تۇرغان قوللىرىغا ئېلىپ، چەكسىز ھاياجانغا چۆمگەن، ئەل بىلەن ھەمنەپەس، تەقدىرداش بولغانىنىڭ، ئاۋامنىڭ ئوتىدا كۆيۈپ، سۈيىدە ئاققانىنىڭ، قىسقىسى، خەلقىنىڭ شائىرى بولغانىنىڭ نەقەدەر مىسلىسىز بەخت ئىكەنلىكىنى ھاياتىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى كۈنلىرىدە يەنە بىر قېتىم چوڭقۇر ھېس قىلغان بولسىمۇ، بىراق غايەت جىسمانىي ناتىۋانلىق شائىرنىڭ بۇ توپلامنى كۆرۈپ چىقىشىغا زەررىچە ئىمكانىيەت بەرمىگەن. دېمەكچىمىزكى، ئەگەر شائىر ھايات بولۇپ، «توپلام»دىكى ئىملا ۋە تىنىش بەلگىلىرىنىڭ توغرا بولماسلىقىدىن كېلىپ چىققان شۇنچە كۆپ خاتالىق ۋە قالايمىقانچىلىقلارنى كۆرگەن بولسا، مەسئۇلىيەتسىز كوررېكتورلاردىن قاتتىق رەنجىگەن ۋە بەلكىم گېزى كەلسە ئۇلارنى ئۆتكۈر ھەجۋىيلىرى بىلەن راسا قاملاشتۇرۇپ بىر قامچىلىغان بولاتتى. بۇ يەردە شۇنى دەپ ئۆتۈش ھاجەتكى، ھازىر نەشر قىلىنىۋاتقان كىتاب-ژۇرناللىرىمىز كەڭ ئوقۇرمەن ئاممىنىڭ كۈنسېرى ئېشىپ بېرىۋاتقان مەنىۋى ئېھتىياجى ۋە روھىي تەلپىنى كۆزدە تۇتۇپ، ئۆزىنگە ھەم ئاپتورلارغا ھەسسىلەپ قاتتىق تەلەپ قويۇپ، ئۆز سۈپەت-ساپاسىنى زور دەرىجىدە ياخشىلىدى ياكى شۇنىڭغا تىرىشىۋاتىدۇ، بىراق بۇنىڭ ئەكسىچە بەزى كىتاب-ژۇرناللارنىڭ كوررېكتورلۇقىدا ساقلىنىۋاتقان مەسىلىلەر نەزەردىن ساقىت قىلىنىشقا بولىدىغان چەكتىن ئېشىپ، غەيرى نورمال ھادىسە دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىۋاتىدۇ. شائىر روزى سايىتنىڭ: «تارىم» دا كوررېكتور يوقمۇ ياكى ئورگىنالدا شۇنچە كۆپ خاتالىقلار بارمۇ؟ ...» دەپ رەنجىشى بىكار ئەمەس.

بىز ھەرقايسى ئاخبارات، نەشرىيات ئورۇنلىرىدىكى مۇھەررىر، كوررېكتور خادىملارنىڭ ئۆز كەسپىنىڭ ئەھمىيىتىنى، قىممىتىنى يەنىمۇ تولۇق، ئەتراپلىق ھەم چوڭقۇر تونۇپ، ئىلىم-پەنگە، مىللىتىمىزنىڭ تىل-يېزىقىغا، جاپاكەش مۇئەللىپلەرگە، شۇنداقلا ئىلىم سۆيەر ئوقۇرمەنلەرگە سادىق بولۇشنى، ئۇلارغا مەسئۇلىيەتچانلىق بىلەن مۇئامىلە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمىز.

**ئىزاھلار:**

① ئابدۇرەئۇپ پولات: «ئۇيغۇر تىلى لېكسىكولوگىيەسى». قەشقەر: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1994. 325-بەت.

② ئەلىشىر نەۋائى: «مەھبۇبۇلقۇلۇب». قەشقەر: قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1989. 46-بەت.

③ تېيىپجان ئېلىيوف: «ئەسەرلەر». بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982. 299-بەت.

④ «شىنجاڭ مەدەنىيىتى». 2001-يىللىق 5-سان، 49-بەت.

---

(بېشى 33-بەتتە)

تەرجىمە قىلغاندا ئەستايىدىل بولماسلىق سەۋەبىدىن ئاسانلا خاتالىق سادىر بولىدۇ. مەسىلەن، 婚姻登记 نى «توي خېتى ئېلىش» دەپ تەرجىمە قىلىپ قويغان ئەھۋاللارمۇ ئاز ئەمەس، قانۇندا ئوتتۇرىغا قويۇلغان 婚姻登记 نىكاھلىنىش، نىكاھدىن ئايرىلىش، قايتا نىكاھلىنىشنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، يالغۇز «توي خېتى ئېلىش» (نىكاھلىنىش)نىلا بىلدۈرمەيدۇ. ئادەتتىكى چاغلاردا نىكاھ تىزىملىتىشنى توي خېتى ئېلىش بىلەن ئارىلاشتۇرۇپ ئىشلىتىۋاتىمىز، بىراق قانۇندا بۇ سۆزنىڭ ئۇقۇم دائىرىسى قاتتىق بەلگىلەنگەن. شۇڭا، بۇنداق سۆزلەرنى تەرجىمە قىلغاندا چوقۇم ئۇنىڭ قانۇن جەھەتتىكى مەنىسىنى ئېنىق بىلىۋېلىشىمىز لازىم.

قىسقىسى، قانۇن ھۆججەتلىرىنىڭ تەرجىمىسى نۇرغۇن مەسىلىلەرگە چېتىلىدۇ، ئاتالغۇلارنىڭ قېلىپلىشىشىغا ئەگىشىپ، قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىشنىڭ پرىنسىپلىرىمۇ بارغانسېرى ئايدىڭلىشىدۇ. يۇقىرىدا ئوتتۇرىغا قويغان بىرقانچە پرىنسىپتىن باشقا يەنە ئۆزگىچە تەرەپلەرمۇ بولۇشى مۇمكىن. مېنىڭچە، قانۇن ھۆججەتلىرىنى تەرجىمە قىلىش ئۈچۈن ئالدى بىلەن تىل ئۆتكىلىدىن ياخشى ئۆتۈپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قانۇن ھۆججەتلىرىنىڭ ئۇسلۇبى، ئالاھىدىلىكى، ئاتالغۇلارنىڭ مەزمۇنى، پەرقى قاتارلىقلارنى ياخشى تەھلىل قىلىشىمىز، ئالاقىدار تەرجىمە پرىنسىپلىرىنى ئوبدان ئىگىلىشىمىز، كەسپىي لۇغەتتىن پايدىلىنىش ئىقتىدارىمىزنى ئۈزلۈكسىز ئاشۇرۇشىمىز لازىم.

2003 ـ يىل 2 ـ سان　　تىل ۋە تەرجىمە　　22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 ـ سان)
2003 年第 2 期　　语言与翻译（维吾尔文）　　第 22 卷（总第 145 期）
No. 2, 2003　　Language and Translation (Uighur)　　Volume 22 (General No. 145)

# باسما بۇيۇملاردا ئىملا قائىدىسىگە ئەمەل قىلىش كېرەك

باھارگۈل بېسىر

(تۇرپان ۋىلايەتلىك كۈتۈپخانا، تۇرپان 838000)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە گېزىت ـ ژۇرنال قاتارلىق باسما بۇيۇملاردا سۆزلەرنى ئىملا قائىدىسى بويىچە توغرا ئېلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى تەكىتلىنىش بىلەن بىللە نۆۋەتتە مەتبۇئاتلاردا ئىملاسى كۆپىنچە خاتا ئېلىنىۋاتقان بىرقانچە سۆزنىڭ ئىملاسىنى توغرا ئېلىش ھەققىدە چۈشەنچە بېرىلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئىملا؛ توغرا يېزىش؛ تىل ـ يېزىق.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، تىل ـ يېزىقنى ئۆلچەملىك قېلىپلاشتۇرۇش ۋە شۇ بويىچە توغرا قوللىنىش بىر مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ساپاسىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان ئامىللارنىڭ بىرى. بولۇپمۇ، ئەۋلادمۇئەۋلاد ساقلىنىپ قالىدىغان ھەم تارقىتىلىش دائىرىسى كەڭ بولغان باسما بۇيۇملاردا تىل ـ يېزىقنى توغرا قوللىنىش تولىمۇ زۆرۈر. چۈنكى، باسما بۇيۇملار ھازىرقىلار ئارىسىدا تىل ـ يېزىقنى قېلىپلاشقىنى بويىچە ئومۇملاشتۇرۇش رولىنى ئوينىسا، كېيىنكىلەر ئارىسىدا مۇقىم، قېلىپلاشقان تىلنى مۇستەھكەملەش ۋە داۋاملاشتۇرۇش رولىنى ئوينايدۇ. «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل ـ يېزىق خىزمىتى نىزامى»نىڭ 14 ـ ماددىسىنىڭ ئاخىرىدا «... گېزىت ـ ژۇرنال، كىتاب، كىنو ـ تېلېۋىزىيىدە قېلىپلاشقان تىل ـ يېزىقنى قوللىنىش شەرت» دەپ، 28 ـ ماددىسىنىڭ ئالدىنقى ئابزاسىدا «ئورگان، تەشكىلات، كارخانا ۋە كەسپىي ئورۇنلار ئاپتونوم رايوننىڭ تىل ـ يېزىق مەسئۇل تارمىقى بېكىتكەن ھەم ئېلان قىلغان ئىملا قائىدىسى، تەلەپپۇز قائىدىسى، ئاتالغۇ، ئادەم ئىسمى ۋە يەر نامى قاتارلىقلارنى قوللىنىشى، تىل ـ يېزىققا دائىر بەلگىلىمىلەرنى ئىجرا قىلىشى شەرت» دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. بىراق، نۆۋەتتە ئۇيغۇر يېزىقىدىكى باسما بۇيۇملارغا قارايدىغان بولساق، ئىملا قائىدىسىگە خىلاپ ئەھۋالنىڭ خېلىلا ئېغىرلىقىنى ھېس قىلىمىز. مەن كۈتۈپخانىدا بولغاچقا گېزىت ـ ژۇرناللارنى كۆرۈش جەريانىدا، ئۇيغۇر يېزىقىدا چىقىۋاتقان گېزىت ـ ژۇرنال ۋە كىتابلاردا ئىملا جەھەتتە خېلىلا مەسىلە بارلىقىنى ھېس قىلىپ، بۇ جەھەتتە قىسقىچە توختىلىشنى ئويلاپ قالدىم.

«شىنجاڭ گېزىتى» نىڭ 2003 ـ يىل 1 ـ ئاينىڭ 15 ـ كۈندىكى سانىنىڭ 4 ـ بېتىگە بېرىلگەن «ئامېرىكا ‹بازا› تەشكىلاتىنىڭ 15 پاراخوتىنىڭ كەينىگە چۈشتى» ماۋزۇلۇق ئاخباراتنىڭ 1 ـ ئابزاسىدا: « ... ئامېرىكا ‹11 ـ سېنتەبىر› ۋەقەسىدىن كېيىن، ‹بازا› تەشكىلاتىنىڭ بۇيۇك پاراخوتلىرىدىن پايدىلىنىپ دۇنيانىڭ ھەرقانداق بىر يېرىگە ....» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. «بازا» تەشكىلاتىنىڭ «بۇيۇك پاراخوتلىرى» دەپ تەرىپلەنگۈدەك قانداق پاراخوتلىرى باردۇر؟ مەن بۇ قۇرلارنى پۈتۈن تېكىستكە بىرلەشتۈرۈپ قايتا ـ قايتا ئوقۇش ئارقىلىق، ئەسلىدە «بۇ يۈك پاراخوتلىرىدىن» دەپ يېزىلىشى كېرەك بولغان سۆزنىڭ ئىملا سەۋەنلىكى تۈپەيلىدىن «بۇيۇك پاراخوتلىرىدىن» دەپ يېزىلىپ، خاتا ئۇقۇم پەيدا قىلىنغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

يەنە «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2003 ـ يىل 2 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈندىكى سانىنىڭ 4 ـ بەت ئوڭ تەرەپ

ئۇستىگە بېرىلگەن بىر خەۋەردە: «... ئازراق پۇل بېرىشكە پىقسىقلىق قىلسا، سىياسىي جەھەتتە زىيانغا ئۇچرايدۇ...»، «... بۇنىڭدىن شۇنداق ھۆكۇم چىقىرىشقا بولىدىكى، ئامېرىكا بىلەن تۈركىيە داۋاملىق سودىلىشىدۇ...» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. بۇلاردىمۇ «پىخسىق» سۆزى «پىقسىق» دەپ، «بولىدۇكى» سۆزى «بولىدىكى» دەپ خاتا ئىملادا يېزىلغان. بۇنداق مىساللار بىزدە بارغانسېرى كۆپىيىۋاتىدۇ. سەھىپە ئېتىبارى بىلەن بۇنداق «ئۇ» ھەرپى «ئى» بولۇپ قالغان ياكى «خ» ھەرپى «ق» بولۇپ قالغانغا ئوخشاش ئەھۋاللارنى يەنە كۆپلەپ كۆرسىتىشىمنىڭ ھاجىتى يوق. مەن گېزىت - ژۇرنال ۋە كىتاب چىقىرىۋاتقان يولداشلارنىڭ بۇنداق مەسىلىلەرگە دىققەت قىلىشىنى تەۋسىيە قىلىش بىلەن بىرگە، تۆۋەندە ئىملاسىدا دائىم مەسىلە كۆرۈلۈۋاتقان بىر - ئىككى سۆز ھەققىدە توختىلىمەن.

**1. مىلاد ۋە مىلادىيە.** ھازىرغىچە بىزنىڭ كۆپلىگەن گېزىت - ژۇرناللىرىمىز ۋە كىتابلىرىمىزدا بۇ سۆزلەر خاتا ئىشلىتىلىۋاتىدۇ. «ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى»، «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىي تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى» قاتارلىق نوپۇزلۇق لۇغەت ۋە مەخسۇس ئىملا قوللانمىلىرىدا بۇلار ئېنىق ئايرىلغان. يەنى «مىلاد» ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى، «مىلادىيە» بولسا خەلقئارادا ئورتاق قوللىنىلىۋاتقان كالېندار نامىنى بىلدۈرەتتى. ئەمما، تا ھازىرغا قەدەر «شىنجاڭ گېزىتى»دەك نوپۇزلۇق گېزىتلەرمۇ بۇنى بىلمەيۋاتىدۇ. مەسىلەن، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 2 - كۈندىكى سانىنىڭ 1 - بېتىگە بېرىلگەن «بۈگۈردىكى ئاغراق قەدىمكى شەھىرىنىڭ يىل دەۋرى غەربىي خەن سۇلالىسى دەۋرىدىن بۇرۇنقى دەۋرگە خاس بولۇشى مۇمكىن» ماۋزۇلۇق خەۋەردە «... (مىلادىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلىدىن مىلادى 23 - يىلىغىچە)...» دېگەن قۇرلار ئۇچرايدۇ. ئىزىپ چۈشەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى يوق، ئەسلى بۇ جۈملە «... (مىلادىيىدىن ئىلگىرىكى 206 - يىلىدىن مىلادىيە 23 - يىلىغىچە)...» دەپ يېزىلىشى كېرەك ئىدى. بۇ سۆزگە بىرلا مىسال ئالدۇق، ئەمەلىيەتتە بۇنداق مىسال ناھايىتى كۆپ. مەن مۇھەررىرلەرنىڭ، كوررېكتورلارنىڭ ئانچە - مۇنچە ئۇيغۇر تىل - يېزىقىغا دائىر كەسپىي ماتېرىياللارنى كۆرۈپ قويۇشىنى سەمىمىي تەۋسىيە قىلىمەن.

**2. كەچۈرۈش ۋە كۆچۈرۈش.** بۇ ئىككى سۆزمۇ مەيلى شەكىل جەھەتتىن بولسۇن ياكى مەزمۇن جەھەتتىن بولسۇن، بىر - بىرىدىن ئېنىق پەرقلىنىپ تۇرىدىغان سۆزلەردۇر. يەنى، «كەچۈرۈش» سۆزى بولسا «ئۆتكۈزۈش» مەنىسىدە، «كۆچۈرۈش» بولسا «(بىر ئورۇندىن يەنە بىر ئورۇنغا) يۆتكەش» مەنىسىدە بولۇپ، ئۇلارنى ئۆزئارا ئارىلاشتۇرىۋېتىشكە بولمايدۇ. بىراق، ھازىر مەتبۇئاتلىرىمىزدا بۇ ئىككى سۆزنى ئارىلاشتۇرۇپ خاتا قوللىنىدىغان ئەھۋال خېلىلا بار. مەسىلەن، «شىنجاڭ گېزىتى»نىڭ 2003 - يىل 1 - ئاينىڭ 3 - كۈندىكى سانىنىڭ 2 - ، 3 - بەتلىرىگە بېرىلگەن «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ تىل - يېزىق خىزمىتى نىزامى»نى ئىزچىللاشتۇرۇش ھەققىدىكى ماقالىلەردە «يولداش جىياڭ زېمىن شىنجاڭنى كۆزدىن كۆچۈرگەندە مىللەتلەرنىڭ ئۆزئارا تىل - يېزىق ئۆگىنىشى توغرىسىدا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ...» دېگەن قۇرلار بىرنەچچە ئورۇندا ئۇچرايدۇ. بۇنىڭدىكى «كۆزدىن كۆچۈرگەندە» دېگەن بىرىكمە توغرا بولمىغان. (نېمىنى) كۆزدىن قەيەرگە كۆچۈردى؟ ئەسلىي بۇ سۆز «كۆزدىن كەچۈرگەندە» دەپ يېزىلسا توغرا بولاتتى ھەم شۇندىلا ئۇنىڭدىن «شىنجاڭنى كۆز - نەزىرىدىن ئۆتكۈزۈپ تەكشۈرگەندە» دېگەن توغرا مەنىنى چىقارغىلى بولاتتى...

يۇقىرىدا باسما بۇيۇملىرىمىزنىڭ ئىملاسىنى قائىدە بويىچە توغرا ئېلىش ھەققىدە ئويلىغانلىرىمنى ۋە مۇناسىۋەتلىك مىساللارنى قىسقىلا ئوتتۇرىغا قويدۇم. دەسلەپتىلا دەپ ئۆتكەندەك تىل - يېزىقنى توغرا قوللىنىش، ھەم ئۆز ساپايىمىزنىڭ قانچىلىكلىكىنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان بەلگە، ھەم دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك قانۇن - نىزاملىرىدا ئېنىق بەلگىلىمە چىقىرىلغان قانۇنىي مەجبۇرىيەت. شۇنداق تۇرۇقلۇق، بىز يەنە نېمە ئۈچۈن بىخۇدلۇق قىلىمىز؟! مەن مەتبۇئاتلاردىكى خادىملارنىڭ بۇ ھەقتە ئەستايىدىل بولۇشىنى، بولۇپمۇ ئىملا قائىدىسى ئېنىق بېكىتىلىپ، ئىملا لۇغىتىمۇ نەشر قىلىنغان مۇشۇنداق كۈندە ئانچە - مۇنچە ئىملا بىلىملىرىنى ئۆگىنىپ قويۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

# تىلىمىزدىكى «ئۆزرە» ۋە «ئۇزرە» سۆزلىرىنى توغرا پەرقلەندۈرەيلى

رەيھان ھامۇت

(ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى، ئۈرۈمچى 830001)

مەن ئۇزۇن يىللاردىن بېرى كومپيۇتېرغا خەت ئۇرۇپ كىرگۈزۈش ۋە ماتېرىيال كۆرۈش جەريانىدا، تىلىمىزدىكى «ئۆزرە» ۋە «ئۇزرە» سۆزلىرىنىڭ ئىملاسىنى كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ پەرقلەندۈرەلمەي دائىم خاتا يازىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەمەلىيەتتە، بۇ ئىككىسى بىر- بىرىگە پۈتۈنلەي ئوخشىمايدىغان ئىككى سۆزدىن ئىبارەت.

«ئۆزرە» سۆزى بولسا، تىلىمىزغا ئەرەبچىدىن كىرگەن سۆز بولۇپ، بۇنىڭ ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى لۇغەت مەنىسى «كەچۈرۈم، ئەپۇ، ئۆزرىخاھلىق». كىشىلەر ئادەتتە بىرىدىن كەچۈرۈم سورىغاندا ياكى بىرىنىڭ ئەپۇ قىلىشىنى تەلەپ قىلغاندا «ئۆزرە» سۆزى قوللىنىلىدۇ. مەسىلەن، «مەن ئۇنى ئاۋارە قىلغىنىم ئۈچۈن ئۆزرە سوراپ خوشلىشىپ قايتتىم» دېگەندەك؛ «ئۇزرە» بولسا، ئەسلىي ئۇيغۇرچە، يەنى ئەسلىي تۈركىي سۆز بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسلىق مەنىسى «ئۈستىدە، ئۈستە تەرىپىدە، تۆپىسىدە»دىن ئىبارەت. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە بەزى ئىسىملارنىڭ كەينىدە كېلىپ، ئورۇن كېلىش قوشۇمچىسى « ـ دا //ـ دە، ـ تا //ـ تە»لەرنىڭ رولىنى ئوينايدۇ. مەسىلەن، «باشىم ئۇزرە تۇرارسەن، شۇنچە جەۋلان قىلارسەن، خۇشخۇي زۇۋان سۈرەرسەن، خەۋەر بەرسەڭ نېم بولغاي»، «ئەگەرچە بولمىساق بۇ ئىشتا ھوشيار، قىلۇر بىزنى سىياسەت ئۇزرە تارمار» دېگەندەك.

دېمەك، ئۇيغۇر تىلىدىكى ھەربىر سۆزنىڭ ئىملاسىنى توغرا يېزىش — تىلچىلارنىڭلا ۋەزىپىسى بولۇپ قالماستىن، بەلكى جەمئىيىتىمىزدىكى بارلىق يازغۇچى، شائىر، ژۇرنالىست، كوررېكتور ۋە ئوقۇتقۇچى- ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئورتاق بۇرچىدۇر. بىز ئەگەر بىرەر سۆزنىڭ ئىملاسىنى توغرا، ئۆلچەملىك يازماقچى بولىدىكەنمىز، چوقۇم شۇ سۆزنىڭ يېزىلىشىنى ئۆلۈك ھالدا ئۆزلەشتۈرۈۋالماي، بەلكى سۆزلەرنىڭ يىلتىزىنى، تومۇرىنى بىلىشىمىز ھەم ئۇنىڭ ياسىلىشى ۋە مەنىلىرىدىن خەۋەردار بولۇشىمىز كېرەك. شۇنداق قىلغاندا سۆزلەرنىڭ ئىملاسىنى توغرا يازغىلى ھەمدە ئىملاسىنى ئېسىمىزدە ساقلىغىلى بولىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**

[1] مىرسۇلتان ئوسمانوف قاتارلىقلار: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىملا ۋە تەلەپپۇز لۇغىتى». ئۈرۈمچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1997.

[2] ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى لۇغەت بۆلۈمى: «ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (4 ـ توم). بېيجىڭ: مىللەتلەر نەشرىياتى، 1994.

## قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگەن ئاتالغۇلار

كومىتېتىمىز مۇناسىۋەتلىك تىلشۇناس ۋە تەرجىمانلارنىڭ قاتنىشىشىدا يىغىن چاقىرىپ، سارس كېسىلىگە دائىر بىر قىسىم يېڭى ئاتالغۇلارنى مۇزاكىرە قىلىپ بېكىتتى. ئالاقىدار ئورۇن ۋە شەخسلەرنىڭ بۇ ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىلگىنى بويىچە قوللىنىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىل- يېزىق خىزمىتى كومىتېتى
ش ئۇ ئا ر مىللەتلەر تىلىدىكى ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇش- بېكىتىش كومىتېتى
2003 ـ يىل ئاپرېل

| | |
|---|---|
| سارس كېسىلى(تىپىك بولمىغان ئۆپكە كېسىلى) | 非典型肺炎 |
| سارس(SARS)ۋىرۇسى | 萨斯病毒 |
| يېڭى تاجسىمان ۋىرۇس | 新型冠状病毒 |
| گۇمانىي كېسەل | 疑似病例 |
| قىزىتما ئامبۇلاتورىيىسى | 发热门诊 |
| يۇقۇم؛ يۇقۇم ئەھۋالى | 疫情 |
| قانۇندا بېكىتىلگەن گۇمانىي كېسەل | 法定流行病 |
| كېسەل ۋاستىسى | 病媒 |

2003 ـ يىل 2 ـ سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation (Uighur)

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 ـ سان)
第 22 卷(总第 145 期)
Volume 22 (General No. 145)

# خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر دائىم سادىر قىلىدىغان خاتالىقلار ۋە ئۇنى ھەل قىلىش تەدبىرلىرى

زەينەپ ھەسەن

(شىنجاڭ مالىيە ـ ئىقتىساد ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى، ئۈرۈمچى 830011)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەردە دائىم كۆرۈلىدىغان بىرقانچە تۈرلۈك خاتالىقلار كۆرسىتىلىپ، شۇنىڭغا ماس ھالدا، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا بۇ مەسىلىنى قانداق ھەل قىلىش تەدبىرلىرى سۆزلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خەنزۇ تىلى، كۆرۈلگەن مەسىلىلەر؛ ھەل قىلىش تەدبىرلىرى.

مىللىي ئوقۇغۇچىلار خەنزۇ تىلى ئۆگىنىش جەريانىدا نۇرغۇن قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدۇ. مەسىلەن، تاۋۇشلارنى تەلەپپۇز قىلىش، تون بەلگىسىنى پەرقلەندۈرۈش، خەتلەرنى يېزىش، سۆزلەرنى چۈشىنىش ۋە ئەستە قالدۇرۇش، جۈملە تۈزۈش، جۈملە بۆلەكلىرىنى تەھلىل قىلىش، سۆز تۈركۈملىرىنى پەرقلەندۈرۈش قاتارلىق بىر پۈتۈن تىل سىستېمىسىنى ئىگىلەش جەريانىدا، خەنزۇ تىلىنىڭ نەقەدەر مۇرەككەپ بىر تىل ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىدۇ. ئۇيغۇر تىلى بىلەن خەنزۇ تىلى باشقا ـ باشقا تىل سىستېمىسىغا تەۋە تىللار بولغاچقا، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەنزۇ تىلىدا ئۇيغۇر تىلىغا يات جۈملە قۇرۇلمىسى، سۆز بىرىكمىلىرى، ئالاھىدە سۆز تۈركۈملىرى ۋە كۆپتىن ـ كۆپ مەنىداش سۆزلىرى بولغاچقا، مەيلى ئېغىزدا بولسۇن ياكى يېزىقتا بولسۇن دائىم بەزى خاتالىقلاردىن خالىي بولالمايدۇ. مەن بۇ ماقالىدە پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ تاپشۇرۇقلىرىدا دائىم كۆرۈلىدىغان خاتالىقلارنى كۆرسىتىپ ئۆتىمەن.

**1. جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ چۈشۈپ قېلىشى.** بەزى ئوقۇغۇچىلار جۈملە تۈزگەندە كۆپىنچە جۈملىنىڭ مەلۇم بۆلىكىنى چۈشۈرۈپ قويىدۇ، شۇنىڭ بىلەن جۈملە مۇكەممەل چىقمايدۇ. مەسىلەن:

为了早日回家,纷纷去火车站买票。

بۇ جۈملىنىڭ ئىگىسى چۈشۈپ قالغان. بۇ جۈملىنى چوقۇم مۇنداق يېزىش كېرەك:

为了早日回家,同学们(学生)纷纷去火车站买票。

我老师, 他学生 دېگەن بۇ جۈملىدە كېسىم پېئىلى 是(خەۋەر) چۈشۈپ قالغان.

我吐鲁番来了,他喀什来了。

بۇ جۈملىدە ھەم كېسىم پېئىل 是، ھەم ھەرىكەتنىڭ چىقىش ئورنىنى بىلدۈرۈشتە ئىشلىتىدىغان مۇھىم بىر سۆز 从 چۈشۈپ قالغان. شۇنىڭ بىلەن بۇ جۈملىلەر گەرچە شىنجاڭدىكى يەرلىك خەنزۇ يولداشلار چۈشەنسىمۇ، خەنزۇ تىلىنىڭ گرامماتىكا قائىدىسىگە ئۇيغۇن كەلمەيدىغان خاتا جۈملە بولۇپ تۈزۈلگەن.

**2. جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنە جەھەتتىن ماسلاشماسلىقى.** بەزى جۈملىلەردە جۈملە بۆلەكلىرىنىڭ ماسلىشىشى خەنزۇ تىلى قائىدىسىگە ياكى ئادىتىگە ئۇيغۇن كەلمىگەن. مەسىلەن:

晚会上的音乐和舞蹈真好听。

بۇ جۈملىدە 舞蹈 بىلەن 听 ماسلاشمىغان، بۇ جۈملىنىڭ توغرىسى:

晚会上的音乐好听,晚会上的舞蹈好看。

**3. سۆزلەرنى خاتا ئىشلىتىش.**

خەنزۇ تىلىدا مەنىداش ۋە يېقىن مەنىلىك سۆزلەر ناھايىتى كۆپ، ساۋاقداشلاردا بۇنداق سۆزلەرنى پەرق ئېتەلمەي، قارىقويۇق ئىشلىتىش ئەھۋالى مەۋجۇت. مەسىلەن:

我一定决心接受大家的批评。

بۇ جۈملىدە 决心 سۆزى خاتا ئىشلىتىلگەن. ئەسلىدە بۇ جۈملىگە كېرەك بولۇۋاتقان سۆز 虚心، ئالدىنقىسى ئىسىم، كېيىنكىسى سۈپەت.

**4. سۆز تەرتىپىنى ئالماشتۇرۇپ قويۇش.**

بەزىلەر جۈملە تۈزگەندە دائىم جۈملىدىكى سۆزلەرنىڭ ئورنىنى ئالماشتۇرۇپ قويىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئەسلىي جۈملىنىڭ مەنىسى ئۆزگىرىپ كېتىدۇ ياكى مەنتىق خاتالىقى كېلىپ چىقىدۇ. مەسىلەن:

两个新旧社会,真是鲜明的对比阿!。

بۇ جۈملىدىكى 两个新旧社会 نىڭ توغرىسى 新旧两个社会 بولۇشى كېرەك ئىدى.

**5. جۈملىلەردە ئالدى - كەينىدىكى سۆزلەر زىددىيەتلىك بولۇپ قېلىش.**

بەزى جۈملىلەر شەكىل جەھەتتىن قارىماققا مەسىلە يوقتەك تۇيۇلىدۇ. ئەمما، مەنە جەھەتتە ماسلاشماي، بىر - بىرىگە زىت چىقىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

我断定他大概是王小明的哥哥。

بۇ جۈملىدە 断定（كېسىپ ئېيتماق) بىلەن «大概» مەنە جەھەتتىن زىتلىشىپ قالغان. بۇ جۈملىنى 我断定他是王小明的哥哥 دېيىشكىلا بولدى.

**6. سۆزلەرنى ئارتۇقچە تەكرارلاش.**

بەزى جۈملىلەردە سۆزلەر (كۆپىنچە مەنىداش ياكى يېقىن مەنىلىك سۆزلەر) تەكرارلىنىپ قېلىپ، جۈملىنىڭ مەزمۇنى ئېنىقلانماي، ئەكسىچە مۈجمەللىشىپ قالىدۇ. مەسىلەن:

我不禁忍不住地笑出声来。

بۇ جۈملىدىكى 不禁 بىلەن 忍不住 نىڭ مەنىسى ئوخشاش، شۇڭا بۇ جۈملىنى 我忍不住笑出了来声 ياكى 我忍不住笑出声来 دېيىش كېرەك.

**7. خەنزۇ تىلىدىكى باغلىغۇچىلارنى خاتا ئىشلىتىش.**

خەنزۇ تىلىدا سۆز - جۈملىلەرنى باغلاشتا تاق باغلىغۇچىلار ئىشلىتىلگەندىن باشقا، قوشما جۈملىلەردە ماسلىشىپ كېلىدىغان قوش باغلىغۇچىلارمۇ ئىشلىتىلىدۇ. بۇ باغلىغۇچىلار جۈملىنىڭ مەنىسى ۋە قۇرۇلمىسىغا ئاساسەن، ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىدۇ. ئەگەر، ئۇلارنى توغرا ماسلاشتۇرۇپ ئىشلەتمىگەندە جۈملىنىڭ مەنىسى ۋە قۇرۇلمىسىغا تەسىر يېتىدۇ. بەزى ئوقۇغۇچىلار مۇشۇ خىل باغلىغۇچىلارنىڭ مەنىسى ۋە ئىشلىتىلىشىنى ياخشى ئىگىلىيەلمىگەنلىكتىن دائىم خاتا جۈملىلەرنى تۈزۈپ قويىدۇ. مەسىلەن:

我们无论在什么地方，还必须讲文明。

بۇ جۈملىدىكى 无论 بىلەن 还 ماسلىشىپ كەلمىگەن. بۇ جۈملىنى 无论 …… 都 شەكلىگە كەلتۈرۈش كېرەك.

دېمەك، يۇقىرىدىكى بىرقانچە جۈملىدە كۆرۈلگەن مەسىلىلەردىن شۇنداق بىر خۇلاسىگە كېلەلەيمىزكى، تىل ئۆگىنىشتە ئالدىراڭغۇلۇق قىلىشقا بولمايدۇ. چوقۇم قەدەمنى پۇختا، سالماق ئېلىش، ھارماي - تالماي ئۆگىنىش پوزىتسىيىسىدە چىڭ تۇرۇپ، ئۈزۈلدۈرمەي مەشىق قىلىش كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ ئۆزى ئۆتىۋاتقان دەرسلىكنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلى ۋە نۇقتىلىق مەزمۇنلىرىنى چوڭقۇر تەتقىق قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا تولۇق، توغرا، ئېنىق چۈشەندۈرۈش لازىم. مېنىڭچە، يۇقىرىدىكى مەسىلىلەرنى توغرا ھەل قىلىپ، ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلىنى تېخىمۇ ياخشى ئۆگىتىش ئۈچۈن تۆۋەندىكى ئۇسۇللارنى قوللىنىش لازىم.

**1. دەرسلىك قىيىن نۇقتىسى ۋە مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش كېرەك.**

خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا، دەرسلىكنىڭ قىيىن ھەم مۇھىم نۇقتىسىنى گەۋدىلەندۈرۈش ئىنتايىن مۇھىم. خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئېيتقاندا، ھەل قىلىشقا تېگىشلىك مەسىلىلەر ناھايىتى كۆپ. ئوقۇتقۇچىلار سۆز تۈركۈملىرىنىڭ مەنە دائىرىسى، جۈملىدىكى رولى جەھەتتىكى مەزمۇنلارنى ئاممىباب تىلدا چۈشىنىشلىك قىلىپ ئوقۇغۇچىلارغا سىڭدۈرەلىسە، ئوقۇغۇچىلارمۇ بۇ خىل سۆزلەرنى جانلىق ئۆگەنسە، ئەمەلىي مەشىقنى كۆپرەك قىلسا يەڭگىلى بولمايدىغان قىيىنچىلىق يوق. مەسىلەن، ئۇيغۇر تىلىدا «ئالماق» دېگەن پېئىل خەنزۇ تىلىدا 买、拿、要 قاتارلىق پېئىللار بىلەن ئىپادىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىدا يەنە نەرسىلەرنى ئېلىپ يۈرۈش، كۆتۈرۈش ھەرىكىتىنى بىلدۈرۈشتە ئىنچىكە ئىپادىلەش شەكىللىرى بار، يەنى 靠、拉、换、扶、端、抬、提、挎、夹 قاتارلىقلار. بۇ سۆزلەر توغرىسىدا چۈشەنچە بەرگەندە كۆرسەتمە قوراللار ئارقىلىق شۇ خىل ھەرىكەتنى ئىشلەپ تۇرۇپ، ئوبرازلىق سۆزلىمىسە ئوقۇغۇچىلار ئاسانلىقچە پەرق ئېتەلمەيدۇ ياكى ئاسانلا ئۇنتۇپ قالىدۇ. يەنە مەسىلەن، 参观 بىلەن 访问 پېئىللىرى ئۇيغۇر تىلىدا «زىيارەت قىلىش، ئېكسكۇرسىيە قىلىش» دەپ تەرجىمە قىلىنىدۇ. خەنزۇ تىلىدا بۇ ئىككى سۆزنىڭ سۆزلەر بىلەن بىرىكىپ كېلىش دائىرىسى ئوخشىمايدۇ.

参观：工厂　学校　医院　博物馆　展览馆

访问：中国　北京　上海　一位老朋友

بۇ سۆزلەرنى ماسلاشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىق ئاخىرىدا خۇلاسىلەپ 参观 نىڭ ئوبيېكتى يەر - جاي، ئىدارە، جەمئىيەت، قەدىمىي يادىكارلىقلار بولۇپ، ئادەمگە ئىشلىتىلمەيدىغانلىقىنى؛ 访问 نىڭ ئوبيېكتى بولسا ھەم يەر - جاي، ھەم ئادەم ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيمىز.

دېمەك، كۆپ ساندىكى پېئىللار مەنىداش ياكى يېقىن مەنىلىك بولىدۇ. بىز كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان پېئىللارنى چوقۇم يۇقىرىدىكى ئۇسۇل بويىچە بىر - بىرلەپ تەپسىلىي ئەستايىدىل ئۆگىنىشىمىزگە توغرا كېلىدۇ.

**2. ياردەمچى سۆزلەر توغرىسىدا چۈشەنچە ئايدىڭ بولۇش كېرەك.**

ياردەمچى سۆزلەر خەنزۇ تىلىدا ناھايىتى مۇھىم ئورۇندا تۇرىدۇ. شۇڭا، خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىشتە يار-

دەمچى سۆزلەرنى ئۆگىنىش ئاچقۇچلۇق مەسىلە ھېساب-
لىنىدۇ. مىللىي ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئىمتىھان قەغىزىدە
بولسۇن ياكى ئادەتتىكى تاپشۇرۇقلىرىدا بولسۇن كۆرۈ-
لىۋاتقان خاتالىقلارنىڭ 65 % ى ئەنە شۇ ياردەمچى
سۆزلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى بىلمىگەنلىكتىن كېلىپ
چىققان. خەنزۇلار قەدىمكى زامان خەنزۇ تىلىنى ياخشى
ئۆگىنىش ئۈچۈن 哉، 而已، 也، 者، 乎، 之 قا-
تارلىق ياردەمچى سۆزلەرنى مۇھىم بىلىپ ئۆگىنىدۇ.
ئەلۋەتتە، بىزمۇ ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىنى ياخشى
ئۆگىنىش ئۈچۈن 又، 被، 把، 呢، 吗، 了، 的
قاتارلىق سۆزلەرنى پىششىق ئىگىلىشىمىز كېرەك.

مۇستەقىل سۆزلەر بىلەن ياردەمچى سۆزلەرنى سېلىشتۇرغاندا، ياردەمچى سۆزلەرنىڭ سانى كۆپ ئەمەس. ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دائىم ئىشلىتىلىدىغان ياردەمچى سۆزلەر تەخمىنەن 700 ئەتراپىدا. لېكىن، ياردەمچى سۆزلەر ئالاھىدە خاراكتېرگە ئىگە بولۇپ، ھەممىنى بىراق ئۆگىنىۋېلىش مۇمكىن ئەمەس. بىر - بىرلەپ ئۆگىنىش كېرەك. شۇڭا، ئوقۇتۇشتا مۇھىملىرىنى گەۋدىلەندۈرۈپ، دائىم ئىشلىنىدىغان، ئاسان ئۆزلەشتۈرگىلى بولىدىغانلىرىنى نۇقتىلىق چۈشەندۈرۈپ، ئاماللىنىڭ بارىچە ئۆزلەشتۈرۈش كېرەك. بۇنىڭدا ئىككى خىل ئۇسۇل ئارقىلىق ئوقۇتۇش ئېلىپ بارساق بولىدۇ: بىرىنچى خىلى، سۆزنى ئاساس قىلىپ ھەربىر ياردەمچى سۆزنىڭ بارلىق مەنىسىنى يىغىپ چۈشەندۈرۈش. مەسىلەن، 再 رەۋىشىنىڭ 5 چوڭ تۈر 15 كىچىك مەزمۇنى بويىچە، 就 رەۋىشىنىڭ 17 تۈرلۈك مەنىسى بويىچە تەپسىلىي چۈشەندۈرۈش؛ ئىككىنچى خىلى، سۆزلەرنىڭ بىلدۈرىدىغان مەنىسى (مەنداش، يېقىن مەنىسى) بويىچە گۇرۇپپىلاپ چۈشەندۈرۈش. مەسىلەن، تەكرارلىنىش مەنىسىدىكى 重، 重新، 又، 还، 再 قاتارلىقلار، «...نى ئاساس قىلماق» مەنىسىدىكى 根据، 据، 照، 以照، 按照، 按، 以، 用، 拿، 遵循، 遵照، 本着 قاتارلىق سۆزلەر، سان مىقدارنى بىلدۈرىدىغان رەۋىشلەردىن 不过، 至少، 至多، 将近، 大约، 足足، 就، 仅仅، 只، 已经، 刚، 恰好، 正好 قاتارلىقلار، يەنە مەسىلەن، سۆزنىڭ سەلىقلىقىنى بىلدۈرىدىغان 何必، 不妨، 无妨، 未免، 难免، 未尝، 何尝، 未必 قاتارلىق سۆزلەر. لېكىن، بۇ ئىككى خىل ئۇسۇل ئىچىدە ئىككىنچى ئۇسۇل بىرقەدەر ئۈنۈملۈك بولىدۇ. بۇلار ئوقۇغۇچىلار ھەم قىزىقىدىغان، ھەم ئاسان پەرقلەندۈرەلمەيدىغان سۆزلەر. شۇڭا، بۇ سۆزلەرنى چۈشەندۈرگەندە، ئوقۇتقۇچى چوقۇم بۇ سۆزلەرنىڭ ئۆزئارا باغلىنىشى، مەنە پەرقلىرى، جۈملىدىكى ئورنى، ۋەزىپىسى قاتارلىق مەزمۇنلارنى ئىنچىكە چۈشەندۈرۈپ، قايتا - قايتا ئەمەلىي مەشىق قىلدۇرسا بولىدۇ.

ياردەمچى سۆزلەرنى ئوقۇتۇشتا، يۇقىرىقى مەزمۇنلاردىن باشقا، ھەممىدىن باش ئاغرىتىدىغان 的 بىلەن 了 دىن ئىبارەت دائىم ئىشلىنىدىغان ئەڭ ئاددىي ئىككى ياردەمچى سۆز بار. بۇ ئىككى سۆزنىڭ قوللىنىلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى. بۇ سۆزلەرنىڭ قانداق چاغدا، قايسى ئورۇندا كېلىدىغان - كەلمەيدىغانلىقىنى بىلىش ئانچە ئاسانغا چۈشمەيدۇ. شۇڭا، بۇنىڭغا ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلىش كېرەك (بۇ ماقالىدە بۇ ھەقتە توختالمايمەن).

ياردەمچى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى توغرىسىدا چۈشەنچە ئېنىق بولۇش كېرەك.

مەسىلەن، 把 خەتلىك جۈملە ۋە 被 خەتلىك جۈملىلەردە بولۇشسىز رەۋىش ۋە ئىمكان - ئىستەك پېئىللىرى 把 ، 被 خەتلىرىنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ. ئالدى قوشۇلغۇچىلىق بىرىكمە ... 关于 ئىگىنىڭ كەينىدە كەلمەيدۇ. لېكىن، بەزى ياردەمچى سۆزلەرنىڭ جۈملىدىكى ئورنى بىرقەدەر تۇراقسىز بولىدۇ. ئۇلار بەزىدە مەلۇم بۆلەكنىڭ ئالدىدا كېلىدۇ، بەزىدە كەينىدىمۇ كېلەلەيدۇ. بۇنداق بولغاندا جۈملىنىڭ مەنىسىدە ئۆزگىرىش بولىدۇ.

他幸亏来了。

بۇ جۈملە شەكلىدە باش جۈملىنىڭ مەنىسى «ئۇ»نىڭ مەلۇم بالا - قازادىن ساقلىنىپ قالغانلىقىنى بىلدۈرسە، 幸亏他回来了 دىكى جۈملە شەكلىدە، باش جۈملىنىڭ مەنىسى «ئۇ»نىڭ تۈرتكىسى بىلەن مەلۇم كۆڭۈلسىزلىكنىڭ ئالدى ئېلىنغانلىقىنى بىلدۈرگەن.

光他吃米饭 (باشقىلار يېمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)
他光吃米饭 (ئۇ باشقا نەرسە يېمىگەنلىكىنى بىلدۈرىدۇ)

بەزىدە جۈملىلەردە سۆزلەرنىڭ ئورنى ئالمىشىپ كەلسىمۇ، مەنىدە ئۆزگىرىش بولمايدۇ. مەسىلەن:

也许他不回来了 بىلەن 他也许不回来了
仍然电话铃响了 بىلەن 电话铃仍然响了
我做了才两道题 بىلەن 我才做了两道题

لېكىن، بۇ جۈملىلەرنى ئىنچىكە تەھلىل قىلىدىغان بولساق، يەنىلا پەرقلەرنىڭ بارلىقىنى بايقىيالايمىز.

ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئادەت بويىچە ماسلىشىپ كېلىدىغانلىقىنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەك.

بەزى ياردەمچى سۆزلەر دائىم ئۆزئارا ماسلىشىپ كېلىپ، بىر - بىرىنى تولۇقلايدۇ ۋە مەنىنى كۈچەيتىدۇ. مەسىلەن، 既…又، 太…了، 怪…的، 为…而،

而 … 由 … قاتارلىقلار. بەزى گرامماتىكا كىتابلىرىدا بۇنداق سۆزلەرنى «ياردەمچى سۆز قۇرۇلمىسى» دەپ ئاتايدۇ. ئوقۇغۇچىلار يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنىڭ ماسلىشىپ كېلىش قائىدىسىنى تولۇق چۈشەنمىگەنلىكتىن، داۋاملىق كۆلكىلىك جۈملىلەرنى تۈزۈپ قويىدۇ. مەسىلەن:

房子里的空气怪新鲜。
这本书既便宜也有意思。

بۇ جۈملىلەرنىڭ ئالدىدىكىسىدە 的 چۈشۈپ قالغان. كېيىنكىسىدە 也 نىڭ ئورنىغا 又 كېلىشى كېرەك ئىدى.

ياردەمچى سۆزلەرنىڭ ئىنچىكە گرامماتىكىلىق ئالاھىدىلىكىنى توغرا ئىگىلەش لازىم. مەسىلەن، 无论 ، 不论 ، 不管 قاتارلىق بىر يۈرۈش ياردەمچى سۆزلەرنىڭ كەينىدە دائىم تەگداش سۆزلەر 早晚 ، 好坏 ياكى سوراق ئالماشلار 怎样 ، 谁 ، 多么 ياكى باشقا سوراق شەكىللىرى 了解与否 ، 来不来 قاتارلىقلار كېلىدۇ. بۇنى چوقۇم بىلىش كېرەك. ئۇنداق بولمايدىكەن يەنە 我不论时间晚也要去 دېگەندەك خاتا جۈملىلەر تۈزۈلىدۇ. مانا بۇ جۈملىمۇ يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنىڭ ماسلىشىش قانۇنىيىتىگە خىلاپ بولغان جۈملە تىپىغا كىرىدۇ. بۇ جۈملىگە پەقەت 多 خېتى قوشۇلۇپ 多晚 بولۇپ كەلسىلا جۈملە توغرا بولىدۇ.

يېڭىنچاقلاپ ئېيتقاندا، مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا نوقۇل ھالدا گرامماتىكا نەزەرىيىسىنىلا سۆزلىمەي، بەلكى مەزمۇنلارنى تۈرلەرگە بۆلۈپ، ئايرىم- ئايرىم، ئاز- ئازدىن سۆزلەپ سىڭدۈرۈش كېرەك. گرامماتىكىلىق ئاتالغۇلارنى مەسىلەن، ئىسىم، پېئىل، سۈپەت… ئىگە، خەۋەر، تولدۇرغۇچى… دېگەندەك بەك كۆپ تەكرارلاپ كەتمەي ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق قائىدىلەرنى ئىگىلىتىش لازىم.

بۇلاردىن باشقا، مۇھىم نۇقتا، قىيىن نۇقتىمىنى گەۋدىلەندۈرۈش، ئوقۇغۇچىلاردا دائىم كۆرۈلىدىغان گرامماتىكىلىق خاتالىقلارغا نىسبەتەن، ئوقۇتقۇچىدا سان بولۇشى كېرەك. كۆڭلىدە سان بولسا، ئاندىن ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم، قىيىن نۇقتىلىرىنى بېكىتىپ، مۇۋاپىق بىر تەرەپ قىلغىلى ھەم مۇۋاپىق ئۈنۈمگە ئېرىشكىلى بولىدۇ.

(بېشى 46- بەتتە)

قارىغاندا يەنە پەرقى بار. 孤掌难鸣 بولسا، «كۆچى چەكلىك ئاسان ھۆجۇمغا ئۆتمەيدۇ» دېگەن مەنىنى ئىپادىلەيدۇ. 一个巴掌拍不响 نىڭ مەنىسى بولسا ئىككى خىل: بىرىنچى مەنىسى، 孤掌难鸣 بىلەن ئوخشاش، يەنى «كۆچى چەكلىكنىڭ، ھۆجۇمغا ئۆتۈشى تەس» دېگەندەك بولىدۇ؛ ئىككىنچى مەنىسى، «زىددىيەت پەيدا بولسا ئىككى تەرەپ مەسئۇلىيەتنى ئۆز ئۈستىگە ئېلىش، ھەرگىز بىر تەرەپتىن كۆرمەسلىك» دېگەندەك بولىدۇ. بىراق، دىئالوگلاردا بولسا 一个巴掌拍不响 نىڭ ئىككىنچى خىل مەنىسىنىڭ قوللىنىلىشى كۆپرەك بولىدۇ. تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنى خەت مەنىسى بويىچە چۈشەندۈرگەندە پەرەز- مۆلچەر ئاساس بولغانلىقتىن، تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ئالاھىدە مەنىسىنى پەقەت خەت مەنىسى بويىچە ئىگىلەش ھەرگىز مۇمكىن ئەمەس.

2) خەنزۇ تىلى سۆز- ئىبارىلىرىنى ئىشلىتىش تەجرىبىسى بولۇش كېرەك. قوش تىللىق ئوقۇتقۇچى بولۇش ئۈچۈن بىر ئالدى بىلەن تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ مەنىسىنى ئەستايىدىللىق بىلەن چۈشىنىشىمىز، ئوقۇغۇچىلارغا چۈشەندۈرگەندە تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ئوبرازلىقلىقىنى ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىنى ساقلىشىمىز كېرەك. ئوقۇش- ئوقۇتۇش جەريانىدا بەزى ئاددىي، ئاسان چۈشەنگىلى بولىدىغان تۇراقلىق سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئۇنچىلىك كۆپ ئالاھىدە مەنىسى بولمايدۇ. شۇڭا، بىز ئوقۇغۇچىلارغا خەت مەنىسى بويىچە چۈشەندۈرسەك ياكى بەزى مىساللارنى ئېلىپ ئۇلارغا قانداق ئىشلىتىشنى بىلدۈرسەك بولىدۇ. بەزى تەس، مەنىسى چوڭقۇر تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرىنى ئۇچراتقان ۋاقتىمىزدا، ئەڭ ياخشىسى، ئوقۇغۇچىلارغا ئۇنىڭ ئالاھىدە مەنىسىنى تېرىكمەي چۈشەندۈرۈشىمىز كېرەك. ئەگەر، يەنە قىيىنچىلىق بولسا، بىز بۇ تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى بىلەن مەنە جەھەتتىن ئوخشاش ياكى يېقىنداشلىقى بولغان ئۇيغۇرچە تۇراقلىق ئىبارىلەر ياكى ماقال- تەمسىللەر بىلەن سېلىشتۇرما قىلساق بولىدۇ. شۇنداق قىلغاندا مىللىي ئوقۇغۇچىلارغا تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىنى تېخىمۇ توغرا ئىگىلەتكىلى، ئۇلارنىڭ خەنزۇ تىلى سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ. تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ تىلى ئاددىي، مەنىسى چوڭقۇر، قۇرۇلمىسى ئىخچام بولغاچقا تىلنى ئىخچاملاشتۇرغىلى، ئىپادىلەش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ.

ئومۇملاشتۇرغاندا، خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى جەريانىدا تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەر ئوقۇتۇشىغا ئېتىبار بەرگەندە، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئىپادىلەش قابىلىيىتىنى ئاشۇرغىلى بولىدۇ.

**پايدىلانمىلار:**


〔1〕خۇاڭ بورۇڭ، لياۋ شۈدۇڭ: «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى». لەنجۇ: گەنسۇ خەلق نەشرىياتى، 1983.

〔2〕جاڭ جىڭ: «ھازىرقى زامان خەنزۇ تىلى».

〔3〕شى شى: «خەنزۇ تىلى تۇراقلىق سۆز بىرىكمىلىرى تەتقىقاتى». چېڭدۇ: سىچۈەن خەلق نەشرىياتى، 1979.

2003 ـ يىل 2 ـ سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译（维吾尔文）
Language and Translation (Uighur)

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 ـ سان)
第 22 卷（总第 145 期）
Volume 22 (General No. 145)

# خەنزۇ تىلىدىكى ئادەت سۆزلىرى ۋە ئۇنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىملىقى

پاتىمە ئابلىمىت

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى، قەشقەر 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە خەنزۇ تىلىدىكى ئادەت سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئۇنى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشنىڭ مۇھىم مەزمۇنى قىلىشنىڭ زۆرۈرلۈكى قىسقىچە بايان قىلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** ئادەت سۆزلىرى؛ ئىگىلەش؛ كۈندىلىك ئالاقە؛ سەلبىي مەنە؛ ئىجابىي مەنە؛ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشى.

خەنزۇ تىلىدىكى ئادەت سۆزلىرى ئوبرازلاشتۇرۇش ۋە تەمسىل قىلىش نەتىجىسىدە شەكىللەنگەن تۇراقلىق سۆز-ئىبارىلەردۇر. ئۇ تۈزۈلۈش جەھەتتىن سۆز بىرىكمىسىگە ئوخشايدۇ، ئەمما جۈملىدە پەقەت بىرلا سۆزگە توغرا كېلىدۇ، جانلىق ئىشلىتىلىدۇ. ئادەت سۆزلىرى ئاممىباب، ئىخچام، تەسىرلىك، ئەركىن بولىدۇ. شۇڭا، كۆپلىگەن كىشىلەر ئالاقە جەريانىدا ئۇنى ئىشلىتىشكە خۇشتار. ئادەت سۆزلىرى ئېغىز تىلىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. كۆپ ساندىكى ئادەت سۆزلىرى مىللىي ئۆرپ-ئادەتلەر بىلەن چەمبەرچاس باغلانغان بولغاچقا، ئۇنى مىللىي مەدەنىيەتنى ئارقا كۆرۈنۈش قىلىپ تۇرۇپ چۈشەنگەن چاغدىلا، ئاندىن تولۇق چۈشەنگىلى بولىدۇ.

خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، خەنزۇ تىلىدىكى ئادەت سۆزلىرىنى ئىگىلەش، چۈشىنىش، توغرا ئىشلىتىش تېخىمۇ زۆرۈر. لېكىن، بۇ بىرقەدەر قىيىن، چۈنكى ئۇنى خەت مەنىسىگە ئاساسلىنىپ ئۇدۇل چۈشەنسەك خاتالىشىمىز، ئۇنىڭ تەمسىل مەنىسىنى چۈشىنىشىمىز كېرەك. تۆۋەندە خەنزۇ تىلىدىكى ئادەت سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى ۋە ئادەت سۆزلىرىنىڭ تىل ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىملىقى ئۈستىدە قىسقىچە توختىلىمىز.

## 1. ئادەت سۆزلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكى

1) بىر قىسىم ئادەت سۆزلىرى تۈزۈلۈش شەكلى جەھەتتە خەۋەر تولدۇرغۇچىلىق مۇناسىۋەتتىكى ئۈچ خەتتىن تۈزۈلگەن شەكىلنى ئاساس قىلغان. مەسىلەن:

打秋风 باشقىلارنىڭ نامىنى سېتىپ نەپ ئالماق

走后门 ئارقا ئىشىكتىن ماڭماق

穿小鞋 باشقىلارنى ئوسال ئەھۋالدا قالدۇرماق

碰钉子 بۇرنىغا يېمەك، دەككىسىنى يېمەك

踢皮球 بىر- بىرىگە بەس سالماق، ئىشنى ئۆزئارا ئىتتىرىشمەك

بۇ خىل تۈزۈلۈشتىكى ئادەت سۆزلىرىنىڭ سانى نىسبەتەن كۆپ.

2) بىر قىسىم ئادەت سۆزلىرى تۈزۈلۈش جەھەتتىن نىسبەتەن ئەركىن. ئۇلار ھەم بەلگىلىك مۇقىملىققا، ھەم نىسپىي ئەركىن بولۇشتەك ئالاھىدىلىككە ئىگە. بەزىدە ئۇلارنىڭ ئارىلىقىغا باشقا بۆلەكلەرنى قىستۇرغىلىمۇ بولىدۇ. مەسىلەن:

唱高调(قۇرۇق شوئار توۋلىماق، قۇرۇق نەزەرىيە ساتماق) دېگەن ئادەت سۆزىنى 高调唱得够了， 唱上高调了， 唱起高调来 دەپ ئىشلەتكىلى بولىدۇ.

3) كۆپ ساندىكى ئادەت سۆزى بولۇپ كەلگەن سۆز بىرىكمىلىرى ئىستىلىستىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ. مەسىلەن:

半边天 دېگەن سۆز بىرىكمىسىنىڭ ئەسلىي مەنىسى «ئاسماننىڭ بىر قىسمى» دېگەنلىك بولۇپ، ئەركىن سۆز بىرىكمىسى. ئەمما، ئۇ ئاياللارغا، بولۇپمۇ خوتۇنلارغا ئىشلىتىلگەندە «ئاياللار يېرىم دۇنيا؛ ئاياللار ھوقۇقتا ئەرلەر بىلەن باراۋەر» دېگەنگە ئوخشاش مەنە ئىپادىلەيدۇ.

戴帽子 ئەسلىدە «باش كىيىم كىيمەك» دېگەنلىك بولۇپ، ئەمما ئۇ كۆپ ھاللاردا «گۇناھ ئارتماق، قالپاق كىيگۈزمەك» دېگەنگە ئوخشاش مەنىلەرنى ئىپادىلەپ كېلىدۇ.

二百五 ئەسلىدە ساننى ئىپادىلەيدۇ، لېكىن ئېغىز تىلىدا ئىشلىتىلگەندە كۆپ ھاللاردا «گالۋاڭ، دەلدۈش» دېگەنگە

ئوخشاش سەلبىي مەنە ئىپادىلەيدۇ. 动手术 ئەسلىدە «ئوپېراتسىيە قىلماق» دېگەن مەنىدە بولۇپ، ئۇ بىرەر ئىش ياكى تەشكىلىي ئاپپاراتلارغا ئىشلىتىلگەندە «چوڭ ئۆزگەرتىش ئېلىپ بېرىش، كەڭ كۆلەمدە ئىسلاھ قىلىش» دېگەنگە ئوخشاش مەنىنى ئىپادىلەيدۇ.

4) كۆپ سانلىق ئادەت سۆزلىرى كۈچلۈك ئاممىبابلىققا ۋە ئېغىز تىلى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. مەسىلەن:

夹生饭 ئىشنى چالا قىلىش، ئىشنى يېرىم- يارتا بېجىرىش

磨洋工 ئىشتا ھۇرۇن، چېچىلاڭغۇ

放空炮 قۇرۇق پوپۇزا قىلماق، تېرە تاراقلاتماق

妻管严 خوتۇنىدىن قورقماق، سايىماخۇن

5) كۆپ ساندىكى ئادەت سۆزلىرى سەلبىي مەنە ئىپادىلەيدۇ، ئىجابىي مەنە ئىپادىلەيدىغان ئادەت سۆزلىرى ئاز سانىنى تەشكىل قىلىدۇ. مەسىلەن:

铁公鸡 بەك پىخسىق

抓辫子 باشقىلارنىڭ كوكۇلىسىدىن تۇتۇۋالماق

红眼 ھەسەتخور

打退堂鼓 قىيىنچىلىقتىن قورقۇپ ئارقىغا چېكىنمەك

吃醋 كۈنلىمەك

不那个 ناچار، ئېنىق دېيىش بىئەپ بولغان ئىشلار

6) ئادەت سۆزلىرى ئېغىز تىلىدا كۆپ ئىشلىتىلىدۇ.

**2. خەنزۇ تىلى ئادەت سۆزلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى مۇھىملىقى**

ھەرقانداق بىر تىلنى ئۆگىنىشتىن مەقسەت ئۇنى ئۆزىنىڭ تۇرمۇش پائالىيىتى ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. مەن ئۇن نەچچە يىللىق خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش ئەمەلىيىتى جەريانىدا خەنزۇ تىلىدىكى ئادەت سۆزلىرىنى ئۆگىنىش، چۈشىنىش ۋە ئۇنى توغرا ئىشلىتىشنىڭ خەنزۇ تىلى ئۆگەنگۈچىلەر ئۈچۈن تولىمۇ مۇھىملىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدىم.

1) نۆۋەتتە كەڭ كۆلەمدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان خەنزۇ تىلى سەۋىيە سىناش ئىمتىھان سوئاللىرى ئاساسەن تۇرمۇشقا يېقىنلاشتۇرۇپ چىقىرىلغاچقا، بۇ سوئاللار ئىچىدە ئادەت سۆزلىرى كۆپ ئىشلىتىلگەن. بولۇپمۇ، «ئاڭلاپ چۈشىنىش»، «ئوقۇپ چۈشىنىش» سوئاللىرىدا كۆپ ئۇچرايدۇ. ئىمتىھانغا قاتناشقۇچى بۇ ئادەت سۆزلىرىنى چۈشەنمىسە، توغرا ھۆكۈم قىلالىشى مۇمكىن ئەمەس. مەسىلەن:

打官司 ئەرز قىلماق

吃鸭蛋 ئىمتىھاندا نۆل ئالماق

炒鱿鱼 ئىشتىن بوشاتماق

不放在眼里 كۆزگە ئىلماي ئېتىبارسىز قارىماق

不像话 قاملاشمىغان، ئادەمگە يامان تەسىر بېرىدىغان

第三者 ئائىلىنى بۇزىدىغان ئۈچىنچى شەخس

2) خەنزۇ تىلى دەرسلىك ماتېرىياللىرىدىمۇ بۇ خىل ئادەت سۆزلىرى كۆپ ئۇچراپ تۇرىدۇ. مەشىق ئىشلەش جەريانىدا كۆپ ساۋاقداشلار بۇ ئادەت سۆزلىرىنى خەت مەنىسى بويىچە ئۇدۇل چۈشىنىۋالىدۇ- دە، توغرا ئىشلىيەلمەي قالىدۇ. بولۇپمۇ، «ئاڭلاش دەرسى»، «ئوقۇپ چۈشىنىش» قاتارلىق تىل ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش دەرسلىرىدە بۇ خىل ئەھۋال كۆپ ئۇچرايدۇ. مەسىلەن:

下海 تىجارەتكە كىرىشىش

泡汤 يوققا چىقىش

开小差 دىققىتىنى يىغالماسلىق

吃不消 قوبۇل قىلالماسلىق، بەرداشلىق بېرەلمەسلىك

戴高帽 ماختاپ ئۇچۇرۇش

搞名堂 بىرەر ئىشتا نەتىجە قازانماق

发脾气 ئاچچىقلىنىپ باشقىلارغا كايىش

مۇشۇنىڭغا ئوخشاش ئادەت سۆزلىرى ئاسانلا ئوقۇغۇچىلارنى قايمۇقتۇرۇپ قويىدۇ، شۇڭا ئۇلارغا كۆپ ئىشلىتىلىدىغان ئادەت سۆزلىرىنى ئىگىلىتىش ئىنتايىن مۇھىم.

3) كۈندىلىك تىل ئالاقىسىدىمۇ ئادەت سۆزلىرى ئىنتايىن مۇھىم. بىز خەنزۇ يولداشلار بىلەن بولغان تىل ئالاقىسىدە، ھەمىشە بۇ خىل ئادەت سۆزلىرىنى ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەگەر، بۇ ئادەت سۆزلىرىنىڭ ئىچكى مەنىسىنى چۈشەنمىسەك، نۇرغۇن خاتالىقلار، كۈلكىلىك ئىشلار كېلىپ چىقىدۇ. شۇڭا، خەنزۇ تىلىنى توغرا، راۋان، جانلىق ئىشلىتىش ئۈچۈنمۇ ئادەت سۆزلىرىنى ياخشى ئىگىلەش لازىم.

خەنزۇ تىلىدا ھازىرغىچە ئىشلىتىلىۋاتقان ئادەت سۆزلىرى ئىككى مىڭدىن ئاشىدۇ. بۇلار ئاساسەن ماختاش، ئەيىبلەش، يېقىنچىلىق، كەمسىتىش، مەسخىرە قىلىش، مۇبالىغە قىلىش، سىلىقلاشتۇرۇش، ئوبرازلاشتۇرۇش قاتارلىق ئىستىلىستىكىلىق مەنە ئىپادىلەيدۇ. بۇنىڭ ئىچىدە سەلبىي مەنە ئىپادىلەيدىغانلىرى كۆپ ساندا، ئىجابىي مەنە ئىپادىلەيدىغانلىرى ئاز ساندا. شۇڭا، بۇلارنى ئىگىلەش تولىمۇ قىيىن، شۇنداقلا تولىمۇ مۇھىم. كۆپ ئۇچرايدىغان ئادەت سۆزلىرىنى پىششىق ئىگىلىگەندە، تىل ئالاقە ئۈنۈمىنى ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. تىل تەتقىقاتچىلىرى، تىل ئوقۇتۇشى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار ۋە تىل ئۆگەنگۈچىلەر ئادەت سۆزلىرىنى قانچە كۆپ ئىگىلىسە، شۇنچە كۆپ تۇرمۇش ۋە مەدەنىيەت بىلىملىرىنى ئىگىلەش ئىمكانىيىتىگە ئىگە بولىدۇ.

2003 - يىل 2 - سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译(维吾尔文)
Language and Translation (Uighur)

22 - يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 - سان)
第 22 卷(总第 145 期)
Volume 22 (General No. 145)

# خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرگە ئەھمىيەت بېرىش كېرەك




گۈزەل ئەخمەت

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇش بۆلۈمى، ئۈرۈمچى 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە خەنزۇ تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ مەنبەسى، ئالاھىدىلىكى، رولى قاتارلىقلار ئىخچام تەھلىل قىلىنىپ، خەنزۇ تىلى تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلىرىنىڭ خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدىكى ئورنى ۋە رولى نۇقتىلىق بايان قىلىنىش بىلەن بىرگە خەنزۇ تىلى ئوقۇتۇشىدا خەنزۇ تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنى ئوقۇغۇچىلارغا قانداق قىلىپ ئۈنۈملۈك چۈشەندۈرۈش مەسىلىسى سۆزلىنىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** خەنزۇ تىلى؛ تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەر؛ ئوقۇتۇش.

ھەرقانداق بىر مىللەتنىڭ تىلىدىكى سۆزلۈك تەركىبى شۇ مىللەتنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىپادىلەپ بېرىدىغان تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولىدۇ. خەنزۇ تىلىنىڭ كېلىپ چىقىش تارىخى ئۇزۇن. خەنزۇ تىلى سۆزلۈكىدە تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەر ئىنتايىن مول بولۇپ، ئۇ خەنزۇ تىلىدا ئىنتايىن مۇھىم ئورۇننى ئىگىلەيدۇ. تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەر تىلنى نەپىسلەشتۇرۇپلا قالماستىن، تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى تېخىمۇ ئاشۇرىدۇ.

تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەر تۇراقلىقلىقتا، مۇكەممەللىكتە، خاسلىقتا ئىگە تىل بىرلىكى بولۇپ، ئۇنى خالىغانچە ئۆزگەرتىپ ئەركىن سۆز بىرىكمىلىرىگە ئوخشاش «گەپ» قىلىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇ ئادەتتىكى سۆز بىرىكمىلىرىگە ھەم جۈملىدىكى ۋاقىتلىق ئەركىن بىرىكمىلەرگە ئوخشىمايدۇ. ئەكسىچە، ئۇزاق ۋاقىت قوللىنىلىش ئارقىلىق مۇقىملاشقان بولۇپ جۈملە تۈزۈش ئۇسۇلى ۋە ئىپادىلەش ئۇسۇلىدىن قارىغاندا، سۆزنىڭ ئالاھىدىلىكىگىمۇ ئىگە. تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ شەكلى نەپىس، مەزمۇنى مول بولۇپ، ئەمگەكچى خەلق ئەقىل- پاراسىتىنىڭ جەۋھىرى. خەنزۇ تىلىدا تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنى قوللىنىش ئومۇملاشقان بولۇپ، ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرى خەنزۇ تىلىنى ئۆگىنىش ۋە ئىشلىتىشتە تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنى ئۇچرىتىشتىن ساقلىنالمايدۇ. ئادەتتە ئوقۇغۇچىلار ئىچىدە تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنى چۈشىنىشنىڭ چوڭقۇر بولماسلىقى ۋە ئۇنى توغرا ئۆزلەشتۈرەلمەسلىك سەۋەبىدىن داۋاملىق خاتالىق يۈز بېرىدۇ.

بىز ئىزچىل تۈردە ئاز سانلىق مىللەت ئوقۇغۇچىلىرىغا خەنزۇ تىلى تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلىرىنى قانداق قىلىپ توغرا ئىگىلىتىش ھەققىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىمىز. تۆۋەندە مۇشۇ ھەقتىكى قاراشلىرىمىزنى قىسقىچە ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتىمىز. قاراشلىرىمىزدا مۇكەممەل بولمىغان تەرەپلەر بولۇشى مۇمكىن، شۇڭا يولداشلارنىڭ ئورتاق ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

**1. ئالدى بىلەن ئوقۇغۇچىلارغا تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە چۈشەنچە بېرىش كېرەك.** خەنزۇ تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەر قانداق كېلىپ چىققان؟

1) ئەپسانىۋى رىۋايەتلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، 拔苗助长 · 愚公移山 قاتارلىقلار.

2) تارىخىي ھېكايىلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، 望梅止渴,闻鸡起舞,完璧归赵 قاتارلىقلار.

3) شېئىرىي ئەسەرلەر ئاساسىدا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، 一视同仁,舍生取义,学而不厌 قاتارلىقلار.

4) قەدىمىي قوشاقلار ئاساسىدا شەكىللەنگەن . مەسىلەن، 狼子野心,众志成诚,千夫所指 قاتارلىقلار.

5) خەلق ئېغىز ئەدەبىياتى ئاساسىدا شەكىللەنگەن. مەسىلەن، 一干二净,三长二短,指手划脚 قاتارلىقلار.

6) كېيىنكىلەرنىڭ ئەمەلىي تۇرمۇشى جەريانىدا ئىجادىي شەكىللەنگەن. مەسىلەن، 百花齐放 · 又红又专 · 破私立公 قاتارلىقلار.

ئومۇمەن، خەنزۇ تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ھەرقانداقىنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى بولىدۇ.

ئەگەر، دەرس جەريانىدا ئوقۇغۇچىلار تۇراقلىق ئىبارىلەرنىڭ كېلىپ چىقىش مەنبەسى ھەققىدە بەلگىلىك چۈشەنچىگە ئىگە بولالىسا، ئۇلارنىڭ تۇراقلىق ئىبارىلەرنى ئىگىلىشى ئاسانغا توختايدۇ ھەم ئۈنۈملۈك بولىدۇ.

**2. ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئىمكان بار ئەتراپلىق چۈشەندۈرۈش كېرەك.**

تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئىپادىلىگەن مەنىسى بىلەن ئادەتتىكى تۇراقلىق سۆزلەرنىڭ مەنىسى ئوخشىمايدۇ. ئۇنىڭ ئىپادىلىگەن مەزمۇنى ئۇنى شەكىللەندۈرگۈچى تەركىب مەزمۇنىنىڭ ئىخچاملىنىشى ئەمەس. مەسىلەن، 平时不烧香，临时抱佛脚 بولسا «ئادەتتە تىرىشچانلىق بىلەن تەييارلىق كۆرمەي، ۋاقتى كەلگەندە جىددىيلىشىپ قېلىش» دېگەندەك مەزمۇنلاردا ئىشلىتىلىدۇ. ئەگەر، مىللىي ئوقۇغۇچىلار ئۇنى خەت مەنىسى بويىچە چۈشەنسە، بۇنى دىنىي پۇراقتا ئىكە دەپ قارىۋالىدۇ.

خەنزۇ تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرنىڭ يەنە بىر ئالاھىدىلىكى، ئۇ قۇرۇلما جەھەتتىن تۇراقلىقلىققا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ تەرتىپىنى خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە ياكى ئۇنىڭ ئىچىدىكى سۆزلەرنى خالىغانچە ئېلىۋېتىشكە، قوشۇپ قويۇشقا ۋە ياكى باشقا سۆزلەرگە ئالماشتۇرۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، 失足落水 نى 失脚落水 قىلىپ، 落水失足 نى 失足落河 قىلىپ يېزىشقا بولمايدۇ.

خەنزۇ تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەر كۆپىنچە تۆت خەتلىك بولىدۇ. (بەزىدە تۆت خەت شەكلىدە بولماي قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدۇ. مەسىلەن، 莫须有 دېگەنلەردەك). خەنزۇ تىلىدىكى تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىنى ئەتراپلىق، تولۇق چۈشەندۈرسەك، ئوقۇغۇچىلارنىڭ بۇ ھەقتىكى بىلىشىنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ تېخىمۇ ئۈنۈملۈك ئۆگىنىشىگە تۈرتكە بولالايمىز.

**3. ئوقۇغۇچىلارغا خەنزۇ تىلى تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلىرىنىڭ رولىنى توغرا چۈشەندۈرۈش بىلەن بىللە تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىشتا دىققەت قىلىدىغان نۇقتىلارنى توغرا ئىگىلىتىش كېرەك.**

خەنزۇ تىلى تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلىرىنى ئۆگىنىشتىكى ئاساسلىق مەقسەت، خەنزۇچە ئالاقە ئېلىپ بارغان ۋاقىتتا خەنزۇ تىلى تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلىرىنى توغرا قوللىنىش ئارقىلىق تىلنىڭ ئىپادىلەش كۈچىنى ئاشۇرۇشتىن ئىبارەت. بىزنىڭ ئوقۇتۇش تەجرىبىمىزگە ئاساسەن تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرنى قوللىنىشتا تۆۋەندىكى نۇقتىلارغا ئەمەل قىلىش كېرەك.

1) تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرنى چۈشىنىشتە چوقۇم ئۇنىڭ تەركىبىدىكى سۆزلەرنىڭ مەنىسىنى توغرا چۈشىنىش بىلەن بىللە، ئۇنىڭ ئىبارە مەنىسىنى ئېنىق بىلىش كېرەك. مەسىلەن، 同床异梦، 画蛇添足, 亡羊补牢 قاتارلىقلارنىڭ ئەسلىي مەنىسىنى چۈشىنىش كېرەك. 四面楚歌، 守株待兔، 朝三暮四 قاتارلىقلارنى چۈشىنىشتە چوقۇم ھېكايىنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشىنى بىلىش كېرەك. 自食其果، 头破血流، 摇摇欲坠 لارنىڭ ئىجابىي - سەلبىي مەنىسىگە قارىتا ئىنچىكە تەپەككۇر ئېلىپ بېرىش كېرەك.

2) تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەر بولسا مۇكەممەللەشكەن قۇرۇلما بولۇپ، ئەسلىي شەكلىنى ساقلاش كېرەك. خالىغانچە ئالماشتۇرماسلىق ياكى قوشۇپ - ئېلىۋەتمەسلىك كېرەك. مەسىلەن، 涕泪交流 نى 涕泪共流 قىلىپ، 选贤任能 نى 选才任职 قىلىپ ئىشلىتىشلەرنىڭ ھەممىسى توغرا ئەمەس.

3) تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنىڭ ئېنىق خەت شەكلى ھەم ئوقۇلۇشى بولىدۇ، ئۇنى ئېنىق ئايرىۋېلىش كېرەك. خاتا يېزىشقا ياكى خاتا ئوقۇشقا بولمايدۇ. مەسىلەن، 死有余辜 نى 死有余古 قىلىپ يېزىشقا، 垂手可得 نى 睡手可得 دەپ ئوقۇشقا بولمايدۇ.

4) ئادەتتە تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرنىڭ ئىشلىتىلىشىگە قاتتىق دىققەت قىلىش، ئۇنى ئورۇنسىز ئىشلىتىشتىن ساقلىنىش كېرەك.

**4. ئوقۇتقۇچىلار تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەرنى ئوقۇتۇشتا چوقۇم بەلگىلىك بىلىمگە ئىگە بولۇشى كېرەك.**

1) خەنزۇ تىلى ئوقۇتقۇچىلىرى چوقۇم خەنزۇ تىلى تۇراقلىق سۆز - بىرىكمىلىرىگە مۇناسىۋەتلىك بولغان ئەقەللىي بىلىملەرگە ئىگە بولۇشى كېرەك. خەنزۇ تىلى تۇراقلىق بىرىكمىلىرى بىلەن خەنزۇ مىللىتىنىڭ تارىخى، مەدەنىيىتى، ئەدەبىياتى زىچ مۇناسىۋەتلىك بولغاچقا، بەزى تۇراقلىق سۆز- ئىبارىلەرنى خەت مەنىسىدىن چۈشىنىشكە بولىدۇ. مەسىلەن، 小题大作، 后来居上، 乘风破浪، 万紫千红 قاتارلىقلار. يەنە بەزى تۇراقلىق سۆز - ئىبارىلەر دائىم قوللىنىلىدىغان سۆزلەردىن تۈزۈلگەچكە، ئۇنى بىر قاراپلا چۈشىنىشكە، ئۆگىنىشىمۇ بىلىۋېلىشقا، ئۇستازسىزمۇ ئۆزلۈكىدىن ئۆگىنىۋېلىشقا بولىدىغاندەك قىلىدۇ، بىراق ئەمەلىيەتتە ئۇنداق ئەمەس. مەسىلەن، 孤掌难鸣 بىلەن 一个巴掌拍不响 — دىن ئىبارەت ئىككى تۇراقلىق ئىبارە قۇرۇلما جەھەتتىن ئوخشاش، ئىشلىتىلگەن سۆزلەر مەنىداش، پەقەت ئالدىنقى ئىبارىنىڭ ئەدەبىي تۈسى كۈچلۈك بولسا، كېيىنكىسىنىڭ جانلىق تىلدا ئىشلىتىلىشى كۆپ. ئىپادىلەش جەھەتتىن قارىغاندا، ئىككىسىنىڭ قوللىنىلغان سۆزلىرىدە چوڭ پەرق يوق، مەنىسى ئاساسەن ئوخشاش بولسىمۇ، لېكىن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ ئالاھىدە مەزمۇنىدىن

(ئاخىرى 57- بەتتە)

# چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىدا مەدەنىيەت تونۇشتۇرۇش توغرىسىدا مۇلاھىزە

ئەنۋەر قادىر

(قەشقەر پېداگوگىكا ئىنستىتۇتى تىل فاكۇلتېتى، قەشقەر 844007)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** ماقالىدە چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىدا، تىل ئۆگىتىشكە بىرلەشتۈرۈپ مەدەنىيەت ئۆگىتىشنىڭ زۆرۈرلۈكى ۋە مەدەنىيەت ئۆگىتىشنى ھەرقايسى ئوقۇتۇش باسقۇچلىرىدا قانداق ئېلىپ بېرىش كېرەكلىكى ھەققىدە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈلىدۇ.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** چەت ئەل تىلى؛ مەدەنىيەت تونۇشتۇرۇش؛ تىل ئاساسىي دەرسلىكى؛ كۆرۈش - ئاڭلاش - سۆزلەش.

تىل بىلەن مەدەنىيەت ئوتتۇرىسىدىكى ئىزدىنىش خېلى بۇرۇنلا باشلانغان بولۇپ، پەيلاسوپ، تارىخشۇناس، ئىنسانشۇناس، مەدەنىيەتشۇناس، تىلشۇناسلار، جۈملىدىن چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىمۇ بۇ توغرىدا ئۆزلىرىنىڭ ئۆزگىچە چۈشەنچىسى ۋە قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويغان. ئەمەلىيەتتە، تىل ئالاقىسىدە مەدەنىيەت ئامىلى ئىنتايىن مۇھىم بولۇپ، بۇ توغرىدا تېخىمۇ كۆپلەپ ئىزدىنىش ھازىرقى چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىلىرىنىڭ مۇھىم تەتقىقات تېمىسى بولماقتا.

تىل بىلەن مەدەنىيەت قوشماق بولۇپ، ھەرقاچان ئايرىلالمايدۇ. بىر تىلغا بىر مىللەتنىڭ پۈتكۈل تارىخى، پسىخىكىسى، ئېتىقاد ۋە ئېتىنىك قاراشلىرى چوڭقۇر سىڭگەن بولىدۇ. خاس تىلنىلا ئۆگىنىپ، مەدەنىيەتنى چۈشەنمىگەندە ھېچقانداق ئەمەلىي مەنىسى بولمىغان بىر قاتار بەلگىلەرنى يادلىۋالغان بولىمىز - دە، ئەمەلىي قوللىنىشتا قىيىنچىلىقلارغا ئۇچرايمىز. قوش تىل ئوقۇتۇش تەتقىقاتىنىڭ چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، خېلى بىر قىسىم تىل ئۆگەنگۈچىلەر تىل ئۆگىنىشنى مەدەنىيەت ئۆگىنىش بىلەن بىرلەشتۈرۈشنىڭ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتمەكتە. شۇنىڭ ئۈچۈن، مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى تىل دەرسىنىڭ ھەرقايسى قاتلاملىرىغا ئاكتىپ كىرگۈزۈپ، نەزەرىيە تەتقىقاتى، دەرسلىك قۇرۇلۇشى ۋە ئوقۇتۇش مېتودى قاتارلىق ئوقۇتۇش ھالقىلىرىدا ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش لازىم. بىراق، شۇنى ئەسكەرتىپ قويۇش كېرەككى، مەدەنىيەت ئۆگىنىشنى ئايرىم ياكى مەخسۇس دەرس قىلىۋېلىشقا، تىل دەرسىدىن ئايرىۋېلىشقا بولمايدۇ. ئۇنى پەقەت ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالىغا قاراپ، تىل دەرسىنىڭ ھەرقايسى باسقۇچلىرىغا مۇۋاپىق كىرگۈزۈش، سۆزلۈك، جۈملىلەرنى چۈشەندۈرۈشتە مەدەنىيەت ئامىلى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرۈشكە ئالاھىدە ئېتىبار بېرىش زۆرۈردۇر. مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كۆپلەپ تونۇشتۇرۇش چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىدا ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشتىكى ناھايىتى ياخشى ۋە ئۈنۈملۈك تەدبىرلەرنىڭ بىرى.

## 1. تىل ئاساس دەرسى ۋە ئوقۇشلۇق دەرسىدە

College English ئىككىنچى قىسىم 3 - دەرستىكى Jefferson تېكىستىدە statesman سۆزى ئۇچرايدۇ. ئوقۇتقۇچى بۇ سۆزنى چۈشەندۈرۈشتە politician سۆزى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ چۈشەندۈرسە ئۈنۈمى ياخشى بولىدۇ. ئىنگلىز تىلىدا statesman ۋە politician ھەر ئىككى سۆزنىڭ لۇغەت مەنىسى «سىياسىئون» بولسىمۇ، ئەمەلىي قوللىنىشتا پەرقلىنىدۇ.

ئامېرىكا ئىنگلىز تىلىدا politician نىڭ سەلبىي مەنىسى كۈچلۈك بولۇپ، بۇ سۆز ئادەتتە شەخسىي مەنپەئەتنى كۆزلەپ، سىياسىي ھەرىكەت قىلىدىغان، ھىيلە - مىكىر ئىشلىتىدىغان سىياسىي كۈچلەرنى كۆرسىتىدۇ. statesman بولسا، دۆلەتنى ئىدارە قىلىشقا ماھىر دانالارنى كۆرسىتىدۇ.

ئۈچىنچى قىسىم 3 - دەرستە

Being a teacher is being present at the creation when the clay begins to breath

دېگەن جۈملە ئۇچرايدۇ. بۇ جۈملىنى كۆرگەن ئوقۇغۇچىلار گاڭگىراپ، نېمە دېيىلىۋاتقانلىقىنى چۈشەنمەي قالىدۇ. شۇڭا، ئوقۇتقۇچىنىڭ بۇ جۈملە ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى چۈشەندۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

According to the Bible, man was created by God out of clay.

ئىنجىلدا ئېيتىلىشىچە خۇدا ئادەمنى لايدىن ياراتقانىكەن، يازغۇچى بۇ يەردە ئوقۇتقۇچىنى ئادەمنى ياراتقان «خۇدا»غا ئوخشىتىپ تەسۋىرلىگەن.

A Miserable Merry Chirstmas دەرسىنى سۆزلىگەندە، ساۋاقداشلار روژدېستوۋ بايرىمىغا ئائىت بىلىملەرنى، جۈملىدىن روژدېستوۋ بوۋاينىڭ موردىن كىرىپ، ھەر خىل سوۋغاتلارنى بالىلارنىڭ روژدېستوۋ دەرىخىگە ئېسىپ قويغان ئۇزۇن پايپاقىغا سېلىپ قويىدىغانلىقىدەك رىۋايەتنى بىلمىسە تۆۋەندىكى جۈملىلەرنى چۈشىنىشى تەس بولىدۇ.

No candy? There out to be something to fill your stoking with, and Santa Claus can not put a pony into a stoking.

He could not lead a pony down the chimney.

يۇقىرىدىكى جۈملىلەرنىڭ گراماتىكىلىق قۇرۇلمىسى ئاددىي بولسىمۇ، ئۇلار ئۆز ئىچىگە ئالغان مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈشىنى ياخشى بىلمىگەندە، ئۇ جۈملىلەرنى چۈشىنىش قىيىنغا چۈشىدۇ. يەنە مەسىلەن:

ئۈچىنچى قىسىم 4 - دەرستە، Lost dog سۆزى قارىماققا ئۇيغۇرچىغا «لالما ئىت» دەپ تەرجىمە قىلىنسا بولىدىغاندەك تۇرسىمۇ، ئەمەلىيەتتە، بۇ سۆز «ئىگە-چاقىسىز، ماكانسىز بىچارە ئىت» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ. گەرچە، ئۇيغۇر تىلىدا ئىت ئايرىم ئەھۋاللاردا سادىقلىقنىڭ سىمۋولى بولسىمۇ، كۆپىنچە ئەھۋالدا يەنىلا سەلبىي مەنىنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، غەربلىكلەرنىڭ نەزىرىدە ئىت سەممىي، سادىق دوستلۇقنىڭ بەلگىسى بولۇپ، ئالاھىدە ئەتىۋارلىنىدۇ. ئائىلىلەردە ئىت خۇددى باشقا ئائىلە ئەزالىرىغا ئوخشاش مۇئامىلىگە ئېرىشىدۇ. ئىتلارنىڭ چىرايلىق ئىسمى، پاكىزە، ئازادە ئۆيى بولىدۇ، ھەتتا ئىتلارنىڭ روھىي كەيپىياتىغىمۇ ئالاھىدە كۆڭۈل بۆلۈنىدۇ. ئومۇمەن ئىنگلىز تىلىدا ئىت سۆزىنىڭ سەلبىي مەنىسى ئىنتايىن چەكلىك بولۇپ، ئىنگلىزچە «Lucky dog» (تەلەيلىك)، «My dog» (دوستۇم)، «dogged» (چىدامىلىق، ئېگىلمەس)، «Every dog has its day» (ھەركىمنىڭ باش كۆتۈرىدىغان كۈنى كېلىدۇ) دېگەنگە ئوخشاش سۆز ۋە جۈملىلەردە ئىت ئادەمگە سىمۋول قىلىنىدۇ.

ئوخشىمىغان دىنىي ئېتىقاد، ئۆرپ- ئادەت، ئېتنىك قاراش ۋە باشقا قىممەت قارىشى تۈپەيلى بىر قىسىم سۆزلەرنىڭ ئىنگلىزچە ۋە ئۇيغۇرچىدا ئۆز ئىچىگە ئالغان يوشۇرۇن مەنىلىرى ئوخشىمايدۇ. مەسىلەن:

ئىنگلىز تىلىدا dog (دوستلۇق)، pig (قىستا- قىستاڭ)، fish (ئالدىراش)، pigeon (دۆت، ھاماقەت)، Yellow (boy) (قورقۇنچاق)، cow (قورقۇتۇش) دېگەندەك يوشۇرۇن مەنىلەرگە ئىگە بولۇپ، ئۇيغۇر تىلىدا ئۇنداق مەنىلەرنى بىلدۈرمەيدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، غەرب ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىگە خاس بولغان بىر قىسىم سۆزلەر، مەسىلەن، دونكىخوت، روبىنسون، Mark Twin, Shylock, Uncle Tom قاتارلىقلار خۇددى ئۇيغۇر ئەدەبىياتى ۋە مەدەنىيىتىدىكى غېرىپ- سەنەم، نەسىردىن ئەپەندى، سايىماخۇن، ھېسام دېگەنگە ئوخشاش سۆزلەر بولۇپ، ئىنگلىز تىلىدا culturally louded words، يەنى ئۆزىگە خاس مەدەنىيەت ئۇچۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان سۆزلەر دەپ ئاتىلىدۇ.

ئوقۇتۇش جەريانىدا بۇ توغرىدا مۇۋاپىق چۈشەنچە بېرىلسە، ئوقۇغۇچىلاردا بۇنداق سۆزلەرگە بولغان قىزىقىش كۈچىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە سۆزلۈك ۋە جۈملىلەرنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىۋېلىشى ئاسان بولىدۇ. ئەگەر، مەدەنىيەت ئارقا كۆرۈنۈش بىلىملىرى مۇۋاپىق چۈشەندۈرۈلمىسە، My dogs are barking دېگەن بۇ جۈملىنى «ئىتلىرىم قاۋاپ كەتتى» دەپ چۈشىنىپ قالىدۇ، ئەمەلىيەتتە بۇ جۈملە «پۇتلىرىم بەك تېلىپ، سىرقىراپ كەتتى» دېگەن مەنىنى بىلدۈرىدۇ.

### 2. كۆرۈش- ئاڭلاش- سۆزلەش دەرسىدە

چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىدىكى كۆرۈش- ئاڭلاش- سۆزلەش دەرسى بىر خىل ئۈنۈملۈك ئوقۇتۇش شەكلى بولۇپ، ئۇنىڭدا تېلېۋىزور، سىنقويغۇ، ئۈنئالغۇ قاتارلىق كۆپلىگەن ئېلېكترونلۇق ۋاسىتىلەر قوللىنىلىدۇ، بۇ دەرس فىلىمىدىكى تىل ئىنتايىن ساپ، تەبىئىي، جان-

لىق بولۇپ، فىلىمدىكى مەنزىرە كۆرۈنۈشلىرى، بولۇپمۇ فىلىمدىكى ئارتىسلارنىڭ چىرايى، بەدەن ئىپادىسى ئارقىلىق شۇ خىل تىلدا سۆزلەيدىغان مىللەتلەرنىڭ تۇرمۇش، ئۆرپ- ئادەتلىرى، مۇھىمى تىلنىڭ ھەقىقىي، ساپ، ئەمەلىي مەنىسى ئىپادىلەپ بېرىلىدۇ.

بۇ دەرستە ئوقۇغۇچىلار يالغۇز تىل ئۆگىنىپلا قالماستىن يەنە مەدەنىيەت، تۇرمۇش ئادەتلىرى جەھەتتىكى پەرقلەرنىمۇ بىۋاستە ھېس قىلالايدۇ.

ئۇيغۇرلار ئۇزۇن يىللىق مەدەنىيەت تەرەققىياتى جەريانىدا ئۆزگىچە پەلسەپىۋى قاراشنىڭ تۈرتكىسى بىلەن كەمتەر، كىچىك پېئىل، باشقىلارنى يۇقىرى ئورۇندا قويۇپ، ئۆزىنى تۆۋەنرەك تۇتۇپ سۆزلىشىدىغان، باشقىلارنىڭ پىكرىگە ھۆرمەت قىلىدىغان خاراكتېرىنى يېتىلدۈرگەن. لېكىن، ئىنگلىزلارنىڭ، بولۇپمۇ ئامېرىكىلىقلارنىڭ مىللىي تارىخى بىرئاز مۇرەككەپ بولۇپ، ئۇلاردا مۇستەقىللىق تۇيغۇسى ناھايىتى كۈچلۈك. تارىختىن بۇيان ئۆزىنى گەۋدىلەندۈرۈشتىن ئىبارەت پسىخىكىلىق ئالاھىدىلىككە ئىگە. پىكىر قىلىش ۋە سۆزلەشتە بىرقەدەر تۈز ۋە ئاشكارا، ئۇدۇلدىن - ئۇدۇلغا سۆزلەيدۇ، مۇستەقىل پىكىر قىلىدۇ. ئەمەلىيەتتە، بۇنداق پسىخىكىلىق ھالەتنى «مەن»نى ئۇلۇغلاش مەدەنىيىتىنىڭ تۈرتكىسى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. كۆپچىلىككە مەلۇم، ئىنگلىز تىلىدا «God» (خۇدا)دىن قالسىلا «I» (مەن) سۆزى، مەيلى ئۇ جۈملىنىڭ قەيېرىدە كەلمىسۇن، ھەمىشە چوڭ ھەرپ بىلەن يېزىلىدۇ.

ئۇنىڭدىن باشقا، چوڭ - كىچىكلەر ئوتتۇرىسىدىكى چاقىرىش مۇناسىۋىتىدىمۇ بەزى پەرقلەر بار: ئۇيغۇرلاردا چوڭلارنى ھۆرمەتلەپ «سىلى» ياكى «سىز» دەپ چاقىرىدۇ، ئىسمىنى ھەرگىز بىۋاستە ئاتىمايدۇ. چوڭلار كىچىكلەرگە مۇئامىلە قىلغاندا بولسا، ھەمىشە كىچىك كۆرۈپ بۇيرۇق، تەنبىھ تەلەپپۇزىدا سۆزلەيدۇ. كىچىكلەر چوڭلارنىڭ ئالدىدا ئۆزىنى تۆۋەن تۇتۇپ، تەنبىھنى قوبۇل قىلىش تەرەپدارى بولىدۇ. بىراق، ئامېرىكىدا سالاھىيىتىنىڭ يۇقىرى- تۆۋەن بولۇشىدىن، يېشىنىڭ چوڭ- كىچىك بولۇشىدىن ياكى ئەر- ئايال بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ھوقۇقتا، ھۆرمەتتە باراۋەر بولۇپ، ئۆزىنى تۆۋەن تۇتىدىغان ئەھۋاللار بولمايدۇ. مەسىلەن:

Family Album USA فىلىمىدە Richardنىڭ ئايالى Marilynقېيىناتا، قېيىنانىسى بولغان Philip Steward بىلەن Ellen Stewardلارنى ئاددىيلا قىلىپ philip, Ellenدەپلا چاقىرىدۇ. Susan نىڭ يولدىشىمۇ قېيىناتىسىنى Philipدەپلا چاقىرىدۇ. ئامېرىكىدا بۇنداق چاقىرىش بىر خىل يېقىنچىلىقنى بىلدۈرىدۇ. بىراق، چەت ئەللىكلەرنى خەنزۇلارنى چاقىرغاندەك فامىلىسى بىلەنلا چاقىرىشقا ھەرگىز بولمايدۇ. بۇنىڭغا ئالاھىدە دىققەت قىلىش كېرەك.

ئامېرىكا، ئەنگلىيىلىكلەر خۇسۇسىيغا بەك ئېتىبار بەرگەچكە، ئادەتتىكى شارائىتتا خۇسۇسىي ئىشلارغا خاس سوئاللارنى، يەنى يېشى، مائاشى دېگەندەك سوئاللارنى سوراشقا بولمايدۇ. ئامېرىكىدا ھېچكىم Where did you go? (نەگە ماڭدىڭىز؟)، what are you doing? (نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز؟) دېگەنگە ئوخشاش سوئاللارنىمۇ ئالدىراپ سورىمايدۇ. بۇنداق سوئاللارنى سورىسا، «خۇسۇسىي ھوقۇقۇمغا دەخلى يەتكۈزدى» دەپ قاراپ خاپا بولىدۇ.

ئۇيغۇرلاردا چوڭلار، ياشانغانلارغا «تاماقنى ئوبدانراق، قۇۋۋەتلىك يېسىلە، ئۇششاق ئىشلارغا چېچىلمىسىلا، قېلىنراق كىيىنىپ ئۆزلىرىنى ئىسسىق ساقلىسىلا» دېگەندەك سۆزلەرنى قىلسا ئۇلار خۇشال بولىدۇ. بىراق، ئامېرىكىلىقلارغا يۇقىرىقىدەك سۆزلەرنى قىلسىڭىز، «قابىلىيىتىمدىن گۇمان قىلىۋاتىدۇ» دەپ قاراپ خاپا بولىدۇ. ئومۇمەن، يۇقىرىقىدەك ئوقۇشماسلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئەنگلىيە، ئامېرىكىنىڭ مەدەنىيىتىنى تازا ياخشى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدىغان، ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقتۇرالايدىغان، تىلى جانلىق ھەم ساپ دەرسلىك ماتېرىياللىرىنى تاللاپ دەرس ئۆتۈلسە، سۈپەت ۋە ئۈنۈمى يۇقىرى بولىدۇ. ئەگەر، كۆرۈش - ئاڭلاش - سۆزلەش دەرسىدە، دەرسلىكتىكى بىر قىسىم مەزمۇنلار ئۇيغۇرچىغا سىڭدۈرۈلۈپ سۆزلەنسە، ئوقۇغۇچىلار فىلىمدىكى روللارنى ئۆزى ئويناپ، فىلىمدىكى ئارتىسلارنىڭ چىراي ئىپادىسى، بەدەن ھەرىكىتى ۋە ئىنتوناتسىيىسىنى دوراپ ئۆگەنسە، ئۈنۈمى تېخىمۇ ياخشى بولىدۇ.

دەرسخانىدا ئوقۇغۇچىلارغا قانداق سۆزلەشنىلا ئۆگىتىپ قالماستىن، يەنە قانداق سورۇندا قانداق (سالاھىيەتلىك) كىشى بىلەن قانداق سۆزلىشىشنىمۇ ئۆگىتىش لازىم.

دېمەك، تىل مەدەنىيەتنىڭ ئايرىلماس بىر قىسمى، شۇنىڭ بىلەن بىرگە مەدەنىيەت تارقىتىشنىڭ مۇھىم

ۋاستىسى، چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولغان كىشى ھەم تىل ئوقۇتقۇچىسى، ھەم مەدەنىيەت ئوقۇتقۇچىسى ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، چەت ئەل تىلى دەرسخانىسى تىل بىلەن مەدەنىيەتنى بىرلەشتۈرىدىغان سورۇن. مەدەنىيەتنى دەرسخانىغا ئېلىپ كىرىشنىڭ مەقسىتى ھەرگىزمۇ مەدەنىيەت ئۆگىنىش بولۇپ قالماستىن، يەنىلا تىل ئۆگىنىشنى، مۇۋەپپەقىيەتلىك تىل ئالاقىسى قىلىشنى ئۆگىتىشنى ئاساسىي مەقسەت قىلىدۇ. مەدەنىيەت بىلىملىرىنى دەرسخانىغا ئېلىپ كىرىش ھەرقانداق ئوقۇتۇش مېتودىغا ھېچقانداق ئەكس تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. مۇۋاپىق، دەل جايىدا ئېلىپ بېرىلسا، ئوقۇتۇش سۈپىتى مۇقەررەر ھالدا يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ.

چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇشىنىڭ تەرەققىياتىدىن قارىغاندا، مەدەنىيەت ھادىسىلىرىنى چۈشىنىشى تۆۋەن بولغان، بۇ توغرىدا ئىزدىنىشى يېتەرلىك بولمىغان چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسى بىر مۇنەۋۋەر چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسى بولالمايدۇ. شۇ سەۋەبلىك چەت ئەل مەدەنىيەت بىلىملىرىنى كۆپرەك ئىگىلەش ۋە بۇ ساھەدە كۆپرەك ئىزدىنىش ھەربىر چەت ئەل تىلى ئوقۇتقۇچىسىنىڭ مەجبۇرىيىتى.

**پايدىلانمىلار:**


[1] خۇۋېن جۇڭ: «ئەنگلىيە، ئامېرىكا مەدەنىيىتى لۇغىتى». چەت ئەل تىلى ئوقۇتۇش ۋە تەتقىقاتى نەشرىياتى، 1995.

[2] خۇۋېن جوڭ:
«Learning English is learning another culture». «دۇنيا ئىنگلىز تىلى» ژۇرنىلى، 1991 ـ يىل 6 ـ سان.

[3] دوڭ يافىن: «ئالىي مەكتەپ ئىنگلىز تىلى».

[4] كۆرۈش ـ ئاڭلاش ـ سۆزلەش ئوقۇتۇش فىلىمى «Family Album USA».

[5] لى ياڭ: «Spoken English». 3 ـ قىسىم.


(بېشى 68ـ بەتتە)

قوشما ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى ئىنگلىز تىلى، خەنزۇ تىلى قاتارلىق خەلقئارالىق تىللاردىكى ھەرپلەرنىڭ ئوقۇلۇشى بىلەن ئاساسەن بىردەك بولغاچقا، بىزنىڭ بۇ تىللارنى ئۆگىنىشىمىزگە، شۇنىڭدەك باشقىلارنىڭ بىزنىڭ تىلىمىزنى ئۆگىنىشىگە قۇلايلىق يارىتىپ بېرىدۇ.

3. 32 فونېمىنىڭ ھەربىرىگە ھەرپ بەلگىلەنگەچكە، خەت ئۇرۇشتا ھەرپ بىلەن Shift بەلگىسىنى تەڭ ئۇرۇش ئاۋارىچىلىكىدىن قۇتۇلدۇرىدۇ.

4. ھەرپلەرنىڭ شەكلى يەنە 1960 ــ 1970 ـ يىللاردا ئىشلىتىلگەن ئۇيغۇر يېڭى يېزىقىنىڭ شەكلى بىلەن ئاساسەن بىردەك بولغاچقا، شۇ چاغدا بۇ يېزىقتا ئوقۇغان ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلىرىمىزنىڭ ئىگىلىۋېلىشى تېخىمۇ ئاسان.

ئەلۋەتتە، ھەرقانداق بىر يېزىقنىڭ ئۆزىگە خاس بىر يۈرۈش ئىملا قائىدىسى بولىدۇ. ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى يېزىق بولغاچقا، ئۇنىڭ ئىملا قائىدىسىنى مۇشۇ يېزىقنىڭ ئەسلىي ئىملا قائىدىسى بىلەن ئۇيغۇر تىلىنىڭ ئۆزىگە خاس ئالاھىدىلىكلىرىنى بىرلەشتۈرۈش ئاساسىدا بېكىتىشكە بولىدۇ. بۇ يەردە بۇ ھەقتە مەخسۇس توختالمايمىز، ئەسكەرتىپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك بولغان بىر نۇقتا شۇكى، قوشما ھەرپلەرنى ئىشلىتىش سەۋەبىدىن بەزىدە سۆز ئىچىدە بوغۇم ئايرىش زۆرۈرىيىتى تۇغۇلسا بوغۇم ئايرىش بەلگىسى (،) نى ئىشلەتسەك بولىدۇ.

مەسىلەن: Eziz' han (ئەزىزخان)، jahan' gir (جاھانگىر)

كۆپچىلىكنىڭ بۇ لايىھە ئۈستىدە ئويلىنىپ كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمەن.

**پايدىلانمىلار:**


[1] مىرشات لېتىپ: «ML كومپيۇتېر تىلىنى ئۆگىنىۋېلىڭ». ئۈرۈمچى: «شىنجاڭ گېزىتى»، 1998 ـ 4 ـ 25.

[2] پەرىزات سۇلايمان، ئابلىز ئەلدەر: «ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقى ھەققىدە مۇلاھىزە». «تىل ۋە تەرجىمە»، 1999 ـ 6.

22 ـ يىل نەشرى (ئومۇمىي 145 ـ سان)
第 22 卷 ( 总第 145 期 )
Volume 22 ( General No. 145 )

تىل ۋە تەرجىمە
语言与翻译 ( 维吾尔文 )
Language and Translation ( Uighur )

2003 ـ يىل 2 ـ سان
2003 年第 2 期
No. 2, 2003

# ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنىڭ يېڭى لايىھەسى ئۈستىدە ئىزدىنىش

نىجات سوپى

(شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتى 2001 ـ يىللىق ئاسپىرانت سىنىپى، ئۈرۈمچى 830046)

**قىسقىچە مەزمۇنى:** بۇ ماقالىدە ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنى مەيدانغا كەلتۈرۈشنىڭ ئېھتىياجى ئارقىسىدا بارلىققا كەلگەن بىرقانچە يېزىق لايىھىلىرىنىڭ ئارتۇقچىلىقلىرىنى قوبۇل قىلىش، كەمچىلىكلىرىنى تولۇقلاش ئاساسىدا يېڭى بىر يېزىق لايىھەسى ئوتتۇرىغا قويۇلدى، جۈملىدىن تىلىمىزدا ئىشلىتىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسىنى يالغۇز ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش ئارقىلىق كومپيۇتېر مەشغۇلاتىغا ئاسانلىق تۇغدۇرۇش ئۈستىدە مۇھاكىمە يۈرگۈزۈلدى.

**ئاچقۇچلۇق سۆزلەر:** كومپيۇتېر يېزىقى؛ يېڭى لايىھە؛ ئۇيغۇر يېزىقى.

كومپيۇتېر دەۋر تەرەققىياتىنىڭ بىر مۇھىم بەلگىسى بولۇش سۈپىتى بىلەن كىشىلەرنىڭ خىزمەت، ئۆگىنىش ۋە تۇرمۇش ساھەلىرىگە كەڭ سىڭىپ كىردى. كومپيۇتېر تورى ئارقىلىق كىشىلەر دۇنيانىڭ ئۇ چېتىدە تۇرۇپ بۇ چېتى بىلەن بىمالال ئالاقىلىشەلەيدىغان، جۈملىدىن ئۆزئارا ئۇچۇر ئالماشتۇرۇش، بىلىم تارقىتىش ۋە قوبۇل قىلىش، پاراڭلىشىش قاتارلىق ئىشلارنى ناھايىتى ئاسان ئىشقا ئاشۇرالايدىغان بولدى.

نۆۋەتتە كومپيۇتېردا ئالاقە ۋاستىسىنى ئويناۋاتقان ئاساسىي ئامىل يەنىلا يېزىق بولۇپ، كومپيۇتېرنىڭ پەيدا بولۇشىدىن تارتىپ بۈگۈنگىچە بولغان تەرەققىياتى جەريانىدا لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى ھازىرقى زامان ئىنگلىز يېزىقىنىڭ تەسىرى ئالاھىدە چوڭ بولۇپ كەلدى. كومپيۇتېرنىڭ ئىچكى سىستېما ھۆججەتلىرىدىن تارتىپ ئورغۇنلىغان يۇمشاق دېتاللارغىچە مۇشۇ يېزىقنى ئاساس قىلغان، بولۇپمۇ كومپيۇتېرنىڭ ئاساسىي كىرگۈزۈش ئۈسكۈنىسى بولغان كۇنۇپكا تاختىسىغا مۇشۇ يېزىقنىڭ ھەرپلىرى ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، باشقا يېزىق سىستېمىسىنى قوللىنىپ كېلىۋاتقان مىللەت ياكى دۆلەتلەر ھازىرغىچە ئۆز يېزىقىدىكى ھەرپ ياكى خەت، بەلگىلەرنى مۇشۇ تاختىدىكى ھەرپلەر ئارقىلىق ۋەكىللەندۈرۈش يولى بىلەن بىر تەرەپ قىلىپ كەلدى. جۈملىدىن شىنجاڭدىكى ئۇيغۇر، قازاق، قىرغىز خەلقلىرى قوللىنىپ كېلىۋاتقان ئەرەب ھەرپلىرى ئاساسىدىكى مىللىي يېزىقلارمۇ مۇشۇ تەرتىپ بويىچە كومپيۇتېر سىستېمىسىغا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كىرگۈزۈلدى. لېكىن، بىزنىڭ مۇتەخەسسىسلىرىمىز لايىھىلىگەن بۇ ئۇيغۇرچە، قازاقچە، قىرغىزچە كونا يېزىق سىستېمىلىرى نۆۋەتتە دۇنيا مىقياسىدا كەڭ قوللىنىپ كېلىۋاتقان WINDOWS مۇھىتى قاتارلىق سىستېمىلارنىڭ يۇمشاق دېتاللىرىنى ئىشلەپچىقىرىۋاتقان باش ئورگانلار تەرىپىدىن بىر تۇتاش ئەمەس، بەلكى بىزنىڭ مۇشۇ رايونىمىزنى چۆرىدىگەن ھالدا كىمگە مۇشۇ سىستېما كېرەك بولسا شۇ ئۆز ئېھتىياجىغا قاراپ، بۇ سىستېمىلارنى ئۆز كومپيۇتېرىغا قاچىلاش يولى بىلەن ئىشلىتىپ كېلىۋاتقانلىقى ئۈچۈن، ئۇنىڭ دۇنياغا ئومۇملىشىش نىسبىتى ئىنتايىن تۆۋەن ھالدا تۇرماقتا. بۇ ھال كىشىلىرىمىزنىڭ دۇنيا تەرەققىياتىغا ماس ھالدا يەر شارىنىڭ ھەرقانداق جايىدا تۇرۇپ مۇشۇ يېزىقلار ئارقىلىق ئۆزئارا بىمالال ئالاقىلىشىش ئېھتىياجىنى يەنىلا زور دەرىجىدە قاندۇرالماي كەلدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ يېزىقلارنىڭ «بوغدا»، «ئۇيغۇر سوفت»، «دۆلدۆل» دېگەندەك بىرقانچە نۇسخىلىرى ئۆز ئالدىغا قوللىنىلىپ، بىر ـ بىرىنى قوللىماي بۆلۈنۈش ھالىتىدە تۇرۇپ كېلىۋاتقاچقا، كىشىلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشىغا يەنە بىر مۇنچە قولايسىزلىقلارنى تۇغدۇردى. دۇنيادا يېڭىدىن

مەيدانغا كېلىۋاتقان ھەرقانداق بىر يۇمشاق دېتالنى ئادەتتىكى كىشىلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىشى ئۈچۈن مۇشۇ يېزىق سىستېمىمىزغا ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا توغرا كەلدى. شۇنىڭدەك، بىزنىڭ بۇ يېزىقلىرىمىز ئىنگلىز يېزىقىنىڭ ئەكسىچە ئوڭدىن سولغا قاراپ يېزىلىدىغانلىقى ئۈچۈن ئارىلاشما يېزىقلىق ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىش، سان، فورمۇلا بىلەن يېزىق، مۇزىكىدىكى نوتا بىلەن تېكىستنى تەڭ بىر تەرەپ قىلىش قاتارلىق ئىشلاردا دائىم يېزىق يۆنىلىشىنى ئۆزگەرتىشكە توغرا كەلدى. يېزىقىمىزدىكى ھەرپ سانى ئىنگلىز يېزىقىدىكى 26 ھەرپتىن كۆپ بولغاچقا، ھەرپلەرنىڭ ھەممىسىنى ئورۇپ كىرگۈزۈش ئۈچۈن ئارتۇق بولغان ئالتە ھەرپنى shift كۇنۇپكىسى بىلەن تەڭ بېسىش ئاۋارىچىلىكى كېلىپ چىقتى.

مانا مۇشۇنداق شارائىت ئاستىدا ئۇيغۇرلار ئارىسىدىكى پەن - تەتقىقات خادىملىرى، ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلار، كومپيۇتېر ھەۋەسكارلىرى، نەشرىيات خادىملىرى ۋە باشقا نۇرغۇن ساھەلەردىكى كىشىلەردە لاتىن ھەرپلىرى ئاساسىدىكى كومپيۇتېر يېزىقىنى مەيدانغا كەلتۈرۈپ، مۇناسىۋەتلىك ساھەلەردە قوللىنىش ئېستىكى تۇغۇلدى. ئالدىنقى بىرقانچە يىلدا بىر قىسىم زىيالىيلار «تىل ۋە تەرجىمە» قاتارلىق گېزىت - ژۇرناللاردا ئۆزلىرىنىڭ بۇ ھەقتىكى كۆزقاراش - پىكىرلىرى ۋە بىر قىسىم لايىھىلىرىنى ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ لايىھەلەرنىڭ بەزىلىرى مەلۇم دائىرىدە ئەمەلىي قوللىنىلىپ بەلگىلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈم ياراتتى، جۈملىدىن بۇلتۇر شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدىكى كىتابلارنى كاتالوگلاشتۇرۇشتا بۇ مەكتەپتىكى تەتقىقاتچىلار تەييارلىغان ئۇيغۇرچە، قازاقچە كومپيۇتېر يېزىقى قوللىنىلىپ، بۇ كۇتۇپخانىدىكى كىتابلارنى تور بېتى ئارقىلىق ئاختۇرۇش ئىمكانىيىتى يارىتىلىپ، مىللىي ئوقۇتقۇچى - ئوقۇغۇچىلارنىڭ كىتاب ئارىيەت ئېلىش - قايتۇرۇش ئىشلىرىغا زور قولايلىق ئېلىپ كەلدى.

گەرچە ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنىڭ بىرقانچە لايىھىلىرى مەيدانغا كەلگەن بولسىمۇ، لېكىن لايىھەلەردىكى بەزى يېتەرسىزلىكلەر تۈپەيلىدىن ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى خەلق ئاممىسى تەرىپىدىن كەڭ تۈردە قوللىنىلىش ئىمكانىيىتىگە ئېرىشەلمىدى. نۆۋەتتە بۇ يېزىق يەنىلا تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشنى كۈتۈپ تۇرماقتا. شۇ مۇناسىۋەت بىلەن مەن ئۆزۈمنىڭ بۇ ھەقتىكى بەزى كۆزقاراشلىرىمنى ئوتتۇرىغا قويۇپ ئۆتمەكچىمەن.

ھەممىگە مەلۇم بولغاندەك، ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنى لايىھىلەشنىڭ ئاساسىي پرىنسىپلىرى كۇنۇپكا تاختىسىدىكى لاتىنچە 26 ھەرپنى ئاساس قىلىش، قوشما ھەرپلەر سانىنى ئاشۇرىۋەتمەسلىك، ئىشلىتىلىش نىسبىتى يۇقىرى بولغان ھەرپلەرنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە يالغۇز ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش، ئېلىپبە تەرتىپى لاتىن ھەرپلىرىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن بىردەك بولۇش قاتارلىقلاردىن ئىبارەت بولۇپ قالدى. ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىغا نىسبەتەن ئېلىپ ئېيتقاندا، 32 فونېمىنى كۇنۇپكا تاختىسىدىكى 26 لاتىنچە ھەرپكە سىڭدۈرگەندە، ئەلۋەتتە، ئالتە ھەرپ ئېشىپ قالىدۇ. بەزىلەر قوشما ھەرپ تۈزۈشنىڭ ئالاقە جەريانىغا توسالغۇ ئېلىپ كېلىشىدىن ئەنسىرەۋاتىدۇ. مېنىڭچە، بۇ جەھەتتە ئارتۇقچە ئەنسىرەشنىڭ ھاجىتى يوق. ھازىرقى زامان ئىنگلىز يېزىقىدىمۇ لاتىنچە 26 تاق ھەرپ بولۇشتىن سىرت ch, sh, ph, th, gh, kh, ng قاتارلىق قوشما ئۈزۈك تاۋۇش ھەرپلىرى ۋە بىر قىسىم قوشما سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرى بار، شۇنداقتىمۇ پۈتۈن دۇنيا دېگۈدەك بۇ يېزىقنى توسالغۇسىز ئىشلىتىپ كەلمەكتە. ھازىرقى بىزدىكى تالاش - تارتىش بولۇۋاتقان ئاساسىي مەسىلە قايسى ئالتە فونېمىنى قوشما ھەرپ بىلەن ئىپادىلەش جەھەتتە بىرلىككە كېلەلمەسلىكتىن ئىبارەت.

ئىلگىرى تۈزۈلگەن لايىھەلەرگە قارىساق، مىرشات لېتىپ ئەپەندىنىڭ لايىھىسىدە c، v ھەرپلىرىدىن ئايرىم پايدىلانمىغانلىقى ئۈچۈن قوشما ھەپلەر سانى سەككىزگە كۆپىيىپ كەتكەن؛ دىلنۇر ئابدۇرېھىم، پەرىزات سۇلايمان، ئابلىز ئەلدەرلەرنىڭ لايىھىسىدە قوشما ھەرپلەر سانى ئالتە بىلەن چەكلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇيغۇر تىلىدا ئىشلىتىلىش نىسبىتى ئەڭ يۇقىرى بولغان سوزۇق تاۋۇش ھەرپلىرىنىڭ بىر قىسمى قوشما ھەرپلەر بىلەن ئىپادىلەنگەچكە يەنىلا يېتەرسىزلىكتىن خالىي بولالمىغان؛ شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى لايىھىسىدە قوشما سوزۇق تاۋۇشلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن e، o، u ھەرپلىرى تەسىس قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ ھەرپلەر كۇنۇپكا تاختىسىدا بىۋاستە ئۇچرىمىغانلىقى ئۈچۈن ئىشلەتكۈچىلەرگە يەنىلا ئاۋارىچىلىك بولۇپ تۇرماقتا.

كۆپچىلىككە مەلۇم، ئۇيغۇر تىلى سوزۇق تاۋۇشسىز بوغۇم هاسىل بولمايدىغان تىل. ئۇيغۇر تىلىدىكى سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ سانى كۆپ بولمىغىنى بىلەن ئىشلىتىلىش نىسبىتى ئىنتايىن يۇقىرى. شۇڭا، ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنى لايىھىلەشتە چوقۇم سوزۇق تاۋۇشلارنىڭ ھەممىسىنىڭ يالغۇز هەرپ بىلەن ئىپادىلىنىشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. بۇ كومپيۇتېر خەت ئالاقىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە تىل ئۇقۇتۇشىدا سۆزلەرنى بوغۇملارغا ئاجرىتىشقىمۇ قۇلايلىق. ئۇنداقتا، كونۇپكا تاختىسىدا بەشلا سوزۇق تاۋۇش هەرپى بار بولغان شارائىتتا، ئۇيغۇر تىلىدىكى سەككىز سوزۇق تاۋۇشنىڭ قالغان ئۈچىنى قانداق ئىپادىلەش كېرەك؟ مېنىڭچە، ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ئۈزۈك تاۋۇش هەرپلىرى ئىچىدىن ئۈچ هەرپنى يۆتكەپ ئىشلىتىشتىن ئىبارەت. (ئۈزۈك تاۋۇش هەرپلىرىنىڭ بەزىدە سوزۇق تاۋۇشلارنى ئىپادىلىشى ئىنگلىز تىلىدىمۇ بار ئەھۋال. مەسىلەن، my, abilityدېگەن سۆزلەردە y هەرپى i, ai سوزۇق تاۋۇشلىرىنىڭ رولىدا كەلگەن.) يۆتكەپ ئىشلىتىلگەندە، ئەڭ ياخشىسى، يۆتكەپ كېلىنگەن ئۈزۈك تاۋۇش هەرپىنىڭ شەكلى ئەسلىدىكى سوزۇق تاۋۇش هەرپلىرىگە ئوخشاپراق كېتىدىغان بولۇشىنى هەم يۆتكەپ كېتىلگەن ئۈزۈك تاۋۇش هەرپىنىڭ ئورنىغا باشقا ئۈزۈك تاۋۇش هەرپىنى دەسسىتىش بىرقەدەر ئاسان بولۇشىنى ئۆلچەم قىلغىنىمىز ياخشى. شۇ ئاساستا مەن ئۈزۈك تاۋۇشلار قاتارىدىن c، q، v هەرپلىرىنى يۆتكەپ ئىشلىتىشنى تەشەببۇس قىلىمەن.

سوزۇق تاۋۇشلار جەدۋىلى:

| Aa | Ee | Cc | I i | Oo | Qq | Uu | Vv |
|---|---|---|---|---|---|---|---|
| ئا | ئە | ئې | ئى | ئو | ئۆ | ئۇ | ئۈ |

V, Q, C هەرپلىرىنىڭ يۆتكەپ ئىشلىتىلىدىغان هەرپ بولۇپ تاللىنىشىدىكى سەۋەب، V هەرپىنىڭ شەكلى U هەرپىنىڭ شەكلىگە، Q هەرپىنىڭ شەكلى θ هەرپىنىڭ شەكلىگە، C هەرپىنىڭ شەكلى e هەرپىنىڭ شەكلىگە ئوخشاپراق كېتىدىغانلىقى ئۈچۈن ئۇلار شۇ هەرپلەرگە يانداش قىلىپ ئېلىندى. يەنە بىر تەرەپتىن، يۆتكەپ كېتىلگەندىن كېيىن CH قوشما هەرپى ئارقىلىق تىلىمىزدىكى «چ» تاۋۇشىنى، W هەرپى ئارقىلىق «ۋ» تاۋۇشىنى، S هەرپى ئارقىلىق «س» تاۋۇشىنى ئىپادىلىگىلى بولىدىغانلىقى ئۈچۈن، بۇنداق يۆتكەش قالغان ئۈزۈك تاۋۇشلارغا ئارتۇقچە تەسىر كۆرسەتمەيدۇ. شۇنداق بولغاندا قوشما هەرپلەر پەقەت ئۈزۈك تاۋۇشلار ئارىسىدىلا مەۋجۇت بولىدۇ ھەمدە قوشما هەرپلەر سانى ئالتە بىلەنلا چەكلىنىدۇ، قالغان ئۈزۈك تاۋۇشلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى كۇتۇپخانىسىدا قوللىنىلغان كومپيۇتېر يېزىقىدىكى لايىھە ئاساسىدا رەتلەش، تولۇقلاش ئارقىلىق ئۇيغۇر كومپيۇتېر يېزىقىنىڭ ئېلىپبە جەدۋىلىنى مەن تۆۋەندىكىدەك تۈزۈپ چىقتىم.

| No | هەرپ شەكلى | كونا يېزىقتىكى ئەگدىشى | قوشما هەرپلەر | | No | هەرپ شەكلى | كونا يېزىقتىكى ئەگدىشى | قوشما هەرپلەر | |
|---|---|---|---|---|---|---|---|---|---|
| 1 | Aa | ئا | | | 14 | Nn | ن | NGng | ڭ |
| 2 | Bb | ب | | | 15 | Oo | ئو | | |
| 3 | Cc | ئې | CHch | چ | 16 | Pp | پ | | |
| 4 | Dd | د | | | 17 | Qq | ئۆ | | |
| 5 | Ee | ئە | | | 18 | Rr | ر | | |
| 6 | Ff | ف | | | 19 | Ss | س | SHsh | ش |
| 7 | Gg | گ | GHgh | غ | 20 | Tt | ت | | |
| 8 | Hh | ھ | | | 21 | Uu | ئۇ | | |
| 9 | Ii | ئى | | | 22 | Vv | ئۈ | | |
| 10 | Jj | ج | | | 23 | Ww | ۋ | | |
| 11 | Kk | ك | KHkh | ق | 24 | Xx | خ | | |
| 12 | Ll | ل | | | 25 | Yy | ي | | |
| 13 | Mm | م | | | 26 | Zz | ز | ZHzh | ژ |

بۇ ئېلىپبە تەرتىپىنىڭ ئالاھىدىلىكى:

1. ئېلىپبە تەرتىپى لاتىن هەرپلىرىنىڭ ئېلىپبە تەرتىپى بىلەن بىردەك بولۇپ، ئىنگلىز، خەنزۇ يېزىقلىرىدىمۇ مۇشۇ تەرتىپ قوللىنىلغان بولغاچقا، كۆپ تىللىق لۇغەتلەرنى تۈزۈش، كاتالوگ تۇرغۇزۇش قاتارلىق ئاربلاشما يېزىقلىق ماتېرىياللارنى بىر تەرەپ قىلىشقا قۇلايلىق.

2. قوشما هەرپلەر ئۈزۈك تاۋۇشلاردىلا مەۋجۇت بولۇپ، سانى ئالتە بىلەن چەكلەنگەن. قوشما هەرپلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى ئىنگلىز يېزىقىدىكى قوشما هەرپلەرنىڭ ياسىلىش ئۇسۇلى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش. ئۇنىڭ ئۈستىگە بارلىق يالغۇز ۋە

(ئاخىرى 65- بەتتە)

# ۋىۋىسكىلاردىكى خاتا تەرجىمىلەر توغرىسىدا

جەننەت بارات

(خوتەن پېداگوگىكا مەكتىپى، خوتەن 848000)

ۋىۋىسكا — ئۇچۇر، مۇلازىمەت ۋە ئېلان رولىنى ئالغان بىر خىل تەشۋىقات ۋاستىسى بولۇپ، ئۇ ھازىر ھەر دەرىجىلىك ئىدارە - ئورگانلارنىڭ دەرۋازىلىرىغا قادىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە چوڭ - كىچىك تىجارەت دۇكانلىرىنىڭ ئىشىكلىرىگىمۇ بەس - بەستە ئېسىلىدىغان بولدى.

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونى تەۋەلىكىدىكى ۋىۋىسكىلار دۆلىتىمىزنىڭ مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلىرىگە ئاساسەن ئۇيغۇرچە ۋە خەنزۇچىدىن ئىبارەت ئىككى خىل يېزىقتا ئىشلىنىۋاتىدۇ. لېكىن، ۋىۋىسكا ئىشلەتكۈچى ۋە ئىشلىگۈچىلەرنىڭ تىل - يېزىق ۋە تەرجىمە قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق ئېتىبار بەرمەسلىكى تۈپەيلىدىن ۋىۋىسكىلاردا تەرجىمە خاتالىقى كۆپلەپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. بولۇپمۇ، خوتەن شەھىرىدە شۇنداق. تۆۋەندە بىرقانچە پاكىت كۆرسىتىمەن:

1. خوتەن شەھىرىدە بىر رېستوران بار. بۇ رېستوراننىڭ ۋىۋىسكىسىدىكى خەنزۇچە نامى 桃花源酒家 بولۇپ، بۇنىڭ ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «شاپتۇللۇق رېستوران» دەپ يېزىلغان. 桃花源 دېگەن سۆز ئەسلى شەرقىي جىن سۇلالىسى دەۋرىدە ئۆتكەن مەشھۇر شائىر تاۋ يۈەنمىڭنىڭ بىر شېئىرىدىكى مەزمۇن بولۇپ، شائىر بۇ شېئىرىدا ئەركىنلىككە ۋە بەخت - سائادەتكە تولغان غايىۋى دۇنيانى 桃花源 دەپ تەسۋىرلىگەن. بۇ شېئىردا تەسۋىرلەنگەن غايىۋى دۇنيا ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرىدە «جەننەت، بېھىش» دەپ تەسۋىرلىنىدۇ. بۇنىڭدىن قارىغاندا، ۋىۋىسكىدىكى 桃花源 نى «شاپتۇللۇق» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق ئەمەس. شۇڭا 桃花源酒家 نى «بېھىش رېستورانى» دەپ تەرجىمە قىلىش مۇۋاپىق ئىدى.

2. خوتەن شەھىرىنىڭ قىزىل يۇلتۇز سودا بازىرىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ ۋىۋىسكىدىكى خەنزۇچە نامى 红星刀削面馆 بولۇپ، ئۇيغۇرچە تەرجىمىسى «قىزىل يۇلتۇز پىچاق چاقلاش ئاشخانىسى» دەپ يېزىلغان. بۇ نېمە دېگەن غەلىتە نام - ھە؟! ئېنىقكى، خەنزۇ تىل - يېزىقىنى بىلمەيدىغان كىشىلەر ئەگەر بۇ ۋىۋىسكىنىڭ ئۇيغۇرچە خېتىنىلا ئوقۇسا، بۇ دۇكاننىڭ ئاشخانا ياكى پىچاق چاقلاش ئورنى ئىكەنلىكىنى بىلەلمەيدۇ. 刀削面 — خەنزۇلارنىڭ بىر خىل تاماق تۈرى بولۇپ، ئۇيغۇرلارنىڭ يېيىلغان چۆپنى قۇشقاچ تىلى شەكلىدە كېسىپ ئېتىدىغان سۇيۇق ئېشىغا ئوخشايدۇ. شۇڭا، 红星刀削面馆 نى «قىزىل يۇلتۇز قىرما چۆپ ئاشخانىسى» دەپ تەرجىمە قىلسا توغرا بولاتتى.

3. خوتەن شەھىرىنىڭ ئۈرۈمچى يولىدىكى بىر ئاشخانىنىڭ ۋىۋىسكىسىدىكى ئۇيغۇرچە نامى «نەرىن

چوڭ ئاشخانىسى» بولۇپ، خەنزۇچە تەرجىمىسى 羊肉麦面饭馆 دەپ يېزىلغان. بۇ تەرجىمە مۇۋاپىق بولمىغان. چۈنكى، خەنزۇلار نېرىن چۆپىنى ئاللىقاچان «纳仁面» ياكى «纳仁» دەپ ئاتاشقا كۆنۈپ كەتتى. شۇڭا، بۇنى «纳仁面馆» دەپ تەرجىمە قىلسا ناھايىتى چۈشىنىشلىك بولىدۇ. ئۇيغۇرچىسىدىكى «نەرىن» سۆزىنىڭ ئىملاسىمۇ خاتا بولۇپ، ئۇنى ئىملا لۇغىتىدە بېكىتىلگىنى بويىچە «نېرىن» دەپ يېزىش كېرەك ئىدى.

4. خوتەن شەھىرىنىڭ قىزىل يۇلتۇز سودا بازىرىدىكى بىر دۇكاننىڭ ۋىۋىسكىسىغا خەنزۇ يېزىقىدا 红红商店، ئۇيغۇر يېزىقىدا «قىزىل قىزىل ماگىزىن» دەپ يېزىلغان. بۇ ۋىۋىسكىدىكى 红红 ئەمەلىيەتتە ئادەم ئىسمى بولۇپ، ئۇنى تەرجىمە قىلىش ھاجەتسىز. شۇڭا، 红红商店 نى «خوڭخوڭ ماگىزىنى» دەپ تەرجىمە قىلسا بولىدۇ.

ۋىۋىسكىلاردىكى خاتا تەرجىمىلەر ھەققىدە كۆپ. يۇقىرىدا كۆرسەتكەنلىرىم بىرنەچچە تىپىك مەسالدىنلا ئىبارەت. ئەگەر، ئاپتونوم رايونىمىزدىكى ھەرقايسى شەھەر كوچىلىرىنى ئايلىنىپ، ئىنچىكىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارىدىغانلا بولساق، ئۇرغۇنلىغان ئەمەلىي مەسىلىلەرنى ئۇچرىتىمىز. بىلىشىمىز كېرەككى، ۋىۋىسكىلاردىكى بۇنداق خاتا تەرجىمىلەر كەڭ ئىستېمالچىلار ئۇچۇن مۇجمەللىك ياكى خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپلا قالماستىن، بەلكى يەنە مەدەنىيەتلىك شەھەر قۇرۇلۇشى ئۇچۇنمۇ زور نۇقسان كەلتۈرىدۇ. شۇڭا، تورلۇك ۋىۋىسكا ئىشلىگۈچىلەر ۋە بارلىق ۋىۋىسكا ئىشلەتكۈچىلەر ۋىۋىسكا ئىشلەش ۋە ئىشلىتىشتە تىل - يېزىق ۋە تەرجىمە قانۇنىيەتلىرىگە تولۇق ئەمەل قىلىشى، خاتا تەرجىمىلەردىن قەتئىي ساقلىنىشى لازىم. تىل - يېزىق خىزمەتلىرىگە مەسئۇل بولغۇچى تارماقلار ۋە خادىملار مۇناسىۋەتلىك بەلگىلىمىلەرنى كەسكىن ئىجرا قىلىپ، ۋىۋىسكىلاردىكى خاتا تەرجىمىلەرنى تۈزىتىشى، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە سادىر بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشى ۋە توسۇشى، بۇ ئارقىلىق رايونىمىزنىڭ ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشىغا تۆھپە قوشۇشى لازىم.

(بېشى 71- بەتتە)

تىل - يېزىقنى باشقۇرۇش ئورۇنلىرىغا ئاپىرىپ تەكشۈرتۈپ تەستىقلاتماي خالىغانچە يازدۇرغان؛ ئىككىنچى، ئىقتىسادىي مەنپەئەتنى قوغلىشىپ، خالىغان بىر ئادەمگە يازدۇرۇپ ئېسىۋالغان؛ ئۈچىنچى، تەرجىمىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىغان كىشىلەرگە خاتا تەرجىمە قىلدۇرۇپ يازدۇرغان؛ تۆتىنچى، ۋىۋىسكا ياساش ئورۇنلىرى ئۆزلىرى خالىغانچە يازغان؛ بەشىنچى، ۋىۋىسكا ياساش ئورنىدىكى خەنزۇ يولداشلار ئۇيغۇر تىلىدىن قىلچە خەۋىرى بولمىسىمۇ، ئۆزلىرى كۆچۈرۈپ يېزىش ئۇسۇلى بىلەن يېزىۋالغان؛ ئالتىنچى، جەمئىيەتتە قوللىنىدىغان ئىككى خىل يېزىقتا نىسبەتەن مىللىي يېزىقنىڭ رولىغا بولغان تونۇشى ياخشى ئەمەس؛ يەتتىنچى، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە مىللىي يېزىقنىڭ ئىملاسىغا بولغان كۆز - قاراش توغرا ئەمەس.

ئىككى مەدەنىيلىك قۇرۇلۇشى تەشۋىقاتى كۈچەيتىلىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە، تىل - يېزىقنىڭ رولى ئالاھىدە مۇھىم. بولۇپمۇ ۋىۋىسكىلاردىكى يېزىقنىڭ توغرا، ئۆلچەملىك بولۇش - بولماسلىقى شەھەر قىياپىتىگە ئالاھىدە تەسىر كۆرسىتىدۇ. ئەمما، پەقەت تىل - يېزىق ئورگانلىرىغىلا تايىنىپ جەمئىيەتتىكى، بولۇپمۇ ۋىۋىسكىلاردىكى ئىملا خاتالىقنى تۈپتىن تۈزىتىپ كېتىش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەتلەر تەشۋىقاتنى كۈچەيتىپ، تەدبىر قوللىنىپ، خەلق ئاممىسىنىڭ ئىدىيىسىدە تىل - يېزىققا بولغان توغرا كۆزقاراشنى تۇرغۇزۇش كېرەك. ئىشىنىمىزكى، خەلق ئاممىسىنىڭ تىل - يېزىققا بولغان تونۇشى چوڭقۇرلاشقانسېرى، ۋىۋىسكىلاردىكى يېزىقلارنىڭ ئۆلچەملىك بولۇشى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، شەھەرلەرنىڭ ھۆسنىگە ھۆسن قوشىدۇ.

# ۋىۋىسكىلارنىڭ ئىملاسىغا ئەھمىيەت بېرەيلى

ئاينۇر قاسىم

(قۇمۇل ۋىلايەتلىك تىل- يېزىق، قەدىمكى ئەسەرلەر ئىشخانىسى، قۇمۇل 839000)

جەمئىيەت تەرەققىي قىلغان، تىل ـ يېزىقىمىز بارغانسېرى قېلىپلىشىۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە جەمئىيەتتە قوللىنىۋاتقان يېزىقلىرىمىزدا ئىملا خاتالىقى كۆپلەپ كۆرۈلۈۋاتىدۇ. قۇمۇل شەھىرىنى ئالساق، قۇمۇل شەھىرىدىكى ۋىۋىسكىلارنى تەكشۈرگىنىمىزدە باشقا خاتالىقلارغا قارىغاندا ئىملا خاتالىقىنىڭ زور سالماقنى ئىگىلەيدىغانلىقىنى بايقىدۇق.

قۇمۇل شەھەرلىك پارتكوم ۋە خەلق ھۆكۈمىتىنىڭ كۆڭۈل بۆلۈشى ۋە يېتەكچىلىكىدە قۇمۇل شەھەرلىك تىل ـ يېزىق خىزمىتى كومىتېتى ئىشخانىسى پۈتۈن شەھەر تەۋەسىدىكى ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى، كەسپىي ئورۇنلار، كارخانا ئورۇنلىرى ۋە شەخسلەر قارىمىقىدىكى ماگىزىن، تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىدىكى ئىككى خىل يېزىقنىڭ قوللىنىلىش ئەھۋالىنى تەكشۈرۈپ، ۋىۋىسكىلاردىكى ئىملا خاتالىقى، تەرجىمە خاتالىقى، يېزىق خاتالىقى قاتارلىقلارنى تۈزەش، ئۇكىشاش جەھەتتە نۇرغۇن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلەپ كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرگە ئېرىشتى ۋە ۋىلايەت، ئاپتونوم رايوننىڭ ماختىشىغا سازاۋەر بولدى. گەرچە، يۇقىرىقىدەك خىزمەتلەر ئىشلەنگەن بولسىمۇ، جەمئىيەتتە قوللىنىۋاتقان ئۇيغۇرچە يېزىقلاردا ئىملا خاتالىقى يەنىلا ئېغىر بىر مەسىلە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ تۇرماقتا. بىز پەقەت قۇمۇل شەھىرى «يۈەنتۇڭ بازىرى» ئىچىدىكى ۋە ئۇنىڭ ئەتراپىدىكى ماگىزىن ۋە تىجارەت ئورۇنلىرىنىڭ ۋىۋىسكىلىرىدىكى ئىملا خاتالىقىنى تەكشۈرگىنىمىزدە نەتىجىسى مۇنداق بولدى:

«يۈەنتۇڭ بازىرى» ئىچىدىكى 200 دىن ئارتۇق ۋىۋىسكىنىڭ 30% ىنىڭ ئۇيغۇرچىسىدا ئىملا خاتالىقى كۆرۈلگەن. تۆۋەندە بىرنەچچىنى مىسال قىلىپ كۆرەيلى:

1. ئاممىسا قويلىق ۋېلسىپت نىسايمانلىرى 自行车配件行

2. ىىنۇ، تۈزەش ساتراچخانىسىنى 新奇雅发屋

3. «خۋالى رەخت» پۇچۇق دۇنياسى 华丽布料大世界

4. مۆل- جەزىرە، بايا- ۋان، قۇملۇق زىننەنات شلىرى 沙漠石艺

5. يىشىن ساپال تەشتەك دۇكىنى 紫砂陶 艺

6. قۇمۇل گۇاڭشر ماتېرىياللىرى زاۋۇتى بىۋاستە سېتىش ئورنى 广新石材厂直销处

بۇ خىل ۋىۋىسكىلاردىكى ئىملا خاتالىقىنىڭ يۈز بېرىشىدىكى سەۋەبلەر: بىرىنچى، نۇرغۇنلىغان ماگىزىن ۋە تىجارەت ئورۇنلىرى ۋىۋىسكىلىرىنى (ئاخىرى 70- بەتتە)

# ئىسلاھات ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 1951 - يىلى 3 - ئاينىڭ 15 - كۈنى قۇرۇلغان بولۇپ، ئۇيغۇرچە، خەنزۇچە، قازاقچە، موڭغۇلچە، قىرغىزچە، شىبەچە قاتارلىق ئالتە خىل يېزىقتا كىتاب - ژۇرنال نەشر قىلىدىغان ئۇنىۋېرسال نەشرىيات. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدا 11 باشقارما دەرىجىلىك ئورۇن بولۇپ، ئۇلار تەھرىرلىك، نەشر قىلىش، تارقىتىش، مەمۇرىيەت، مالىيە قاتارلىق كەسىپلەرنى بېجىرىدۇ. تەھرىر بۆلۈملىرى يېزىق بويىچە ئايرىلغان، ئۇلار: ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى، خەنزۇ تەھرىر بۆلۈمى، قازاق تەھرىر بۆلۈمى، موڭغۇل تەھرىر بۆلۈمى، قىرغىز تەھرىر ئىشخانىسى، شىبە تەھرىر ئىشخانىسىدىن ئىبارەت. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، مائارىپ، ئەدەبىيات، سەنئەت، تارىخ، جۇغراپىيە، ساياھەت، تىل ئۆگىنىش، قەدىمىي ئەسەرلەر، لۇغەت قاتارلىق ئەسەرلەرنى نەشر قىلىدۇ. ھازىر نەشرىياتتا 291 نەپەر خىزمەتچى بار، ئۇلار توققۇز مىللەتتىن تەركىب تاپقان. مۇھەررىرلىك ئۇنۋانى بارلار 197 نەپەر، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىدىكىلەر 10 نەپەر، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر ئۇنۋانىدىكىلەر 43 نەپەر، مۇھەررىرلىك ئۇنۋانىدىكىلەر 74 نەپەر، ياردەمچى مۇھەررىر ئۇنۋانىدىكىلەر 43 نەپەر. خەلق نەشرىياتى 2002 - يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ھەر خىل كىتاب - ژۇرنالدىن جەمئىي 490 مىليون پارچە تارقاتتى.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى 50 يىللىق شانلىق تارىخقا ئىگە كونا تەھرىر بۆلۈم. بۇ بۆلۈم 1951 - يىلى 3 - ئايدا شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تەرجىمە ئىشخانىسى قارىمىقىدىكى ئۇيغۇر تەرجىمە گۇرۇپپىسىنى ئاساس قىلىپ قۇرۇلغان. ئەينى چاغدىكى ئاساسىي ۋەزىپىسى پارتىيىنىڭ فاڭجېن، سىياسەتلىرىگە دائىر ئوقۇشلۇق، كادىرلارنىڭ ئۆگىنىش ماتېرىياللىرى، ماركسىزم - لېنىنىزم، ماۋزېدۇڭ ئەسەرلىرىنى ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ نەشر قىلىش، تەشۋىق قىلىش ئىدى. 1955 - يىلى كىتاب ۋە قەرەللىك ژۇرنال تەھرىر ئىشخانىسى قۇرۇلغاندا، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ نامى ئۇيغۇر تەھرىر گۇرۇپپىسىغا ئۆزگەرتىلگەن. 1960 - يىلى ئۇيغۇر تەھرىر گۇرۇپپىسى كېڭەيتىلىپ تەھرىر ئىشخانىسى بولۇپ قۇرۇلغان، 1973 - يىلى تەھرىر ئىشخانىسىنىڭ نامى تەرجىمە - تەھرىر ئىشخانىسىغا ئۆزگەرتىلگەن، 1979 - يىلى ئۇيغۇر تەھرىر ئىشخانىسى دېگەن نامى ئەسلىگە كەلتۈرۈلگەن. 1983 - يىلىدىن بۇيان ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى دېگەن نام قوللىنىلغان. ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى دەسلەپ قۇرۇلغاندىن تارتىپ ھازىرغا قەدەر ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ ئابدۇراخمان، ئىمىن تۇرسۇن، پەيزۇللا، ئىبراھىم ئەخمەت، ئابدۇۋەلى خەلپەتوف، ساۋۇت ئۆمەر، جامالىدىن مۇھەممەدى، قېيۇم تۇردى، سۇلتان ياسىن، ئەخەت ھاشىم، مامۇت ساۋۇت، ئابلەت ئىمىن، سۇلتان ھاشىم، قۇربان ياسىن، دىلشات رەھمىتۇللا سۇلتان ( دىلشات سۇلتان ) قاتارلىقلار بۆلۈم مۇدىرلىقىنى ئۆتەپ كەلگەن. ھازىر دىلشات رەھمىتۇللا سۇلتان بۆلۈم مۇدىرى، ئايشەم سوپى ۋە قادىر قاۋۇزلار مۇئاۋىن بۆلۈم مۇدىرى بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ.

ھازىر ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدە 59 نەپەر خادىم بار بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدە ئالىي مۇھەررىر ئۈچ نەپەر، كاندىدات ئالىي مۇھەررىر 16 نەپەر، مۇھەررىر 17 نەپەر، ئۇي-

غۇر بۆلۈم قارىمىقىدا سىياسىي ـ ئىقتىساد تەھرىر ئىشخانىسى، مەدەنىيەت ـ تارىخ تەھرىر ئىشخانىسى، ئەدەبىيات تەھرىر ئىشخانىسى، لۇغەت تەھرىر ئىشخانىسى، «يېرىم ئايلىق سۆھبەت» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسى، «دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسى، «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسى، «تەرمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسى، كىتاب تارقىتىش بۆلۈمى تەسىس قىلىنغان. ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ھەر يىلى 150 ـــ 200 خىل تۈرلۈك تېمىلاردىكى كىتابنى تەھرىرلەپ نەشر قىلىدۇ، ئۇلار نەشر قىلىۋاتقان تۆت خىل ژۇرنالنىڭ يىللىق تارقىتىلىش ئومۇمىي سانى 600 مىڭ پارچىدىن ئاشىدۇ.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى كەسپىي ئىش تەقسىماتى بىرقەدەر ئىنچىكە بولغان ئۇنىۋېرسال تەھرىر بۆلۈم. تەھرىر بۆلۈمدىكى خادىملار يۇقىرى سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاغا ئىگە بولۇپ، ئىلمىيلىكى، تېخنىكا تەلىپى بىرقەدەر زور، قىيىنلىق دەرىجىسى يۇقىرى تۈرلۈك كىتابلارنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرلىك ۋە كوررېكتورلۇق ۋەزىپىسىنى ئورۇندىيالايدۇ.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى قۇرۇلغان 50 يىلدىن بۇيان، نەشرىيات پارتكومىنىڭ يېتەكچىلىكىدە نەشرىيات خىزمىتىنى خەلق ئۈچۈن، سوتسىيالىزم ئۈچۈن مۇلازىمەت قىلدۇرۇش توپ فاڭجېنىدا ئىزچىل چىڭ تۇرۇپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش، تېماتىكىلىق پىلاننى سەرخىللاشتۇرۇش، سۈپەتنى ئۆستۈرۈشتىن ئىبارەت باش تەلەپنى چىقىش قىلىپ، پارتىيىنىڭ مەركىزىي خىزمىتىنى چۆرىدىگەن ھالدا سىياسىي، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، تارىخ، ئەدەبىيات، ھەربىي ئىشلار، پەن ـ تېخنىكا، ئۆسمۈرلەر ئوقۇشلۇقى ۋە دەرسلىك قاتارلىق ساھەلەرگە تەۋە كىتابلارنى نەشر قىلىپ تارقاتتى. خەلقنىڭ مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش، ئىككى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشنى ئىلگىرى سۈرۈش، ۋەتەننىڭ بىرلىكىنى ۋە ھەر مىللەت خەلقىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش جەھەتتە مۇھىم تۆھپە قوشتى.

50 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى كىتابلارنىڭ ئىجتىمائىي ئۈنۈمىنى ئىزچىل ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، پارتىيىنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلىرىنى تەشۋىق قىلىش جەھەتتە مۇھىم رول ئوينىدى. ئالايلۇق، «ماركسىزملىق مىللەت نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ مىللىي سىياسىتى»، «يېڭى دەۋردىكى پارتىيە قۇرۇلۇشى»، «ماركس، ئېنگېلس، لېنىن، ستالىن ئەسەرلىرىدىن تاللانما»، «ج ك پ تارىخىدىكى 100 مەسىلىگە جاۋاب»، «مىللىي تېررىتورىيىلىك ئاپتونومىيە قانۇنى ھەققىدە بايان»، «دېھقانلار ئۈچۈن قانۇن بىلىملىرى ئوقۇشلۇقى»، «شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىنىڭ ئومۇمىي ئەھۋالى»، «سۆيۈملۈك يۇرتۇم شىنجاڭ»، «شىنجاڭنىڭ قىسقىچە تارىخى»، «مىللەتلەر ئىتتىپاقى تەربىيىسى ئوقۇشلۇقى»، «دېڭ شياۋپىڭنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋە پاك ـ دىيانەتلىك قۇرۇلۇشى ھەققىدىكى بايانلىرى»، « پۇقرالار ئەخلاق قۇرۇلۇشىنى يولغا قويۇش پروگراممىسى ›نى ئۆگىنىش ئوقۇشلۇقى»، «شىنجاڭ تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭنىڭ مىللەتلەر تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭنىڭ ئىسلام دىنى تارىخىنى توغرا شەرھلەيلى»، «شىنجاڭنىڭ يەرلىك تارىخى»، «پارلاق 50 يىل»، «جياڭ زېمىننىڭ ‹ ئۈچكە ۋەكىللىك قىلىش › توغرىسىدىكى مۇھىم بايانلىرىنى ئۆگىنىشكە دائىر ماتېرىياللاردىن تاللانما» قاتارلىق كىتابلارنى نەشر قىلىپ كۆرۈنەرلىك ئىجتىمائىي ئۈنۈمگە ئېرىشتى.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ئاز سانلىق مىللەت كىتابخانلىرىغا جۇڭگو ۋە چەت ئەللەرنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىنى تەرجىمە قىلىپ تونۇشتۇرۇشنى ئىزچىل مۇھىم ۋەزىپە سۈپىتىدە تۇتۇپ كەلدى. نۆۋەتتە تەرجىمە قىلىنىپ نەشر قىلىنغان جۇڭگونىڭ كلاسسىك ئەسەرلىرىدىن: «قىزىل راۋاقتىكى چۈش»، «سۇ بويىدا»، «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «تارىخىي خاتىرىلەر»، «24 تارىختىكى ئوتتۇرا ئاسىيا تارىخىغا دائىر ماتېرىياللار توپلىمى» قاتارلىقلار؛ ھازىرقى زاماندىكى داڭلىق ئەسەرلەردىن: «ئائىلە»، «كۈز»، «باھار»، «تۇن يانغاندا»، «جۇڭگولۇقلار»، «باھادىر شاھ لى زىچېڭ»، «گاۋ يۇباۋ»، «يۈز مىڭ نېمە ئۈچۈن»، «ياشلىق ناخشىسى»، «قىزىل قىيا»، «كىشىلىك ھايات»، «ئانا تۇپراق» قاتارلىقلار؛ لۇشۈن ئەسەرلىرىدىن: «لۇشۈننىڭ ھېكايە، شېئىر، نەسرلىرىدىن تاللانما»، « AQ نىڭ تەرجىمىھالى»، «تېڭىرقاش»، «لۇشۈن مەكتۇپلىرى»، «لۇشۈن زاۋېنلىرى»، «تاغدىن ـ باغدىن»، «ئىسسىق شامال»،

«سەۋدايى خاتىرىسى» قاتارلىقلار؛ چەت ئەلنىڭ داڭلىق ئەسەرلىرىدىن: «مىڭ بىر كېچە»، «دون كىخوت»، «سپارتاك»، «هالاكەت»، «جازانىخور»، «گراف مونتى ـ كرىستو»، «بوۋارى خانىم»، «چىڭگىزخان»، «دېڭىز سەرگەردانى روبىنزون كروزو»، «فائۇست»، «قىزىل ۋە قارا»، «خارلانغانلار»، «هومېر داستانلىرى»، «هايات»، «ئاتامان»، «ئەنسىز يىللاردىكى نازىنىن»، «دۇنيانى زىلزىلىگە سالغان ئون كۈن»، «يۈز يىل غېرىبلىق»، «قۇرئاندىكى قىسسىلەر»، «پولات قانداق تاۋلاندى»، «ئىزوپ مەسەللىرى»، «دەھشەتلىك تېھران» قاتارلىقلار؛ رەتلىنىپ نەشرگە تەييارلانغان ئەسەرلەردىن: «تۈركىي تىللار دىۋانى»، «قۇتادغۇبىلىك»، «ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتىدىن نەمۇنىلەر» قاتارلىقلار بار.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى كىتابلىرىنىڭ رايون ۋە مىللىي ئالاھىدىلىكىگە ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى ھەم تۆۋەندىكى ئەسەرلەرنى نەشر قىلدى: «ئىز»، «ئويغانغان زېمىن»، «ئابدۇخالىق ئۇيغۇر شېئىرلىرىدىن تاللانما»، «يىپەك يولىدىكى مۇزىكا مەدەنىيىتى»، «ئۇيغۇر ئېتنوگرافىيىسى»، «ئۇيغۇر خەلق چۆچەكلىرى»، «شىنجاڭدىكى مىڭ ئۆيلەر — تۇرپان بېزەكلىك مىڭ ئۆيى»، «شىنجاڭنىڭ ئالاھىدە يېمەكلىكلىرى»، «ئۇيغۇر تېبابەتچىلىك قوللانمىسى»، «يىراقتىكى كىشىلەر»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە لۇغەت»، «ئۇيغۇرچە ـ خەنزۇچە لۇغەت»، «ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە لۇغەت»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە دۇنيا يەر ناملىرى لۇغىتى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە دۇنيا تارىخ لۇغىتى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ھەربىي ئاتالغۇلار لۇغىتى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە دىن لۇغىتى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە دۇنيا مىللەتلىرى لۇغىتى»، «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە ـ ئىنگلىزچە ئادەم ئىسىملىرى لۇغىتى»، «خەنزۇچە ـ رۇسچە ـ ئۇيغۇرچە سوۋېت كىشى ئىسىملىرى لۇغىتى» قاتارلىقلار.

50 يىلدىن بۇيان، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى كۆپ كىتاب چىقىرىش، ياخشى كىتاب چىقىرىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، ياش، ئوتتۇرا ياش مۇھەررىرلەر، كوررېكتورلار قوشۇنىنى تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىپ، نەشرىيات خادىملىرىنىڭ سىياسىي ۋە كەسپىي ساپاسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ مىللىي نەشرىياتچىلىق ئىشلىرىنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن ياخشى ئاساس سالدى. ئۇلار نەشر قىلغان 80 نەچچە خىل كىتاب ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا دۆلەتلىك ۋە ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كىتاب مۇكاپاتىغا ئېرىشتى.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان ئىسلاھات، ئېچىۋېتىشنىڭ ئۈزلۈكسىز چوڭقۇرلىشىشىغا ئەگىشىپ، ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ئىدىيىنى تېخىمۇ ئازاد قىلىپ، كۆزقاراشنى يېڭىلاپ، كىتاب ـ ژۇرناللارنىڭ ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق، مۇھەررىر، كوررېكتورلارنىڭ خىزمەت ئاكتىپچانلىقىنى قوزغاشقا پايدىلىق، يولداشلارنىڭ خىزمەت ۋە تۇرمۇش شارائىتىنى ياخشىلاشقا پايدىلىق يۈرۈشلەشكەن ئىسلاھات تەدبىرلىرى ۋە لايىھىسىنى تۈزۈپ ۋە يولغا قويۇپ، بىرقەدەر ياخشى ئىجتىمائىي ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈم ياراتتى.

ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىنىڭ يېقىنقى ئىككى يىلدىن بۇيانقى ئىدىيىنى ئازاد قىلىش، كۆزقاراشنى يېڭىلاش ئىسلاھاتى خەلق نەشرىياتىدا 49 يىلدىن بۇيان داۋاملىشىپ كېلىۋاتقان ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىسىز بولغان، ئىقتىسادىي تەرەققىيات قانۇنىيىتىگە ماس كەلمەيدىغان ئەنئەنىۋى ئىدىيە، ئەنئەنىۋى قاراش ۋە ئىلمىي بولمىغان باشقۇرۇش رامكىسىنى بۇزۇپ، بۆلۈم خىزمىتىنى ئىقتىسادىي ھەم ئىجتىمائىي قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرىدىغان ساغلام تەرەققىيات يولىغا باشلاپ ماڭدى. نۆۋەتتە، كۆپچىلىكنىڭ روھىي قىياپىتىدە زور ئۆزگىرىش بولدى، خىزمەت ئاكتىپچانلىقى ئۆستى، ئىچكى جەھەتتىكى باشقۇرۇش راۋانلاشتى، ئىدىيىۋى قاراش تەدرىجىي يېڭىلاندى، بۆلۈمنىڭ ئىتتىپاقلىقى، ئۇيۇشۇشچانلىقى ئىلگىرىكى ھەرقانداق چاغدىكىدىن ياخشى بولدى.

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى ھازىر ئىسلاھاتنى تېخىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، پايدىلىق تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، يېتەرسىزلىكلەرنى تولۇقلاپ، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، تېماتىكىلىق پىلاننى ئەلالاشتۇرۇپ، ئىسلاھات جەريانىدا داۋاملىق ئىزدىنىپ، داۋاملىق ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

**(تەييارلىغۇچى: ئا. ت. مۇراد)**

# كۆزگە كۆرۈنگەن تىلشۇناس، پروفېسسور يولداش تۇرسۇن ئايۇپ ۋاپات بولدى



جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، تۈركىي تىللار پروفېسسورى، جۇڭگو تۈركىي تىللار جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، جۇڭگو ئۇيغۇر تارىخى - مەدەنىيىتى تەتقىقات جەمئىيىتىنىڭ دائىمىي ئەزاسى ۋە قوشۇمچە مۇئاۋىن باش كاتىپى، شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئاتالغۇلارنى قېلىپلاشتۇرۇپ بېكىتىش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى يولداش تۇرسۇن ئايۇپ مېڭە قان تومۇرى توسۇلۇش سەۋەبىدىن قۇتقۇزۇش ئۈنۈم بەرمەي، 2003 - يىلى 4 - ئاينىڭ 8 - كۈنى بېيجىڭ ۋاقتى سائەت 18 . 00 دە بېيجىڭدا 56 يېشىدا ئالەمدىن ئۆتتى.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپ 1947 - يىلى 2 - ئايدا قورغاس ناھىيىسىدە تۇغۇلغان. باشلانغۇچ ۋە ئوتتۇرا مەكتەپلەرنى قورغاستا ئوقۇغان. 1965 - يىلدىن 1968 - يىلغىچە سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتىدا ئوقۇغان. 1968 - يىلى 10 - ئايدىن 1971 - يىلى 10 - ئايغىچە شىنجاڭدا ئىشلىگەن. 1971 - يىل 10 - ئايدا سابىق مەركىزىي مىللەتلەر ئىنستىتۇتى (ھازىرقى مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى)غا يۆتكىلىپ بارغان، شۇنىڭدىن باشلاپ ھازىرغا قەدەر بۇ مەكتەپتە ئوقۇتۇش بىلەن شۇغۇللىنىپ كەلگەنىدى. يولداش تۇرسۇن ئايۇپ ئوقۇتۇش جەريانىدا ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ فاكۇلتېتنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، فاكۇلتېت پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ شۇجىسى، ئاز سانلىق مىللەتلەر تىل - ئەدەبىياتى ئىنستىتۇتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، ئىنستىتۇت پارتكومىنىڭ شۇجىسى ۋە مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مەكتەپ ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، ئۇنۋان باھالاش كومىتېتىنىڭ ئەزاسى قاتارلىق ۋەزىپىلەرنى ئۈستىگە ئالغان.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپ پارتىيىمىز يېتىشتۈرگەن مۇنەۋۋەر مائارىپچى، شۇنداقلا مەسئۇلىيەتچان تەتقىقاتچى ئىدى. ئۇ خىزمەتكە قاتناشقان 35 يىل جەريانىدا، ئېلىمىزنىڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر مائارىپ ئىشلىرىنى قىزغىن سۆيۈپ، ئاز سانلىق مىللەت تىل مائارىپىنىڭ سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جانپىدالىق بىلەن ئىشلىگەن: ئوقۇتۇش جەريانىدا قېتىرقىنىپ ئىزدىنىپ، تولۇق كۇرس ئوقۇغۇچىلىرى، ئاسپىرانتلار ۋە چەت ئەللىك ئوقۇغۇچىلارغا قارىتا «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى»، «قەدىمكى تۈركىي تىلى مەدەنىي يادىكارلىقلار گراماتىكىسى»، «ئۇيغۇر تىلى تارىخى» قاتارلىق ئون خىل كەسپىنى ئاچقان؛ مەكتەپ ۋە ئىنستىتۇت، فاكۇلتېتلارنىڭ كونكرېت ئوقۇتۇش خىزمىتىگە رەھبەرلىك قىلىش جەريانىدا، ئوقۇتۇش مېتودى بىلەن ئوقۇتۇش سۈپىتىنى يۇقىرى كۆتۈرۈش ۋە ئوقۇغۇچىلارنىڭ كەسىپ ئۆگىنىش قىزغىنلىقىنى قوزغاش جەھەتلەردە كۆپلىگەن ئەمەلىي خىزمەتلەرنى ئىشلىگەن؛ ئوقۇتۇش بىلەن ئەمەلىي تەتقىقاتنى زىچ بىرلەشتۈرۈپ «قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى ‹ئالتۇن يارۇق›»، «قەدىمكى ئۇيغۇر يادىكارلىقلىرىدىن تاللانمىلار»، «ئەتەبەتۇلھەقايىق» قاتارلىق كۆپلىگەن دۆلەت دەرىجىلىك نۇقتىلىق تېمىلارنى تاماملىغاندىن باشقا، «قەدىمكى ئۇيغۇر تىلى دەرسلىكى» قاتارلىق مەخسۇس ئەسەرلەرنى ۋە كۆپلىگەن تەتقىقات ماقالىلىرىنى ئېلان قىلىپ، ئېلىمىزنىڭ تۈركولوگىيە ساھەسىگە، جۈملىدىن قەدىمكى تۈركىي تىلى تەتقىقاتى ساھەسىگە زور تۆھپە قوشقان؛ تەكلىپ بىلەن چەت ئەللەرگە چىقىپ كۆپ قېتىم دەرس ئۆتۈپ، ئېلىمىزنىڭ چەت ئەللەر بىلەن بولغان ئىلىم - مەدەنىيەت ئالماشتۇرۇش ئىشلىرىغا، شۇنداقلا دۇنيا تۈركولوگىيە تەتقىقاتىغا تېگىشلىك تۆھپىلەرنى قوشقان. يولداش تۇرسۇن ئايۇپ خىزمەتتىكى كۆرۈنەرلىك نەتىجىلىرى بىلەن بېيجىڭ شەھەرلىك «ئەمگەك نەمۇنىچىسى» دېگەن شەرەپلىك نامغا ئېرىشكەن.

يولداش تۇرسۇن ئايۇپ بەختكە قارشى ۋاپات بولدى. ئېلىمىزدىكى ھەر مىللەت تىل تەتقىقات ۋە مائارىپ خادىملىرى بىر ياخشى كەسپدىشىدىن ئايرىلدى. ئۇ بىز ئۈچۈن ھەم ئۇستاز، ھەم مەسلەكداش ئىدى. بىز مەرھۇمنىڭ ۋاپاتىدىن قاتتىق قايغۇرىمىز، مەرھۇمنى مەڭگۇ ياد ئېتىمىز!

# ژۇرنىلىمىزغا ئەسەر ئەۋەتكۈچىلەر سەمىگە

ژۇرنىلىمىز تىل ـ يېزىق ۋە تەرجىمە ساھەسى بويىچە دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارادا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان ئۇيغۇر يېزىقىدىكى بىردىنبىر ئىلمىي ژۇرنال. بىز بارلىق ئاپتورلارنىڭ تىل ـ يېزىق ۋە تەرجىمە ساھەسىگە بېغىشلانغان يۇقىرى سەۋىيىلىك ئىلمىي ئەسەرلەرنى ئۈزلۈكسىز ئەۋەتىپ تۇرۇشىنى ئۈمىد قىلىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە ژۇرنىلىمىزغا ماقالە ئەۋەتكۈچىلەرنىڭ ئۆز ئەسەرلىرىنى تۆۋەندىكى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن قىلىپ يېزىشىنى ئالاھىدە ئەسكەرتىمىز:

1. ئورگىنالنىڭ باش قىسمىغا ماقالە ماۋزۇسى، ئاپتور ئىسمى، ئاپتورنىڭ خىزمەت ئورنى ياكى ئادرېسى، ئاپتور تۇرۇشلۇق ناھىيە (شەھەر)نىڭ نامى، پوچتا نومۇرى ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. ئۇنىڭدىن كېيىن 5 ـ 6 قۇر ئەتراپىدا قىسقىچە مەزمۇنى ۋە ماقالىدە كۆپ ئۇچرايدىغان سۆزدىن 3 ـ 8 سۆز «ئاچقۇچلۇق سۆزلەر: ...» دەپ بېرىلىشى لازىم. «قىسقىچە مەزمۇنى»دا ماقالىدىكى مۇھىم مەزمۇن ۋە ئوتتۇرىغا قويۇلغان ئاساسلىق نۇقتىئىنەزەر ئېنىق يېزىلىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىللە ، ئىمكانىيىتى بارلارنىڭ ماقالە ماۋزۇسى بىلەن ئۆز ئىسىم-فامىلىسى ۋە ئادرېسىنىڭ خەنزۇچىسىنى ئۆلچەملىك يېزىپ قويۇشىنى ئالاھىدە ئۈمىد قىلىمىز.

2. ئورگىنالنىڭ ئىملاسى توغرا بولۇشى، تېكست ئىچىدە كەلگەن ئۇيغۇر كونا يېزىقىدىن باشقا ھەرقانداق يېزىقتىكى يازمىلار باسما شەكلىدە ئوچۇق يېزىلىشى، قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن ئورگىنال بولسا بېسىپ چىقىرىلغان نۇسخىسى چاپلاپ قويۇلغان بولۇشى كېرەك.

3. تەرجىمە قىلىش ياكى باشقا تىلدىكى مەنبەلەردىن پايدىلىنىش ئارقىلىق ماقالىگە كىرگۈزۈلگەن ئۇيغۇرلاردىن باشقا ھەرقانداق مىللەتكە تەۋە بولغان كىشى ئىسىملىرى، يەر ـ جاي نامىلىرى ۋە ئۇيغۇرچىدا تېخى ئومۇملاشمىغان ئاتالغۇلارنىڭ ئەسلىي مەنبە تىلدىكى يېزىلىشى تىرناق ئىچىدە ئەسكەرتىلىشى كېرەك (بىزدە ئومۇملىشىپ بىرلىككە كېلىپ بولغانلىرى بۇنىڭ سىرتىدا).

4. مىسال قىلىپ ئېلىنغان ياكى تېكست ئىچىدە كەلگەن باشقا مىللەت تىلىدىكى سۆز ـ جۈملىلەرنىڭ ئۇيغۇرچە توغرا تەرجىمىسى تىرناق ئىچىدە ئېنىق بېرىلىشى كېرەك (پايدىلانمىلارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ).

5. ماقالە يېزىشتا پايدىلانغان ماتېرىياللار «پايدىلانمىلار:» دەپ، تۆۋەندىكى تەرتىپ بويىچە رەتلىك يېزىلىشى كېرەك:

[رەت نومۇرى] ئەسەر ئىگىسىنىڭ نامى: ئەسەر نامى (ئەگەر ئۇ ئەسەر توپلام، ژۇرنال، گېزىتلەرگە بېسىلغان بولسا، بېسىلغان نەشر بۇيۇمىنىڭ نامىدىن كېيىن توپلامنىڭ جىلد نومۇرى، ژۇرنالنىڭ يىل سانى، گېزىتنىڭ نەشر قىلىنغان يىل، ئاي، كۈنى بېرىلگەندىن كېيىن بەت نومۇرى بېرىلىدۇ). نەشر قىلىنغان جاي ئىسمى: نەشر قىلغۇچى، نەشر قىلىنغان ۋاقتى. پايدىلانغان بۆلەكنىڭ بەت نومۇرى (ئۈلگىسىنى ژۇرنىلىمىزدىكى ماقالىلەردىن كۆرۈڭ!)

6. بىز ئاپتورلارنىڭ ئورگىناللىرىنى ئىمكانىيەتنىڭ بارىچە كومپيۇتېردا بېسىپ چىقىرىشىنى ۋە ئورگىنالغا قوشۇپ ئىمكان بار ماقالە دىسكىسىنى (فاڭجېڭ سىستېمىسىدا ئۇرۇلغان بولۇشى كېرەك) بىللە ئەۋەتىشىنى قارشى ئالىمىز. بېسىپ چىقارغان ئورگىنالنىڭ خەتلىرى ئوچۇق، چوڭ ( 3 ـ ھەرپ)، قۇر ئارىلىقى كەڭ بولۇشى، بىر بەتتە 20 قۇردىن ئېشىپ كەتمەسلىكى كېرەك؛ قول بىلەن كۆچۈرۈلگەن ماقالىلەر 13 ـ 15 قۇرلۇق ئورگىنالغا رەتلىك، ئوچۇق يېزىلىشى، قەغەز يانلىرىدىكى بوش ئورۇنلار ئاق قالدۇرۇلۇشى كېرەك.

7. ئالاقىگە ئاسان بولۇش ئۈچۈن ماقالە ئاخىرىغا ئاپتورنىڭ ئۆز ئىسمى ۋە ئالاقىلىشىش تېلېفونى (ئىشخانا، ئۆي ۋە چاقىرغۇ نومۇرلىرىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تولۇق يېزىلىشى كېرەك.

8. تەھرىر بۆلۈمىمىزگە كەلگەن ئورگىناللار ئىشلىتىلسۇن ـ ئىشلىتىلمىسۇن، بىردەك قايتۇرۇلمايدۇ. شۇڭا، ئاپتورلار بىر نۇسخىنى ئۆزلىرى ساقلىشى كېرەك.

مۇشۇ ئېلان بېرىلگەن كۈندىن باشلاپ، يۇقىرىقى تەلەپلەرگە ئۇيغۇن يېزىلمىغان ئورگىناللار قوبۇل قىلىنمايدۇ. بارلىق ئاپتورلارنىڭ ھەمكارلىشىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.

ژۇرنىلىمىز نەشردىن چىقىپ بىر ئاي ئىچىدە ، ژۇرنىلىمىزدىكى ئىملا خاتالىقنى بايقاپ ، بىزگە تۇنجى بولۇپ مەلۇم قىلغۇچىغا خاتا كەتكەن ھەربىر ھەرپ ئۈچۈن بىر يۈەندىن نەق پۇل مۇكاپات بېرىلىدۇ.

**«تىل ۋە تەرجىمە» ژۇرنىلى تەھرىراتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

# ئىسلاھات ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



بۆلۈم رەھبەرلىرى ھەرقايسى تەھرىر ئىشخانىلىرىنىڭ مەسئۇللىرى بىلەن پىكىرلەشمەكتە.



سىياسىي- ئىقتىساد تەھرىر ئىشخانىسىدىكى خادىملار



ئەدەبىيات تەھرىر ئىشخانىسىدىكى خادىملار



لۇغەت تەھرىر ئىشخانىسىدىكى خادىملار



مەدەنىيەت- تارىخ تەھرىر ئىشخانىسىدىكى خادىملار



«دۇنيا ئەدەبىياتى» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسى، «بۇلاق» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسى، «تەرمىلەر» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسىدىكى خادىملار



«[illegible]» ژۇرنىلى تەھرىر ئىشخانىسىدىكى خادىملار



كىتاب تارقىتىش بۆلۈمىدىكى خادىملار

# ئىسلاھات ئارقىلىق ئۈزلۈكسىز ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقان شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىكى بارلىق خادىملار



بۆلۈم رەھبەرلىرى نەشرىيات رەھبەرلىرى بىلەن ئىسلاھات مەسىلىلىرى توغرىسىدا سۆزلەشمەكتە.



بۆلۈم مۇدىرى دىلشات رەھمىتۇللا سۇلتان (سولدىن 1 ـ كىشى) بۆلۈم رەھبەرلىرى بىلەن خىزمەت ئۈستىدە مۇزاكىرىلەشمەكتە.


国际标准刊号: ISSN1002—9036
国内统一刊号: CN65—1016/H
国外发行刊号: Q1114
邮局代号 : 58—16
定 价 : 5.00元

خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN1002—9036
مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65—1016/H
چەت ئەللەرگە تارقىتىش نومۇرى: Q1114
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58—16
باھاسى: 5.00 يۈەن